ئۇيغۇر شىۋىلىرى سۆزلۈگى

غۇلام غوپۇرى تۈزگەن

مىللەتلەر نەشرىياتى

مۇندەرىجە

«سۈزلۈك»نىڭ تۈزۈلۈش تەرتىۋى .... (1)

«سۈزلۈك»نىڭ ئېلىپبە تەرتىۋى .... (1)

«سۈزلۈك»تىكى قىسقارتىلغان سۆزلەر .... (2)

ئۇيغۇر شىۋىلىرى توغرىسىدا........................ (1)

«سۈزلۈك»نىڭ تېكىستى........................ (1)

«سۆزلۈك»نىڭ تۈزۈلۈش تەرتىۋى

1. «سۆزلۈك»كە جەمئىي 4 مىڭغا يېقىن سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسى كىرگۈزۈلدى. مەتبۇئات ۋە نەشرىياتچىلىقتىكى ئەھمىيىتى كۆپرەك كۆزدە تۇتۇلغىنى ئۈچۈن، قائىدىلىك فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشتە كۆرۈلىدىغان سۆزلەر ئاساسەن كىرگۈزۈلمىدى.

2. «سۆزلۈك»كە كىرگۈزۈلگەن ھەر بىر سۆزنىڭ مەنىسى ھازىرقى ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈرۈلدى. سۆزلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىگە كۆپىنچە شۇ سۆزلەر قاتناشقان ماقال-تەمسىل، بېيىت، قوشاق ۋە تېپىشماقلاردىن مىساللار كەلتۈرۈلدى. مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئالدىنقىسى چۈشەندۈرۈلدى، كېيىنكىسى چۈشەندۈرۈلمەي، ئالدىنقىسىغا قاراشقا تاپشۇرۇلدى.

3. شۇۋە رايونى بىرقەدەر ئېنىق بولغان سۆزلەرنىڭ تەۋەلىگى قىسقارتىلىپ كۆرسىتىپ قويۇلدى، ئېنىق بولمىغانلىرى ياكى بىرقانچە رايوندا تەڭ قوللىنىلىدىغانلىرىنىڭ تەۋەلىكى كۆرسىتىلمىدى.

4. سۆزلەرنىڭ باشقا-باشقا مەنىلىرى چېكىتلىك پەش بىلەن ئايرىلدى. كەلتۈرۈلگەن مىساللارنىڭ ئالدىغا قوش چېكىت قويۇلدى ياكى "م:" بەلگىسى بېرىلدى. كۆچمە مەنە ئۈچۈن سۆزنىڭ ئالدىغا "كۆچمە:" بەلگىسى بېرىلدى.

5. «سۆزلۈك»كە كىرگۈزۈلگەن سۆزلەر ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە بېرىلدى.

«سۆزلۈك»نىڭ ئېلىپبە تەرتىۋى

ئا...................(1)
ئە...................(19)
ب...................(25)
پ...................(44)
ت...................(59)
ج...................(86)
چ...................(98)
خ...................(120)
د...................(126)
ر...................(140)
ز...................(143)
س...................(146)
ش...................(169)
غ...................(179)
ق...................(186)
ك...................(205)
گ...................(222)
ل...................(228)
م...................(234)
ن...................(243)
ھ...................(246)
ئو، و...................(252)
ئۇ، ۇ...................(259)
ئۆ، ۆ...................(264)
ئۈ، ۈ...................(270)
ۋ...................(272)
ئې، ې...................(274)
ئى، ى...................(278)
ي...................(285)

«سۆزلۈك»تىكى قىسقارتىلما سۆزلەر

ل — لوپنۇر
خ — خوتەن
قە — قەشقەر
قۇ — قۇمۇل
ت — تۇرپان

ئا — ئاقسۇ
غ — غۇلجا
كۇ — كۇچار
كۆچمە — كۆچمە مەنىسى

ئۇيغۇر شېۋىلىرى توغرىسىدا

شېۋىلەر بىر مىللەتكە ئورتاق بولغان مىللىي تىلنىڭ ئۇلى. بەزى مىللىي تىللار بىرقانچە شېۋىنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا بىر بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆزئارا ئايرىمىلىقلارنى ئازايتىپ، ئورتاقلىقنى كۆپەيتىپ، بىر بىرىگە يېقىنلىشىشى ئارقىسىدا، ئۇلاردىن مەلۇم بىر شېۋىنى ئاساس قىلغان ھالدا شەكىللىنىدۇ. ئاساس قىلىنغان بۇ شېۋە تىلشۇناسلىقتا "يېتەكچى دىئالېكت" دېيىلىدۇ. ئالايلى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى قەشقەر، ئاقسۇ، قۇمۇل، تۇرپان، ئىلى ۋە ئۈرۈمچى شېۋىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەركىزىي دىئالېكت ئاساسىدا شەكىللەنگەن، ئۈرۈمچى شەھىرى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدىنىي مەركىزى بولۇپ كەلگەچكە، ئۈرۈمچى تەلەپپۇزى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېتەكچى تەلەپپۇزى بولۇپ قالماقتا.

تىل ئىجتىمائىي ئالاقە قورالى بولۇش سۈپىتى بىلەن كۈچلۈك تۇراقلىققا ئىگە بولغانلىقتىن، ئورتاق مىللىي تىل بىلەن يەرلىك شېۋىلەر ئوتتۇرىسىدا، مىللىي ئەدەبىي تىلنىڭ پۈتۈنلەي ئومۇملاشقىنىغىچە بولغان خېلى ئۇزاق بىر دەۋر ئىچىدە، تىلنىڭ ئۈچ تەركىبىي قىسمى بويىچە بەزى ئۆزگىچىلىكلەر مەۋجۇت

بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئۆزگىچىلىكلەر ئىچىدە فونېتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق پەرقلەر كۆپرەك، گىراماتىكىغا ئائىت پەرقلەر ئازراق بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئورتاق مىللىي تىل بىلەن ھەرقايسى شىۋىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق پەرقلەرنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ، يەنى بەزى شىۋىلەر بىلەن مىللىي ئەدەبىي تىل ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ئانچە زور بولمايدۇ، بەزىلىرىدە بولسا بۇنداق پەرقلەر خېلى گەۋدىلىك بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىنى ئالساق، ئالدى بىلەن لوپنۇر دىئالېكتى، ئاندىن قالسا خوتەن دىئالېكتى بۇ جەھەتتە ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، لوپنۇر دىئالېكتىدا سۆزنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى بوغۇملىرىدىكى "ئا، ئە" تاۋۇشلىرىنىڭ ئاجىزلاشماسلىقى، سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى "ئو، ئۆ" تاۋۇشلىرىنىڭ كېيىنكى بوغۇملاردىكى سوزۇق تاۋۇشلارغا لەۋلەشتۈرۈش تەسىرىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئوك ئاسسىمىلاتسىيىسىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، ھازىرقى كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ بىرئاز قەدىمقى شەكىلدە قوللىنىلىشى قاتارلىقلار، خوتەن دىئالېكتىدا "ل" بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللار ھازىرقى كەلگۈسى زامان بىلەن تۈرلەنگەندە "ل" تاۋۇشى بىلەن كەلگەن بوغۇمنىڭ چۈشۈپ قېلىشى، پېئىل يىلتىزلىرىنىڭ كەينىگە غاق // قاق // گەك // كەك // ،غۇلۇق // قۇلۇق // گۈلۈك // كۈلۈك، لىغ // لىگ قاتارلىق قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ سۈپەتداش ياسىلىشى ۋە بۇنداق سۈپەتداشلارنىڭ جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىشى قاتارلىقلار ئەدەبىي تىل بىلەن فونېتىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق جەھەتلەردىكى ئالاھىدە پەرقلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ.

Altun0q

مەركىزىي دىئالېكت دائىرىسىگە كىرگەن ھەرقايسى شىۋىلەردىمۇ بۇنداق پەرقلەر بار، لېكىن يۇقۇرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن دىئالېكتلارغا نىسبەتەن ئانچە چوڭ ئەمەس.

شىۋىلەردە مىللىي ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسى قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، مىللىي ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەرگە ئوخشىمايدىغان بىر تۈركۈم سۆزلەر قوللىنىلىدۇ. مانا شۇنداق سۆزلەر "شىۋە" دېيىلىدۇ. بۇنداق سۆزلەر مىللىي ئەدەبىي تىل بىلەن شىۋىلەر ئوتتۇرىسىدىكى لېكسىكىلىق پەرقنى شەكىللەندۈرىدۇ.

شىۋە سۆزلىرىنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى بىرلا شىۋە رايونىدا، يەنە بەزىلىرى بىرقانچە شىۋە رايونىدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، ئالۇن-ئالۇۋۇن (ساراپ)، ئارۋاق (سېھىر)، گۆسمە (غەيۋەت)، قارنى يورۇق (كاۋاۋىچىن، خاجۇ)، ئايىغا باقار (ئاپتاپپەرەس)، چاقچىلقاي (ئالدىراشلىق)، شىراغول (گەپ ئۆتمەس)، تاسقىر (سار)، سۇمال (تاغار)، چىقار (مەنبە، كېلىپ چىققان يېرى)، چىقما (مەھسۇلات)، خالو (نوغۇچ)، لالو (زەمبىل)، چىڭكىرىش (چىداملىق-پۇختا)، شومىچى (كۆز-كۆز قىلغۇچى، داغۋاز)، سوتۇق (ئاھاڭ، كوي) دېگەن سۆزلەر قۇمۇلدىلا قوللىنىلىدۇ. جوغدۇن (تىتىك)، ئۈكەركە (ئەجەپ، چىرايلىق) دېگەن سۆزلەر قۇمۇلنىڭ بەلگىلىك بىر تاغ رايونىدىلا قوللىنىلىدۇ. سۇرمۇل (ئىشنىڭ ئېپى)، سارسىماق (دۇشكەلىمەك، خارلىماق)، مۇكول-تىقىل (قاتتىق-قۇرۇق، ئاددى) دېگەن سۆزلەر تۇرپاندىلا قوللىنىلىدۇ. سونۇ (غەلىتە، ئاجايىپ)، سونۇرقىماق (ئەجەپ-

لەنمەك)، سىرتىق (خەۋەر، ئۇچۇر، نەتىجە) دىگەن سۆزلەر قۇمۇل، تۇرپان، كورلا ئەتراپلىرىدا (سىرتىق سۆزى ئاتۇش، مەكىتلەردە "سىيتىق" شەكلىدە كۆرۈلىدۇ) قوللىنىلىدۇ. ساقاق (بېلىقنىڭ نەپەس ئەزاسى)، جۇلاق (ھىلە-نەيرەڭ)، جۇسۇن (پىگورا، تۇرق، ئوبراز)، چاقچىغار (چولپان)، غارغالتا (پورت، ماتۇ)، ئىنە (ئانا)، ئوغىچا (باسماق، تۇزاق) دىگەن سۆزلەر لوپنۇردىلا قوللىنىلىدۇ. قوراماساق (كونا، قەدىمقى)، سارىغۇچ (ئاياللار رومىلىنىڭ بىر خىلى)، توسىرىماق (ھالسىرىماق، كۆچەنمەك)، چۆپچۇل (غورىگۇل، ئاددى)، كېتىۋال (ئاقسال) دىگەن سۆزلەر قەشقەردىلا قوللىنىلىدۇ. جىجىۋىللىق (تەرسالىق، تېرىككەكلىك)، چۆرۈلمە (قىزغا بېرىلىدىغان تويلۇق كىيىم-كېچەك)، بوسۇت (توي قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان سوغا)، تومبالقا (قوپال)، تالجىقماق (تېلىقماق، قاتتىق ھېرىش)، ئۇقاق تارتماق (كۆيۈنمەك، غەم يىمەك)، دىگەنگە ئوخشاش سۆزلەر غۇلجىدىلا قوللىنىلىدۇ. ئازما (شاقىراتما)، بوغۇناق (چاڭ-توزان)، ئورۇنجا (پايىتما)، ئوتىچى (تېۋىپ)، سۇنجاق (پۇتنىڭ سوڭى)، خارەت (ياغاچچى) دىگەن سۆزلەر خوتەندىلا قوللىنىلىدۇ.

شىۋىلەرگە خاس سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇيغۇر شىۋىلىرىدە قوللىنىلىۋاتقان بىر قىسىم سۆزلەر ئەسلىدە قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر ئىدى (بۇ سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىغا چەت تىللاردىن، بولۇپمۇ ئەرەپ، پارس تىللىرىدىن كۆپلەپ سۆزلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى بىلەن چەتكە قېقىلىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا قوللىنىلمايـ

دىغان، پەقەت ئايرىم جايلاردىلا قوللىنىلىدىغان بولۇپ قالغان)، يەنە بىر قىسمى بولسا كېيىنكى دەۋرلەردە ھەرقايسى جايلاردا ياساپ قوللىنىلغان سۆزلەردۇر. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىن قالغان سۆزلەرنى ئالساق، قۇمۇلدا قوللىنىلىدىغان: ئاسىغ (پايدا)، ئەلكۈن (خالايىق، جامائەت)، ياقا (ئىجارە)، ئۆيلەك (چىمەن)، ئۇيا (قېرىنداش، تۇققان)، ئەردەم (ئەدەپ-ئەخلاق)، كۆلۈك (يۈك توشۇيدىغان ئۇلاق)، كۆندۈك (سىغىزدىن ياسالغان ئاشلىق ساندۇغى)، تۇرما (لوبو) دىگەنگە ئوخشاش سۆزلەر؛ خوتەندە قوللىنىلىدىغان: ئالتىن (ئاستىن)، ئاران (ئېغىل)، ئاغماق (يۇقۇرىغا ئۆرلىمەك)، ئاياق (ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان قاچا)، ئوماي (ئەش-ھەمرا)، تۇم (سوغۇق) دىگەنگە ئوخشاش سۆزلەر؛ لوپنۇردا قوللىنىلىدىغان: ياڭگۇ (ئەكس سادا)، ئوتاچى (تېۋىپ)، قاراچى (پۇقرا)، سات (پەيت-پۇرسەت) دىگەنگە ئوخشاش سۆزلەر، شۇنىڭدەك باشقا جايلاردا قوللىنىلىدىغان: بېغىرساق (ۋاپادار، سادىق)، يېقى-يۇقى (شىرەم) دىگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بۇنىڭ مىسالىدۇر. ئۆرمەك (قىل تاغار)، تۈگۈۋاش (جوۋاۋا)، تۈگمىگۈل (ھىندىستان گۈلى)، ئۇسقاق (چۆمۈچ)، باسقۇچ (شوتا، پەلەمپەي)، چىمالتا (گوجەي)، يۆگۈمەچ (خۇاجەر، ھونان)، سايلاتما (پىشايۋان) دىگەنگە ئوخشاش سۆزلەر قۇمۇل، لوپنۇر ۋە باشقا جايلاردا كېيىنكى ۋاقىتلاردا ياساپ قوللىنىلغان سۆزلەردۇر. غولچىراق (قول ئېلېكترى)، قوپارغۇ (دامكرات)، ئوزغۇن (بىرىنچى، چىمپىيون)، قالدۇرۇق يەر (شەخسى ئىگىدارچىلىغىدىكى يەر)، ئاق ئوغۇت (خىمىيۋى ئوغۇت) دىگەنگە ئوخشاش سۆزلەر يېقىنقى

يىللاردا ھەرقايسى جايلاردا ياسالغان سۆزلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئەدەبىي تىلغا كىرگۈزۈلۈپ، تۈرلۈك ئەسەرلەردە ئىشلىتىلمەكتە.

شىۋىلەردە تۈپ سۆزلەردىن باشقا، ياسالما سۆز، جۈپ سۆز، بىرىككەن سۆز ۋە تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ، مەسىلەن، ياداي-چۇداي (ئاددى، غورىگۈل)، قەل-قامشىق (قاملاشقان)، قارا گۇجۇر (قارىسىغا)، ئارۋاڭ-سارۋاڭ (قاملاشمىغان، ئىسكەتسىز)، قىغىل-تاغىل (غاراڭ-غۇرۇڭ)، ئۆگەن-سۆگەن (نۇقسان)، مول-كول (ئېشىپ-تېشىپ تۇرغان)، چىپقىل-چۇقۇل (جاپا-مۇشەققەت تارتىپ قېلىش) دېگەنگە ئوخشاش جۈپ سۆزلەر؛ قاپچى (يالغانچى)، شومچى (كۆز-كۆز قىلغۇچى، داغۋاز)، قاقما (مېتىن)، پاسىلداق (قوماچ)، ئاسقۇ (گۆش ئاسىدىغان كانارا)، ئارىچى (سالاكەش) دېگەنگە ئوخشاش ياسالما سۆزلەر؛ كۆكتاشقا مىنمەك، ئوچاق بېشىدىكى داڭقان، چېچەكى چاي بولماق دېگەنگە ئوخشاش تۇراقلىق بىرىكمىلەر بۇنىڭ مىسالى.

شىۋىلەرگە خاس سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ فونېتىكىلىق ۋە سېمانتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرگە ئايرىلىدۇ.

1. بىلدۈرگەن مەنىسى ئەدەبىي تىل بىلەن ئوخشاش، ئەمما تاۋۇش قۇرۇلمىسى ئوخشىمايدىغان سۆزلەر، مەسىلەن، لوپنۇردا: ئايلۇ (قازانچۇق)، ئارغا (ئاۋۇنچۇق)، ئاغالا (ھۆرمەتلە، ئەتىۋارلا)، ئىڭگىلىك (ھالقا، زىرە)، قارىشقا (بۆرە)، لاڭقا (ياغاچ توسما)؛ خوتەندە: ئادارگۈل (شەپەقگۈل)، كاڭكا (چوڭ

سۆەت)، قاۋۇن (مالنىڭ دوۋۇسۇنى)، ئۇدۇك (كۆيۈك، ئىشقى- مۇھەببەت)، قۇز (تەسكەي)؛ غۇلجىدا: ئاپچىرىماق (كىرىشىپ كەتمەك)، جۇسۇنلىماق (تەققى- تۇرقىغا زەڭ قويماق)، چەلگىنىش (ماي باغلاش)؛ قۇمۇلدا: ئالاڭلىق (پاراكەندىچىلىك)، بۆكمەس- لىك (تەسلىم بولماسلىق)، جورۇڭقاي (شەجەرە، نەسەبنامە)، جولو (تىزگىن)، گاشات (غەم-غۇسسە)، ئۇيىقاش (قاپسىيە، قاملىشىش)، كېكىتمە (ھەجۋى)، بۇلتۇلاش (باھانە كۆرسى- تىش)، بەلدىر (دوقمۇش، تۆت كوچا ئاغزى)، چۇچۇلىماق (يېشىنىش، كىيىم سالماق)، چامچا (يەكتەك، ئۇزۇن چاپان) قاتارلىقلار.

2. تاۋۇش قۇرۇلمىسى ئەدەبىي تىل بىلەن ئوخشاش بول- سىمۇ، بىلدۈرگەن مەنىلىرى ئوخشىمايدىغان سۆزلەر. مەسىلەن، "چۆمۈچ، چىۋىن، سوقا، ئۇدۇم، چوڭ دادا" دىگەن سۆزلەرنى ئالساق، بۇ سۆزلەرنىڭ تاۋۇش قۇرۇلمىسى ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ھەرقايسى شىۋىلەردە ئوخشىمىغان مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. ئالايلى، چىۋىن سۆزى لوپنۇردا "پاشا"نى بىلدۈرىدۇ، چىۋىننى ئۇلار "قارا سىڭگەك" دەيدۇ. "سوقا" سۆزى قۇمۇلدا چاي ئىچىدىغان "كورۇچكا"نى بىلدۈرسە، باشقا جايلاردا يەر ھەيدەشكە ئىشلىتىلىدىغان "سوقا"نى ياكى گۈرۈچ ئاقلايدىغان "سوقا"نى بىلدۈرىدۇ. "ئۇدۇم" دىگەن سۆز قۇمۇلدا ئاغزىنى ئۇشتۇش، بىر ئىشنى يامان تەرىپىگە جورۇش ياكى يامانلىقنى تىلەش مەنىسىنى بىلدۈرسە، باشقا جايلاردا "ئىرسىيەت، ئادەت" مەنىسىنى بىلدۈ- رىدۇ. مەسىلەن، قۇمۇلدا "ئۇدۇم قىلىساڭ ئۇلارسەن" دىگەن

Altun0q

ماقال بار. بۇ "بىر ئىشنى يامىنغا ئۆيلىساڭ، شۇ ئىشقا ئۇلىشىپ قالىسەن" دېگەنلىكتۇر. باشقا جايلاردا بىر ئىشتا ئادەتلىنىپ قالغان بولسا، "بۇ ئىش ماڭا ئۇدۇم بولۇپ قاپتۇ" دېيىلىدۇ. "چۆمۈچ" دېگەن سۆزنى ئالساق، جەنۇبىي شىۋىلەردە، بولۇپمۇ قەشقەردە تۆمۈر ياكى ياغاچتىن ياسالغان ساپلىق مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما چۆمۈچنى (يەنى قاپاق چۆمۈچنى) "ئوگاي" دەيدۇ. "چوڭ دادا" دېگەن سۆز غۇلجا، قۇمۇللاردا ئاتىسىنىڭ ئاكىسىنى بىلدۈرسە، قەشقەردە بوۋىسىنى يەنى ئاتىسىنىڭ ئاتىسىنى بىلدۈرىدۇ.

3. بىلدۈرگەن مەنىسى ئەدەبىي تىل بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، تاۋۇش قۇرۇلمىسىدا كۆپىنچە قائىدىلىك فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش كۆرۈلىدىغان سۆزلەر. مەسىلەن، ئۆمەن — ئەۋەن — ئۆگەن؛ تۆۋرۈك — تۆۋۈلۈك — تۆپىلۈك — تۆۋەك؛ ئۆجمە — ئۈژمە — جۆجەم؛ كۆرتە — كۆدە؛ خوتەك — خوتۇق؛ تاۋار — تاگار — تۆگا؛ ۋەسىيەت — گۆسىيەت؛ سوپۇن — سوۋۇن — سوگۇن؛ بىر — بىي — بىژ؛ قارا — قايلا — قالا؛ يانچۇق — ياچۇق؛ ئۆتۈك — ئۆتەك؛ بېلىق — بالىق؛ روجەك — ئورۇجەك؛ يىلتىز — ئىلتىز؛ ساغرۇ — سارو؛ سالجا — شالجا؛ چاقسا — چاقچا — شاخشا دېگەنگە ئوخشاشلار.

4. ئوخشاش يىلتىزغا ئوخشىمايدىغان قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىپ، يەنە ئەدەبىي تىل بىلەن ئوخشاش مەنىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر. مەسىلەن: شالداما — شالدۇرۇق؛ ئوتۇنخانا — ئوتۇنئۆي؛ ئوتاق — ئوتالغۇ؛ ئاتخانا — ئاتقۇتان دېگەنگە ئوخشاشلار.

ى. شىۋە سۆزلىرى قاتارىدا مەنە دائىرىسىنىڭ كەڭ-لىگى ياكى تارلىقى جەھەتتە پەرقلىنىدىغان سۆزلەرمۇ بار. "ئايماق" سۆزى ئەدەبىي تىلدا "ۋىلايەت، ئوبلاست، قەبىلە" دىگەن مەنىلەردە قوللىنىلسا، كەلپىن، يېڭىسار قاتارلىق جايلار-دا "مەھەللە" مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، كۆجۈم ئايماق — ئادەم زىچ جايلاشقان مەھەللە.

ئەدەبىي تىل ئۆز تەرەققىياتىدا شىۋىلەردىن سۆز ئېلىپ، ئۆزىنى تولۇقلاپ ۋە تېخىمۇ بېيىتىپ بارىدۇ. شىۋىلەر تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىي تىلنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس بۇلىقى. مەسىلەن، شىۋىلەردىن، قالدۇرۇق يەر، قولچىراق، ئاق ئوغۇت، موللاقچى ماشىنا قاتارلىق سۆزلەر ئەدەبىي تىلىمىزغا قوبۇل قىلىنىپ، كەڭ تۈردە قوللىنىلىۋاتىدۇ. يانچى، يېغىلىق، ئايماق، كۆجە، قارنى يورۇق، ساقاق، چىرىم-تال، ئوشۇقماق، چاقچىلىقاي، تاگسۇق، بۆلەكچىلا، ئوزغۇن، سونۇرقىماق، سونۇ، سىرتىق، بۆلەك، قوپارغۇ، جوسۇن، ئۇختا، ئۇقاق، ئەردەم، يالجىماق، دۆگجىمەك، سولتايماق، سونايلانماق، سويلىماق، ئوتاچى، تىمتىش، ئەلياتقۇ، پەچىم (تەقدىر، قىسمەت) دىگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ بىر قىسمى ئەدەبىي تىلىمىزدا خېلى ئومۇملىشىپ قالدى.

شىۋىلەرگە خاس سۆزلەر ئوبيېكتىپ رىياللىق، ئۇنى بەلگىلىك ساندىكى ئاما قوللىنىدۇ. مۇنداق سۆزلەر ئۇزاق تارىخقا ئىگە. شۇڭا ئۇنى ئوپۇل-توپۇللا كونىراپ، ئىستىمال-دىن قالغان سۆزلەر دەپ، بىراقلا يوققا چىقىرىۋەتكىلى بولماي-دۇ. شۇنىڭدەك، ئۇنى چەتكە قېقىشمۇ توغرا ئەمەس. بىز

چەتكە قاقشىمىز بىلەن، ئۇلار بەربىر ئۆز يېرىدىكى ئاممىنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسىدە خېلى بىر مەزگىل ساقلىنىپ تۇرىدۇ. يەرلىك كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئوي-پىكىرلىرىنى هامان ئۆزىنىڭ يەرلىك سۆزى بىلەن ئىپادىلەشنى ياخشى كۆرىدۇ، بولمىسا، بىر خىل چۈشىنىكسىزلىك، سۇنئىلىك، يېقىمسىزلىق هىس قىلىدۇ. ئالايلۇق، "سىرتىق" سۆزى قۇمۇل-تۇرپاندا ئومۇمى يۈزلۈك ئىشلىتىلىدىغان سۆز بولۇپ، خەۋەر، ئۇچۇر، يىپ ئۇچى، نەتىجە دىگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، بىرەر ئىش ياكى ئادەمنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىغانلىقنى "سىرتىغىنى ئالالمىدىم" دەيدۇ. بىرەر پۇل ياكى مالنىڭ هىساۋىنى چىقىرالمىغانلىقنى "بۇ پۇلنىڭ سىرتىغىنى چىقىرالمىدىم" دەيدۇ، بىرەر ئىشنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلىماقچى بولسا، "بۇ ئىشنىڭ سىرتىغى چىقىپ كەتمىسۇن" دەيدۇ. ئۇلار بۇ ئۇقۇملارنى مۇشۇ سىرتىق دىگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىمەي، ئەكسىچە "خەۋەر"، "ئۇچۇر"، "نەتىجە"، "مەخپىيەت" دىگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىسە، قايداقتۇ بىر خىل ياسىمىلىق، ئېنىقسىزلىق، چۈشىنىكسىزلىك هىس قىلىدۇ، ئۇلارغا بۇ سۆزلەر "سىرتىق" سۆزىدەك تەبىئى، يېقىملىق تۇيۇلمايدۇ. چۈنكى، بۇ سۆز "خەۋەر"، "ئۇچۇر" دىگەن سۆزلەرگە ئوخشاش بىرلا مەنە بىلەن چەكلىنىپ قالماي، بىرقانچە مەنىلەرنى بېرەلەيدۇ. لوپنۇرلۇقلارنىڭ هىلە، نەيرەڭ مەنىسىنى بېرىدىغان "جۇلاغ" دىگەن سۆزىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش. ئۇلار "بۇ سىنىڭ هىلە-نەيرىڭىڭ" دىگەن ئۇقۇمنى "بۇ سىنىڭ جۇلاغىڭ" دەپ ئىپادىلەشنى ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئىپادىلەش ئۇلار ئۈچۈن تەبىئى، يېقىملىق،

چۈشىنىشلىك ۋە چوڭقۇرراق تۇيۇلىدۇ. مەسىلەن، "ئۇمۇنماق"، "ئۇمۇنۇپ قالماق" دىگەن سۆزنى ئالايلى، بۇ سۆز ئورنىغا ئەدىبىي تىلدا تولاراق "تاما قىلماق"، "ئارزۇ قىلماق"، "تەلەپ قىلماق"، "ئۇمىت قىلماق" دىگەن سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ- دە، نەتىجىدە "ئۇمۇنماق" سۆزى ئاڭلىتىدىغان ئۇقۇمنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ، بۇ نازۇك تەرەپلەرنى پەقەت شۇ سۆزنىڭ ئۆزىلا ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ، خالاس. شۇنىڭدەك، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان: ئۇدۇم قىلماق، ئۇدۇم بولۇپ قالماق، ياداي-چۇداي، يادايچىسىغىلا دىگەنگە ئوخشاش سۆز- لەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر بولۇپ، بۇنداق سۆزلەرنىڭ ئەدىبىي تىلدا تەگدىشىنى تېپىش تەس. تېپىلغاندىمۇ بەرىبىر ئۆز ئەينىدىكىدەك نازۇك تەرەپلەرنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. شۇبىلەردە يەنە شۇنداق سۆزلەر باركى، ئەدىبىي تىلدا زادىلا تەگدىشى يوق. مەسىلەن، لوپنۇر دىئالېكتىدا قوللىنىلىد- غان مانجار (بېلىق تۇتۇش ئۇچۇن تالدىن توقۇلغان بىر خىل ئاغزى تەتۈر سىۋەت)؛ خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدىغان تاناي (سۇ ئۆتكۈزۈش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغان ئۇستى يېپىق ئېرىق) دىگەنگە ئوخشاش سۆزلەر؛ بىر قىسىملىرىنىڭ ئەدىبىي تىلدا تەگدىشى بولسىمۇ، بىلدۇرگەن مەنىلىرى ئارىسىدا نازۇك پەرق- لەر بولغانلىقتىن، ئىستىلىستىكىلىق نۇقتىدىن ئەدىبىي تىلدىكى تەگدىشى بىلەن تەڭ قوللانغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، "ئېجىل" دىگەن سۆزنى ئالساق، بۇ سۆزنىڭ لوپنۇر دىئالېكتىدا بىلدۈ- رىدىغان مەنىسى ئەدىبىي تىلدىكى "ئاشنا، يار، نىگار" دىگەن سۆزلەر بىلەن ئوخشاپراق كېلىدۇ. لېكىن بۇ سۆز غەزەلجىدا

”بول“ ياردەمچى پېئىللى بىلەن قوشۇلۇپ، مەلۇم بىر شەخسكە (مەيلى ئۇ چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، مەيلى ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن) ”كۆنۈكۈپ قېلىش، ئۆگىنىپ قېلىش“ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يۇقۇرىدىكى سۆزلەردە بۇنىداق مەنە بولمى-غانلىقى ئۈچۈن ”ئېچىل بولۇپ قالماق“نى ”ئاشنا بولۇپ قالماق، يار بولۇپ قالماق“ دېگەن بىرىكمىلەر بىلەن ئوخشاش ئىپادى-لىگىلى بولمايدۇ.

بۇنداق سۆزلەر ئەدەبى تىلىمىز ئۈچۈن زور بىر بايلىق مەنبەسى. بىز ئۇلارنى قىزغىن توپلاپ، تەتقىق قىلىپ، ئەدە-بىي تىل دەرىجىسىگە كۆتىرىپ ئومۇملاشتۇرۇشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئەدەبىي تىل بىلەن شىۋىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بارا-بارا ئازايتىپ. ئەدەبىي تىلىمىزنى تېخىمۇ بېيىتقىلى ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇر-غىلى بولىدۇ.

قولىڭىزدىكى بۇ «ئۇيغۇر شىۋىلىرى سۆزلۈكى» مانا مۇشۇ مەقسەتتە تۈزۈپ چىقىلدى.

بۇ سۆزلۈك پۈتۈن ئۇيغۇر تىلىدىكى شىۋىلەرگە خاس سۆزلەرنىڭ پەقەت بىر قىسمىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشنىڭ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق بولمىغانلىقى سەۋەپلىك، بىر مۇنچە سۆزلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى خاتا ياكى نامۇۋاپىق بولۇپ قالغان بولۇشى، بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ قوللى-نىلىش دائىرىسى كەڭ ياكى تار بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. هۆرمەتلىك كىتاپخانلارنىڭ تۈزىتىش ۋە تولۇقلاش يۈزىسىدىن قىممەتلىك پىكىرلىرىنى بېرىشىنى سورايمەن.

AltunOq

شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سۆزلۈكنى ئىشلەش داۋامىدا مېنى يازما ۋە ئاغزاكى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن ھەممە يولداشلارغا سەمىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

غۇلام غوپۇرى

ئا

ئابا ل. "ئاۋا"غا قاراڭ.
ئاباختا قاماق، تۈرمە، سولاق ("ئاۋاختا"مۇ دېيىلىدۇ). م:
ئۇنىڭ دادىسى ئاباختىدا ئۆلۈپ كەتكەن.
ئاپا قۇ. ھەدە، ئاچا، ئىگىچە.
ئاپپاق قۇ. خانىم، ئاغىچا، ئاپپاي، ئايىم (بۇ سۆز ئەسلىدە ۋاڭ-غوجىلارنىڭ ۋەزىر-تۆرىلىرىنىڭ ئاغىچىلىرىغا بېرىلىدىغان ھۆرمەت نام بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا چوڭ ياشلىق مۆتىۋەر ئاياللار ھۆرمەتلىنىپ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدىغان بولۇپ قالغان).
ئاپچىرىماق غ. كېيىم-كېچەك ۋە رەختلەرنىڭ سۇ تېگىش بىلەن كىرىشىپ كېتىشى؛ ياغاچتىن ياسالغان نەرسىلەرنىڭ قۇرۇپ قىسقىرىپ، كىچىكلەپ كېتىشى. م: كۆڭلىكىڭىز ئاپچىراپ قاپتۇ؛ ئىشىك ئاپچىراپ كېتىپتۇ.
ئاپچىماق قۇ. يۇقۇرىدىكى "ئاپچىرىماق" سۆزىنىڭ مەنىلىرىنى بىلدۈرگەندىن باشقا، يەنە سۇ قويۇلغان يەرلەرنىڭ شامالدا قۇرۇشۇپ قېلىشىغىمۇ قوللىنىلىدۇ.
ئاپقۇناق قۇ. داپخان (تونۇرنىڭ كۆل چىقىرىدىغان تۆشۈكى).

ئاپتوللۇغ خ. مەزمۇت، قاۋۇل. م: ئاپتوللۇغ ئادەم — بەك قاۋۇل ئادەم.

ئات ئارقانلىماق غ. ئاتنى ئوتلاقتا ئېلىپ چىقىپ، بىر پۇتىنى ئۇزۇن ئارغامچا بىلەن چۈشەپ قويۇپ بېقىش ئۇسۇلى.

ئاتان ئاختا قىلىنغان تۆگە.

ئات بېشى ئا. يىگىناغۇچ.

ئات چىپىي غ. بوۋاقلارغا ئات قويۇش شەرىپىگە بېرىلىدىغان زىياپەت.

ئاتقوتان ل. ئات ئېغىلى، ئاتخانا، ماخو.

ئات قولاق كۆل بويلىرىدا ئۆسىدىغان ساماں غوللۇق ئۆسۈملۈك.

ئاتقۇنە قۇ. ئات، نام، ئاتاق، تەخەللۇس سۆزلىرىنىڭ ئەركىلەتمە ئېيتىلىشى. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئېلىپ بويلۇق ئاي سەنەم،
ئاتىڭ نەدۇر يار سەنەم.
ئاتقۇنەڭنى بىلمەيمەن،
زاتىڭ نەدۇر يار سەنەم.

ئاتلاق تاغ سىرتى، تاغ قىرى.

ئاتمغا قۇ. ۋالىـغوجىلارنىڭ بالىلىرىنى ئىمىتىپ چوڭ قىلىدىغان ئىنىك ئانىلارنىڭ ئەرلىرى "ئاتمغا" دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاتمغاز غ. ئاتاغاز، ئەركەك غاز.

ئاتىلا قە. بۇغداي ئۇنى بىلەن جىگدە ئۇنىنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسايدىغان بىر خىل ئۇماشقا ئوخشاش تاماق.

ئات يارىتىش غ. ئاتنى بەيگىگە سېلىشقا تەييارلاش.
ئاجرىق قۇ. بىر خىل ئوتنىڭ نامى؛ چىمەن، ئوتلاق مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ ("ئەجرىق"مۇ دېيىلىدۇ).
ئاچارا قۇ. چات ئارا، چاتىراق.
ئاچا قۇلاق خ. گىلەم دۇكىنىنىڭ يان تەرىپىدىكى ياغاچ.
ئاچاكا ئا. ئاچا، ھەدە.
ئاچچىغى تۇۋۇدىن كەلمەك قە. بۇ، قاتتىق خاپا بولغانلىقنى بىلدۈرۈشتە قوللىنىلىدىغان بىرىكمە. م: شۇ تاپتا ئاچچىغىم تۇۋۇدىن كېلىۋاتىدۇ، جۇما.
ئاچماق خ. ئېچىق، باشلام، ئاچما، ئېرىق-ئۆستەڭلەرنىڭ ئېچىقى.
ئاختۇرما قۇ. تۇرۇپ، لوبو، ئاقتۇرما.
ئاخشمارا قۇ. ھەپرەڭ، ئاخشىمى ئېچىلىدىغان بىر خىل گۈل.
ئاخلاق يەر خالى يەر.
ئاخۇنباش قە. موگو، يەر مەدىكى.
ئاخۇنشوت قۇ. ئاقباش ئوت (تاغ چوققىلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت بولۇپ، تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ بەدىنىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ).
ئاداپ ئۆي ھايۋانلىرىغا ئاشنىڭ سۈيى بىلەن كېپەك، نان ئۇۋاقلىرىنى قوشۇپ سۇيۇق قىلىپ چېلىپ بېرىلىدىغان ئاش.
ئادارگۈل خ. قىپقىزىل چوغدەك ئېچىلىدىغان بىر خىل گۈل (شەپەق گۈلگە ئوخشايدۇ).
ئاداسقا غ. ئانا-ئانىلاردىن تەۋەرۈك بولۇپ قېپقالغان كونا

نەرسلەر، كونىراپ كەتكەن نەرسلەر ("ئاداسقۇ"مۇ دېيىلىدۇ).
ئادەمنىڭ تۆكىنى ئادەم يېمەك غ. بۇ، ئادەمنىڭ بەك كۆپلۈگىنى بىلدۈرىدىغان بىرىكمە.
ئارا ل. پۇرسەت، بوش چاغ. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:
خۇدا بۇرسا باي بولۇپ مال ساتۇرمىز.
ئارا تاپساق بىللە ئۆيدە ياتۇرمىز.
ئارا بولماق دال بولماق، ئەسقاتماق، مەدەت بولماق، ئورنىنى باسماق، بەرىكەت قىلماق. م: ئۇزۇكچىلىكتە بىر چىنە ئۇن ئون چىنە ئۇنغا ئارا بولدى ئەمەسمۇ!
ئارا-تۇرا قۇ. بەزىدە، بەزى-بەزىدە، گاھ-گاھ، گاھىدا؛ ۋاقتىلىق.
ئارا تۇرماق دال بولماق، پانا بولماق، كاپالەتلىك قىلماق، ئەسقاتماق، قۇتقۇزماق. م: بېشىمغا كۈن چۈشكەندە يەنىلا ئۆز قېرىنداشلىرىم جېنىمغا ئارا تۇردى؛ سەن بۇ ئىشقا ئارا تۇرالامسەن — سەن بۇ ئىشقا كاپالەتلىك قىلالامسەن؟
ئارا-چۇلا قۇ. پۇرسەت، ۋاقىت، ئىمكانىيەت، بوش چاغ، چۇلا. م: مەن سىزگە ئارا-چۇلا بولغاندا كېلىپ بىرەر كۈن قارىشىپ بېرەي.
ئارا-سىرا قۇ. ئاندا-ساندا، گاھ-گاھ، بەزىدە.
ئارا سېلىندى قۇ. ئارىدا قالماق، ئارىدا قالغان ئىش، ئىككى تايىن ئىش.
ئاراشتا قالماق ئارىدا قالماق، ئىككىلەنمەك.
ئارامچان قۇ. ئاراملىق، ئارامخۇدا.
ئاران خ. ئىغىل، قوتان.

Altun0q

ئارپا تەكسى خ. ئارپا پىششىقىدا پىشىدىغان بىر خىل شاپتۇل ("تەكە" دەپمۇ ئاتىلىدۇ).

ئارتۇق-سارتۇق ساڭگول-سوڭگول ت. (ئورغۇن نەرسىلەر-نى رەتسىز كۆتىرىۋالغانلىقنى بىلدۈرىدىغان قوش سۆز).

ئارتىق ئۇلاققا ئارتىلىدىغان يۈك، نەرسە.

ئارتىق ياغاچ ئىككى تام ياكى ئىككى تۈۋرۈك ئارىسىغا توغرا قويۇلىدىغان ياغاچ، لىم.

ئارچىمبەل گەزلىمە، رەخت. بېيىتتا مۇنداق كەلگەن:

ئارچىمبەلدە تون كىيىپسىز،
ياقاسىنى بۆزمالىڭ.

ئارداپ قۇ. "ئاداپ"قا ئوخشاش.

ئارداق قۇ. بۇزۇلغان، سېسىغان. م: قوغۇن سېسىپ ئارداپ كېتىپتۇ.

ئاردىماس قۇ. خورىماس، غەم يېمەس، هار ئالماس.

ئارزۇقماق قە. ئەندىكمەك، هولۇقماق.

ئارغا ل. ئويۇنچۇق، ئاۋۇنچۇق.

ئارغۇن شالغۇت، قوتاز بىلەن كالىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىققان كالا؛ ئاغمىخان.

ئارقان ئۆزەر غ. مىجەزى چۇس، كاج ئادەملەرنى سۈپەتلەشتە قوللىنىلىدىغان بىرىكمە.

ئارقىلىق قە. هاجەتخانىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى؛ خالى — پىنهان جاي.

ئارقىن قۇ. سۇ يالاپ ئۆيۈۋەتكەن چوڭ جىرغاي.

ئارۇن خ. ئاز، ئازراق، م: ماڭا نېمىگەدىن ئارۇن بەر — ماڭا

ئېنىڭدىن ئازراق بەر.

ئارۋاق قو. سېھىر، ئەفسۇن، كۆز باغلاش؛ ھىلە، نەيرەڭ.

ئارۋاڭ-سارۋاڭ غ. كېلەڭسىز، رەتسىز، چۇۋالچاق، چىگ-گىلماچ، چېچىلاڭغۇ، ئىسكەتسىز. م: ئۇ كۆتەكنىڭ ئارۋاڭ-سارۋاڭ پۇتاقلىرى ئارىسىغا كۈچ بىلەن پالتا ئۇردى.

ئارۋۇ قو. ئەتىۋار، ئەزىز، ئىناۋەت. م: ئارۋۇلۇق بالا — ئەتىۋار بالا؛ ئارۋۇسى يوق — ئىناۋىتى يوق. ئارۋۇلىماق — ئەتىۋارلىماق، ئايىماق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئاخشىمى ئارىلاپ كەلگىنىڭ،
ئۆزۈڭنى ئارۋۇ قىلغىنىڭ.
گەپ قىلالماي تۇرغىنىڭ،
ئەقلىڭنى جورالماغىنىڭ.

ئارۋۇن قو. ئاۋۇن، كۆپ، مول.

ئارىچى سالاكەش، ۋاستىچى، ئارىلاشقۇچى. م: ئارىچىغا ئالتە تاياق (ماقال).

ئارىچىلىماق سالاكەشلىك قىلماق، سۆلەي-سالا قىلماق، ئارىلاشماق، ئارىغا كىرمەك.

ئارىستە قە. بوش، خالى. م: ئىشتىن ئارىستە بولسام چوقۇم بارىمەن.

ئارىسىدىن ئالا مۈشۈك ئۆتۈپ كەتمەك غ. بۇ، رەنجىشىپ، قېيىدىشىپ قالغانلىقنى بىلدۈرىدىغان ىبرىكمە.

ئارىش ئاچال، يولنىڭ، سۇنىڭ ئىككىگە ئايرىلغان يېرى. م: يول ئارىش.

ئارىلىق[1] پارا. م: بېگىمگە ئارىلىق بەرمەي ئىشىگىنى پۇت-

تۇرەلمەيسەن.

ئارىلىق[2] قۇ. كارىدور، تاشقارقى ئۆي.

ئازغۇن قە. ئاسىي، خىيانەت قىلغۇچى، ئازغۇچى. م: قاچقۇنـ
غا شەپقەت يوق، ئازغۇنغا ھۆرمەت (ماقال).

ئازلۇق ئارزۇلۇق، ئەتىۋارلىق. م: ئازلۇق بالا — ئەتىۋارلىق
بالا.

ئازما خ. شارقىراتما؛ ئېگىزدىن سۇ چۈشۈپ ئويۇۋەتكەن
جاي.

ئازنىماق ل. ئاتنىڭ كىشنىشى. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئارغىماقى ئازنىايدۇ ئىشىكتە،
تورغۇيۇمىمۇ نەرى كەم دىمەتتىكتە،
جانىم ئايلام ئاسما ئولتۇرۇپ خىيال قىل،
نەزمى سالدىم چىداماي ئىچلىمگە.

ئاس قۇ. ئېھتىمال، بەلكىم شۇنداق بولسا كېرەك، شۇنداق
چاغۋا دىگەن مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ، جۈملە ئالدىغا ياكى
كەينىگە كېلىدىغان قوشۇمچە سۆز. م: ئاس، شۇنداق چاغۋا،
شۇنداققا ئوخشايدۇ، ئاس.

ئاسسىغ قۇ. پايدا، نەپ، مەنپەئەت. م: بۇ ئىش ساڭا
ئاسسىغ بەرمەيدۇ — بۇ ئىش ساڭا پايدا بەرمەيدۇ؛ بۇ
نەرسە ساڭا ئەسقاتمايدۇ.

ئاسقا[1] گۆش ئاسىدىغان ئىلمەك، كانارا ("ئاسقۇ"مۇ
دىيىلىدۇ).

ئاسقا[2] قۇ. ئات ـ ئۇلاقلارنىڭ پۇتى قىسىلىپ قىلىپ، ماڭـ
غىلى بولمايدىغان تاشلىق يەر. م: ئاتلار ئاسقىغا كىرىپ

قالسا چىقالمايدۇ.
ئاسقاق كۆكتات تېرىلىدىغان يەرنىڭ تۇپىسىنى يۇمشىتىش، تاش-چالمىلىرىنى ئۆلگۈپ چىقىرىۋېتىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان سايمان، تىرنا.
ئاسماقچىلماق ئىلمەك سالماق. م: ئاسماقچىلاپ سوراش — ئۇدۇل سورىماي، ئەگىتىپ، بىلىندۇرمەي سوراش.
ئاسىغدىماق ل. ئەتىۋارلىماق، كۆزى قىيماسلىق، قىسنماق. م: يىگەنىمدىن ئالىپ كەلدىم ئاسىغداپ — سىزنى ئەتىۋارلاپ ياكى قىسنىپ، يەۋاتقان تامىغىمىدىن سىزگە ئېلىپ كەلدىم.
ئاسقىماق قە. ئالدىرىماق، تەمتىرىمەك، جىددىيلەشمەك، هولۇقماق؛ دەككە-دۈككىگە چۈشمەك، چۆچۈمەك. م: ئاسقىماي سۆزلەڭ؛ يۈرىگىم ئاسقىپلا كەتتى.
ئاشسۇ قە. تويىدا قىز تەرەپكە بېرىلىدىغان قوي، ماي، گۈرۈچ، ئوتۇن-ياغاچ قاتارلىق نەرسىلەر.
ئاشقورا قۇ. چوڭ چىنە، ئاپقۇرا، ئاشخورا.
ئاشقۇنچە قۇ. ئارتۇق، ئوشۇق؛ ياخشى، ئۈستۈن. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

> يىپ ئەمەس، يىپەك ئەمەس،
> بويىڭىزغا كىيگىنىڭىز.
> بىزدىن ئاشقۇنچە ئەمەس،
> ماختاپ يۈرۈپ سۆيگىنىڭىز.

ئاشورىغى قۇ. ئاچكۆز، تويماس.
ئاشۇت قۇ. ئاش-پاش، ئاش-ئوزۇق.

ئاغا ل. يۇرت چوڭى، ئاقساقال، ھاكىم. ئاغاسىز ئەل بولماس، ياقاسىز تون (ماقال).

ئاغاچا ل. خانىم، خېنىم، ئاغىچا، ئايىم.

ئاغاداش يېقىن كۆرگەن كىشىنى (تەكتۈشىنى) چاقىرغاندا ئاتاپ ئېيتىلىدىغان سۆز. ("ئاداش"قا ئوخشاش).

ئاغالاماق ل. بەزلىمەك، گوللىماق. م: بالانى سەن ئاغالاپ تۇر، مەن تالاغا چىقىپ كىرەي، قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

كېتەدىمەن ئەسكى تارىم ياقالاپ،
يۇرۇيدىمەن مەن دەردىمنى ئاغالاپ.
قاتۇن ئالماي بوي يۇرۇپ - ئۆلۈپ كەسەم،
سىزگە ئوخشاش بىر خانىمنى تامالاپ.

ئاغىچا غ. قازان يۇغۇچ.

ئاغدارما قە. موللاقچى ھارۋا.

ئاغرىقچىلىق ت. كۆڭۈل قېلىشلىق، كۆڭۈل ئاغرىشى، رەنجىش.

ئاغزى پالۋان ئاغزى كۈچلۈك، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان.

ئاغزىدىن ئاق ئىت كىرىپ، كۆك ئىت چىقماق ئاغزىنى بولۇشىغا بۇزماق، ئاغزىنى بەزەپ قىلماق.

ئاغزىغا ئىنەك تەپمەك ئاغزى تۇۋاقلىنىپ قالماق، گەپ قىلالماي قالماق. م: ئاغزىڭغا ئىنەك تەپكەنمۇ، نىمە ئىندىمەيسەن؟

ئاغلاقچى ھەيدىگۈچى، سۈيلىگۈچى؛ نازارەتچى ("چېقىمچى، گەپ توشۇغۇچى" مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ).

ئاغىماق ئۆرلىمەك، كۆتىرىلمەك. م: يۈرىگىم ئاغدى — يۈرەگىم خۇددى يۇقۇرى ئۆرلىگەندەك بولدى.

ئاغۋانا ياغلىق قە. ئاق شايىنى تۈگۈپ، ئاق قالغان يېرىنى

AltunOq

يەنە رەڭگە چىلىغاندا يەنە بىر خىل رەڭ ئالىدۇ. مۇشۇنداق ئىشلەنگەن ياغلىق ئاغۋانا ياغلىق دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاغى قە. بانا، سەۋەپ؛ ئارا تۇرماق، ئارا بولماق ("ئاغۇ"مۇ دېيىلىدۇ) م: سەن تولا ئاغى قىلما؛ ئۇ سوغۇق ۋە ئاچلىقتا ئاغى بولامدىكىن دەپ ئويلىدى بولغاي، تاماكا چەكمەكچى بولدى.

ئاغىچا قە. خېنىم، خانىم. تارىشا ئوتتۇن ئوتۇن ئەمەس، ئاغىچا خوتۇن خوتۇن ئەمەس (ماقال).

ئاغىدىماق قە. قېيىدىماق، يامانلىماق.

ئاغىل-تاغىل ئىگىز-پەس، قالايمىقان چىققان ئاۋازنى سۈپەتلەپ ئېيتىلىدىغان سۆز. م: ئۇلار ئاغىل-تاغىل سۆزلەن سېلىشىپ كىرىپ كەلدى.

ئايغا باقار قۇ. ئاپتاپپەرەس.

ئاقبالداق قە. قازاندا قورۇپ پىشۇرۇلغان قوناق، قوماچ.

ئاق بۇغداچ قە. بىر خىل كۆكتات.

ئاق پوستەك كۇ. قوغۇننىڭ بىر تۈرى (رەڭگى قاپاققا ئوخشايدۇ).

ئاق پۇسملاق غ. ئاق پىشماق، ئاق ھەم دۇغىلاق. م: ئايخاننىڭ ئاق پۇسملاق يۈزى گۆرەنلىرىگىچە قىزىرىپ كەتتى.

ئاق پىجە قە. پۈتىننىڭ ئۇچى بىلەن تەڭ قىلىپ تىكىلگەن ئايالچە پىرىجە.

ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق بولۇشۇپ كەتمەك ئالاقىنى ئۈزۈل-كېسىل ئۈزمەك، ئادا-جۇدا بولماق.

ئاق توغاچ قە. توغاچنىڭ بىر تۈرى.

ئاق تومۇر نېرۋا تومۇر.
ئاق تۇماق قە. ئاق تېرىگە زەي تۇتۇپ تىكىلگەن تۇماق.
ئاقتىن ئاق، سېرىقتىن ساق ساپ، پاك، ھېچقانداق مەسىلە يوقلۇغىنى بىلدۈرىدىغان بىرىكمە.
ئاق چاڭگاك ئوغرى تىكەن.
ئاق چەشكە قۇ. توم زەنجۇبىلنىڭ قۇرۇتۇلغىنى.
ئاقچى ئاقۇچ، ئاق ئارىلاش؛ قوغۇنىنىڭ بىر تۈرى. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

سېغىزخان ئاقچى ئىدى،
قۇيرۇغى ساقچى ئىدى.
تۈلكە تۇمەن بېگى ئىدى،
قۇيرۇغى مىڭ بېگى ئىدى.

(بۇ سۆز ئەزلەرگە ئات بولۇپمۇ كېلىدۇ).
ئاق سانجماق غ. چاچقا ئاق كىرمەك.
ئاق سەي قە. بەسەي.
ئاقسىرىماق قە. ياخشى تاماق يېگۈسى كەلمەك، ياغسىرىمەك، گۆشسىرىمەك.
ئاق قار غ. قىش پەسلىدىكى مەۋسۇملەرنىڭ بىرى بولۇپ، يېڭىچە 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ، 8 ـ كۈنلىرىدىن باشلىنىدۇ. بۇ مەۋسۇم "سېرىق قار" مەۋسۇمى بىلەن "قارا قىش" مەۋسۇمىنىڭ ئارىلىغىدا كېلىدۇ.
ئاققاراق ل. كۆز ئېقى.
ئاققاش بۇلبۇل خ. تۇمۇچۇق.
ئاق قۇغلۇق خ. سەللىگۈل.

ئاققىنە قۇ. "ئاق" سۆزىنىڭ يېقىملىق ياكى ئەركىلىتىپ ئېيتىلىشى. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئاققىنە گۈمبەز ئىچىدە،
ئاقىرىپ ياتقان ئانام...
چۆرىسىگە گۈل تېرىپ،
بىزنى يىتىم قىلغان ئانام،

ئاق كۆڭ بوشىنىدىغان كۆن، تۇغمىدىغان كۆن، تۇغۇت كۆنى. م: ئاق كۆنى يېقىنلىشىپ قالىدى: ئاق كۆنى توشماستىن تۇغۇپ قويىدى.

ئاق لەگلەك قە. ئاق تۇرنا.

ئاقلىماق قە. ئىشقا ئاشۇرماق، يورۇقىقا چىقارماق. كەل تىلىكنى ئەر ئاقلار، يەر داڭقىنى ئەل ساقلار (ماقال).

ئاق ھەدە غ. چوڭ ياشلىق ئاياللار ھۆرمەتلىنىپ شۇنداق چاقىرىلىدۇ.

ئاق ئۇغۇت قۇ. خىمىيۋى ئوغۇت.

ئاقۇشاق قۇ. شالدا بولىدىغان كۆرمەك.

ئاقۇۋاق قۇ. يېقىلغۇ قىلىنىدىغان، قامغاققا ئوخشاش بىر خىل ئۆسۈملۈك.

ئاق ئۆپكە قە. يالاڭتۆش، سەرالىق.

ئاق ئۆي قۇ. كىگىز ئۆي.

ئاقۆپلەك قۇ. بەسەي، يېسۆپلەك.

ئاق ئىش ئىنچىكە ئىش، ھۈنەر-سەنئەتلىك ئىش، مۇرەككەپ ئىش.

ئاق يەم غ. قارچۇغىنىڭ پوكىنىنى تازىلاش ئۈچۈن، قەنگە

ملاپ بېرىلىدىغان يەم.

ئاق يۇلتۇز قۇ. زۆھرە يۇلتۇز، ۋېنېرا.

ئاكچا كۇ. ئۆزىنىڭ ئاكىسى ياكى ئۆزىدىن چوڭلار: قېيىنئاتىسىنىڭ ئىنىسى.

ئاگاي ل. قەبرە، مازار.

ئاگرى ل. ئاجىز، ئاغرىقچان، ئورۇق، ناچار؛ نامرات.

ئاگىلىشتۇرۇ قۇ. ئاللىبۇرۇن، ئاللىقاچان، ئاۋال.

ئاڭقا خ. يارىماس. م: ئاڭقا ئادەم. (بۇ سۆز كەلپىندە دىققەتسىزلىك، ئېھتىياتسىزلىق مەنىسىدە كېلىدۇ).

ئاڭقىش قۇ. چاكىناش، ئۇسساش.

ئاڭگۇق ل. ھاڭغۇق، بويۇنتۇرۇق.

ئاڭۋاچۇن ت. شۇڭلاشقا، شۇڭا.

ئاڭۋاشقا غ. شۇڭلاشقا، شۇڭا.

ئاڭۋالا قۇ. شۇڭا، شۇڭلاشقا.

ئالاباغىر ل. قارا كۆڭۇل، ۋاپاسىز.

ئالابوياق ل. تۇراقسىز، شاللاق.

ئالا تارتماق غ. ئېتىزنىڭ سۇ چىقمىغان يېرىگە سۇ چىقىرىش ئۈچۈن ئېرىقچە ئالماق.

ئالارمەن ل. قول سوزغۇچى، قول سۇنغۇچى.

ئالاق-پالاق ل. ئالاقزادە. م: ئالاق-پالاق بولمۇ — ئالاقزادە بولما.

ئالا-قۇرا قۇ. ئالا-بۇلماچ، ئالا-بۇلا.

ئالاكا ت. ئاكا، ئاغا.

ئالاڭ قۇ. ئالا، ئالا-بۇلا؛ شالاڭ. م: بوغدايلار ئالاڭ

ئۆتۈپ قاپتۇ. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئاسمانلار ئالاگۇلاپتۇ،
يۇلتۇزلار شالاگۇلاپتۇ.
مەن يارغا نىمە قىلغان،
ئۇ مەندىن يامانلاپتۇ.

ئالاگۇلىرىماق قۇ. ئىچىرقىماق؛ ھالسىرىماق، دەرمانسىزلاشماق.

ئالاگۇلۇق قۇ. پاراكەندىچىلىك، خاتىرجەمسىزلىك، مالىمانلىق، قالايمىقانچىلىق.

ئالاياق غ. تۆت پۇتى ئاق ئات.

ئالتۇنچى قۇ. زەرگەر.

ئالتۇنلۇق قۇ. ئۇلۇقلار مازارلىغى.

ئالتىن ئاستى، تىگى. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

تاڭ سەھەردە ناغرا چالدى،
ئاگلاندى ئۇنى.
ئالتىندا كۆك ئارغىماق،
يەتكەندۇ كۈنى.

ئالتىۋارىم قۇ. ئالا-جوقا، تۇراقسىز. م: بۇ تولىمۇ ئالتىۋارىم كىشى ئىكەن.

ئالچاگلاپ كەتمەك قە. بەك تەكەببۇرلىشىپ كەتمەك (كۇچاردا ”ئالچاگشماق“ دىيىلىدۇ).

ئالچۇ خ. ئالچۇق، كەپە.

ئالچى ئوشۇقنىڭ ئويۇق تەرىپى. م: ئوشۇقى ئالچى قوپماق — ئىشى ئوڭدىن چىقماق، تەلىيى ئوڭدىن كەلمەك.

Altun0q

ئالدى پەش خ. شاپاشلىغاق؛ ئالدىدا چاپىدىغان.
ئالدىراشقاپ ئا. ئالدىراپ، ئالدىراپ-سالدىراپ. م:
ئۇ ئالدىراشقاپ چىقىپ كەتتى.
ئالدى يوغام خ. "ئالدى پەش"كە ئوخشاش.
ئاللا ئېيتماق غ. كېچىدە قوشاق ئېيتىپ، كىشلەرنى زورغا ئويغاتماق.
ئاللىق قۇ. "ئارىلىق"قا ئوخشاش.
ئالمان غ. تېز، ئىتتىك، چاققان؛ باتۇر. م: ئالغۇچە ئالمان، بەرگۈچە بەزگەك (ماقال)؛ ئالمان بۆركۈت، ئالمان ئىت. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئالمان قارچۇغام بولسا،
قوندۇرسام بىلەكىمگە،
تاشلىسام مەن يۈرەكىمگە.

ئالمەت قۇ. بەك، تولىمۇ، خويمۇ، قالتىس (بۇ "ئالامەت" سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى).
ئالۋاستى كۆلەڭگۈسى قە. ۋەھىمە، قورقۇنچ، ساراسىم.
ئالۋۇن قۇ. ئېزىتقۇ، سەراپ (بۇ سۆز لوپنۇردا "ئالۋىن" دېيىلىدۇ).
ئالۇدە بولماق قە. بىسەرەمجان بولماق. م: كۆڭلۈم ئالۇدە بولۇۋاتىدۇ.
ئالىپاساق قە. ئالا-چىپار، قارا-قۇرا. م: بۇ كىتاپ ئالا-پاساق بېسىلىپ قاپتۇ.
ئالىپتە قە. كاتتا، چىرايلىق. م: سەن بۈگۈن ئىمانچىۋالا ئالىپتە بولۇپ كەتتىڭ.

ئالتاغىل قە. سىرتىق يىلەن ئاق ئارىلاشقان ئالا، ئالا-بۇلىماچ.
ئالچا كەتەكچە قىلىپ بويالغان ماتا.
ئالچاقماق ل. ئالاق-چالاق، ئالچەكمەن. م: كۆزۈم ئالچاقماق بولۇپ كەتتى.
ئالغەلەپ قە. ئالىجوقا، شەككاك.
ئالقاراق ماللاردا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك.
ئالقاغا يالغانچى، ئالدامچى: توتروۇقسىز.
ئالقول سوغاق قول، يات قول.
ئالقۇراق قە. تۆرلۈك رەڭدىكى نەرسىلەردىن قۇرالغان. م: ئالقۇراق چاپان ياكى كۆرپە.
ئالكۇلۇك غ. ئالقوڭغۇز.
ئاماچ خ. قارا، نىشان، ئوق ئېتىش سىنىقىدا ئىشلىتىلىدىغان نىشان.
ئانجىرغا ئورۇق، ئاۋاق، يىگىنى چىرايىغا چىقمايدىغان.
ئانناي قۇ. ۋىيەي (ھەيرانلىق ۋە ھەسرەتنى بىلدۈرىدىغان سۆز). م: ئانناي! بۇنىڭ قىلىۋاتقىنىنى قاراڭ.
ئانغاز غ. ئاناغاز، چىشى غاز.
ئانكا[1] كۇ. موما (ئانىسىنىڭ ياكى ئاتىسىنىڭ ئانىسى).
ئانكا[1] خ. "ئانا" سۆزىنىڭ ئەكىلەتمە شەكلى.
ئانكام قاق دىگۈزۈۋەتمەك قە. ۋاي جېنىنى چىقىرىۋەتمەك، جۇگۇ-جۇگۇ دىگۈزۈۋەتمەك.
ئانىلار چېيى غ. ئېغىر ئاياق خوتۇنلار بوشىنىش ئالدىدا بېرىلىدىغان چاي.
ئاۋا ل. ئاتا، دادا. م: سېنىڭ ئاۋاڭ مېنىڭ ئاۋامدىن چوڭ.

قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئاۋاڭكى ئاشنى چىقار،
ئارام كالانى ياغىغا.
(ھارام كالىنىڭ يېغى بىلەن،
داداڭنىڭ نەزىرىسىنى بەرگىن).

ئاۋاپ خ. ئالدامچى.

ئاۋارىز قۇ. ئارزۇ، ئارمان، تەلەپ، پۇخا. م: ئاۋارىزى قانىمدى — ئارمىنى چىقمىدى، پۇخادىن چىقمىدى.

ئاۋلاق ل. بۇ سۆزنىڭ ئىككى مەنىسى بار: بىرى، ئوۋ قىلىنىدىغان جاي، ئوۋ ھايۋانلىرى ياشايدىغان جاي. يەنە بىرى، پەسە كېسەللىكى.

ئاۋۇتماق كۆپەيتمەك؛ بەزلىمەك. م: گەپىنى ئاۋۇتماق — گەپنى كۆپەيتمەك؛ كۆڭۈلنى ئاۋۇتماق — كۆڭۈلنى بەزلىمەك.

ئاۋۇرماق ئېتىلىپ كەلمەك. م: ئىت ئۇنىڭغا ئاۋۇرۇپ كەلدى.

ئاۋۇشقا ل. قېرى بوۋاي، چال (خوتەندە ئوبۇشقا دىيىلىدۇ).

ئاۋۇغاي ل. ئاۋاق، ئورۇق. م: ئاۋۇغاي بالا — ئاۋاق بالا.

ئاۋۇلماق قۇ. غەيۋەت قىلماق، يامانلاپ بەرمەك. م: مېنى ئۇنىڭغا ئاۋۇلاپ بېرىپتۇ — مېنى ئۇنىڭغا يامانلاپ بېرىپتۇ.

ئاۋۇنچۇق ل. ئويۇنچۇق، كۆڭۈل ئالىدىغان ياكى بەزلەيدىغان نەرسە.

ئاۋىي ئابروي، ئىززەت-ھۆرمەت. م: ئۇنىڭ ئاۋىيىنى قىلىپ بېرىنىمە دىمىدىم.

ئاياق خ. ياغاچ چۆچەك. م: ئايدا كەلگەنگە ئاياق، كۈندە كەلگەنگە تاياق (ماقال).
ئاياق سالماق غ. بۇغدايىنى تېپىش ئۈچۈن خامانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بۇغداي ئۆنچىسىنى دائىرە شەكلىدە يېيىپ قويماق.
ئاي جىجەم قۇ. ئاي مومام. م: ئاي جىجەم كەلدى. — ئاي مومام كەلدى.
ئايغاق غ. خەۋەر يەتكۈزمەك، مەلۇم قىلماق. م: ئېغىز ئايغاق، تىل تايغاق (ماقال).
ئايغاقچى تىڭتىڭچى؛ چېقىمچى؛ خەۋەرچى.
ئايغىنەم قۇ. "ئاي" سۆزىنىڭ كىچىكلىتىپ ئېيتىلىشى، ئايدەك چىرايلىقىم، ئامرىقىم.
ئايقىن-يايقىن غ. ئوچۇق-ئاشكارا، ئاشقاي-تاشقاي.
ئايكۆل خ. گىلەمنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان گۈل.
ئايلا ت. ئاچا، هەدە.
ئايلۇ ل. قارانچۇق.
ئايلى تاتقۇچ قۇ. شالداما، شالدۇرۇق.
ئايماق ئا. مەهەللە، يېزا. م: كۆجۈم ئايماق — توپ مەهەللە.
ئايمقى خ. كۆزدە كۆممەي، قىشنىڭ سوغىغا كۆندۈرۈلگەن نەك (تال) ئايمقى تەك دېيىلىدۇ.
ئاي-هاي سالماق توۋلىماق، قىچقارماق، چاقىرماق.
ئايمقى سۇيۇلۇپ قالماق غ. بېرىش كېلىشى كۆپىيىپ قالماق، ئايىقى چاققانلىشىپ قالماق.

ئە

ئە-ئە قۇ. ئەجەپلىنىش، ياراتماسلىق تۇيغۇلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق. م: ئە-ئە، قويسىلىرا نېرى — ئۇئەش، قويسىلچۇ نېرى.

ئەپپەي ت. ۋىيەي، ۋايجان (قورقۇش، ئەجەپلىنىش ۋە ھاياجاننى بىلدۈرىدىغان ئىملىق). م: ئەپپەي بۇ نىمە قىلىق!

ئەتتىكەن تىكىنەك (تىرناق ئەتراپىغا چىقىدىغان يارا)

ئەر كۆچمە: باتۇر، قەھرىمان؛ مەرت.

ئەرەڭ-سەرەڭ ت. ھەر خىل-ھەر ياڭزا، ئوڭ-تەتۈر. م: ئەرەڭ-سەرەڭ گەپلەرنى قىلىپ يۈرمە.

ئەرتە غ. بالدۇر، ئىلگىرى، بۇرۇن، ئاۋال. م: ئېكمىنى ئەرتە ئەككەن، ھوسۇلنى ئەرتە ئورار (ماقال).

ئەرتەك قە. رىۋايەت، ھېكايە. م: ئەل مېنى ياخشى دەپ ئەرتىكىمنى قىلسۇن.

ئەردەشمەك قۇ. قىرىشماق؛ ئەۋج ئالماق، ئېغىرلاشماق. م: كېسەل ئەردىشىپ قالدى، ھېچ قويۇش بەمىيتتۇ.

ئەردەم قۇ. ئەدەپ-ئەخلاق.

ئەرگۈل نوختىنى چۈلۋۇر بىلەن ئۇلاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تۆمۈر بۇرما؛ گايكا.

AltunOq

ئەرۋا قىقىۋەتكەندەك ئورۇق، ئاجىز، جانسىز، روھسىز ھالەتنى سۈپەتلەشتە قوللىنىلىدىغان ىبرىكمە.

ئەرۋائىشى غ. نەزىر ئىشى (كوچىغا قويۇپ قويۇلىدۇ).

ئەرۋەش قە. ئەپسۇن، سېھرى. م: ئەپسۇن-ئەرۋەش ئوقۇدى.

ئەردن قۇ. كالپۇك، لەب: ئەر دىسە، ئەر نىتى چىشلەپتۇ — باتۇر دەپ ماختاپ قويسا، قۇشقىنىغا ئولتۇرۇپتۇ (ماقال) بىيىتتا مۇنداق كەلگەن:

ئەرىنلىرىنىڭ تاتلىقلىغى تىلىنى يارادۇ،
كىرپىكلىرى جىلۋە قىلىپ جاننى ئالادۇ.

ئەزمدە قۇ. ھەزىم، سىڭىرىش. م: مەن بۇ تاماقنى ئەزمدە قىلالمايمەن.

ئەزمسنى ئەزمەك گەپنى چاينىماق، ئارقا-ئالدىغا يانماق، دىلىغۇلدا بولماق.

ئەس سېزىم، ھۇش، ھىسسى خاتىرە.

ئەستى قۇ. ئېھتىمال، بەلكى، تايىنلىق. م: ئەستى شۇنداق — تايىنلىق شۇنداق.

ئەكچە قە. ئوكچە. م: ئۇلار ئىككىسى ئەكچە پاراڭلاشتى.

ئەكچمەك قۇ. سۇيى قاچماق، چالا قۇرىماق.

ئەكمەك غ. تېرىماق، تىكمەك. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: ئارپا ئەككەن ئارپا ئالار، بۇغداي ئەككەن بۇغداي ئالار؛ بەرسەڭ ئالىسەن، ئەكسەڭ ئورۇسەن؛ بىرنى كەسسەڭ، ئوننى ئەك.

ئەگرۇم خ. ئازگال، سۇ يىغىلىپ قالىدىغان يەر.

ئەگۈز غ. قار سۈيى.

ئەگۈش داشقال.
ئەگون ئەگمىلىك دەرۋازا.
ئەگمەك قۇ. كېسەل يوقلىماق، ھال سوراپ كەلمەك، كۆرۈپ-شۈپ كەلمەك. م: باللارنى ئەگمپ كەلدىم — باللىرىمنىڭ ئۆيىنى يوقلاپ كەلدىم.
ئەڭدىپ يۈرمەك قە. پېيىگە چۈشمەك، پايلاپ يۈرمەك.
ئەڭگى-تەڭگى ئەڭگى-تەڭگى بولماق — بېشى قايماق، ئېسى چىقماق.
ئەڭگىز سوغۇقى ئاشقان.
ئەڭگىزە ت. ئاندىن كېيىن، ئاندىن.
ئەڭگىز بالا قاغىش بالا، ئورۇنسىز جىدەل قىلىدىغان بالا.
ئەڭلىك ئوت تاغلاردا ئۆسىدىغان بىر خىل دورا ئوت.
ئەل غ. چاما، ئىمكانىيەت، ئامال. م: ئەلىمنىڭ كېلىشىچە ئىشلەيمەن.
ئەلەس-بۇلەس قە. ئالىچەكمەن. م: كۆزلىرى ئەلەس-بۇلەس بولغىلى تۇردى.
ئەلەس قۇ. ئالغاي.
ئەلەڭگۈ غ. ئېزىتقۇ، ئالۋۇن؛ يالقۇن. م: ئەلەڭگۈلمەك — يالقۇنلىماق.
ئەلەنجە قۇ. ئامال. ئىلاج، چارە.
ئەلتەك ئەلگە ئارىلاشقاق، يېتىرقىمايدىغان. م: ئەلتەك بالا.
ئەلكۈن قۇ. ئامما، خالايىق، جامائەت. م: ئەلكۈن ئالدىدا سەتچىلىككە قالىدىغان ئىشنى قىلمايلى.
ئەلكېزەر قە. سەرگەردان، مۇساپىر، بۇرالقى.

ئەلمەلە جامائەت، ئەل، خالايىق. م: بۇ ئىشنى ئەلمەلە ئۇقۇپ قالمىسۇن ــ بۇ ئىشنى جامائەت ئۇقۇپ قالمىسۇن.
ئەلمى-تەلمى ئەھۋالى. ئۆي-چۇقۇرى، ئىپى-جىپى. م: بۇ يەرنىڭ ئەلمى-تەلمى بىلەن تېخى تونۇشۇپ كېتەلمىدىم.
ئەلياتقۇ كەچ سائەت 9ــ10 بولغان ۋاقىتلار.
ئەلۋەك مول، كۆپ، ئاۋات. م: ئەلۋەكچىلىك ــ مولچىلىق، ئاۋاتچىلىق.
ئەم قە. شىپا، داۋا. م: كۆك ئىنەكنىڭ سۈتى يۆتەلگە ئەم (شىپا) بولىدۇ.
ئەمەك ئەرمەك. م: ئەرمەك بولماق، ئىچ پۇشۇغىنى چىقارماق.
ئەمچى تېۋىپ، دوختۇر. م: كۆپ ئاغرىغان ئەمچى بولار، كۆپ كەزگەن بىلگە (ماقال).
ئەمزەك ئەمچەكنىڭ تۇپچىسى (تۈگمىسى)؛ ئېمىزگە.
ئەمسۆرۈل قۇ. غەيرى، باشقىچىلا، ئېگىز-پەس، قاملاشمىغان. م: ئەمسۆرۈل گەپ قىلمىساڭچۇ.
ئەمسۇر ت. ھۇشسىزلىق. م: بالا ئەمسۇر بولۇپ قالدى ــ بالا ھۇشىدىن كېتىپ قالدى.
ئەمگەك قۇ. كۆچمە: جاپا، غۇربەتچىلىك، قىيىنچىلىق. م: ئەمگەك تارتماق ــ جاپا تارتماق.
ئەمگەكلىك قۇ. شور پېشانىلىك، تەلەيسىز، جاپا كەش.
ئەمگەكشا قۇ. جاپاكەش.
ئەمگىگى قىيىشماق قۇ. نەس باسماق، ئىشى تەتۈرگە ئۆرۈل-

مەك، ئىشى ئوڭماسلىق، ئىلگىرى كەلـمەسلـىك. م: بۇ بالىنىڭ ئەمگىكى قېيىشىپ، كېسىلى قويۇش بەرمەي كەتتى.

ئەمگىمەك قۇ. چارچىماق. هارماق، تالماق.

ئەملىك مال قۇ. كۆندۈرۈلمىگەن مال. م: قۇ. ئەملىك ئات، ئاساۋ ئات، توسۇن ئات.

ئەملىمەك داۋالـىماق، كېسەلـگە دورا بەرمەك. م: چېـچەك ئەملىمەك ــ چېچەك چەكمەك (سالماق).

ئەنە قەي ئا. قارا، هوي (هەيرانلىق، ئەجەپلىنىش، نارازىـ لىق تۇيغۇلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆز). م: ئەنەقەي، مەنەت بالا بولاپ قېپسەن!؛ ئەنەقەي، مۇنىڭ قىلـغان ئىشىـنى! (كەلپىندە)

ئەن تارتقۇ خ. گىلەمنىڭ ئەن تەرىپىنى تارتىدىـغان كالـتەك.

ئەن تارتقۇ سىخى خ. ئەن تارتقۇ يىپى باغلىنىدىغان ئىلمەك.

ئەن تارتقۇ شانىسى خ. ئەن تارتقو ياغىچىغا باغلىنىدىـغان شانا.

ئەندەك قە. بىر دەم، كىچىككىنە، جىندەك. م: ئەندەك تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ.

ئەندۇ قۇ. خاتا، ناتوغرا. يامان، يېڭىلىش، چاتاق. م: ئەنـ دۇ گەپ قىلما؛ كېچە ئەندۇ يېتىپ قاپتىمەن، بويىنۇم قىڭغىر بولۇپ قېپتۇ. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

تىردانىدا ئوقۇم جىق ئىدى،
ئاتقانىدا كۆڭلۈم توق ئىدى.
يارىم يانىدا تۇرغانىدا،

ئەندۇ خىياللار يوق ئىدى.

ئەندۈرمەك قۇ. بېشى قايماق، تېنەمەك، تەمتىرمەك، ئاداشماق. م: بۇ كوچىغا كىرىپ ئەندۈرەپ قالدىم، ھېچ بىلالمىدىم (بەزى جايلاردا «ئۈندەرمەك» مۇ دېيىلىدۇ).

ئەندىكمەك ئەنسىرىمەك، چۆچىمەك، قورقماق.

ئەن سالماق قۇ. ۋاقىرىماق. م: بالام نىمە ئەن سەپكەتتىڭ؟

ئەنسەپ يىغلىماق قۇ. ۋاقىراپ يىغلىماق. م: بالىغا قاراپ قوي، ئەنسەپ يىغلاپ كەتتى.

ئەۋەي غ. ناھايىتى، قەۋەت؛ ئەجەپلىنىش تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق.

ئەۋزەر يولى قە. يەر ئاستى يولى.

ئەۋزاي غ. چىراي، تۇرق؛ پەيل. م: ئۇنىڭ ئەۋزايى يامان ("ئوزاي" مۇ دېيىلىدۇ).

ئەۋمەك خ. ئەندىشە قىلماق، ئۈيمەك. غەم قىلماق. م: ئوغلامدىن بەك ئەۋدىم.

ئەينولا . كۆچمە: ئالدامچى.

Altunoq

ب

باتچى غ. ماختانچاق؛ مننەتخور؛ داملامچى، كۆز ـ كۆز قىلغۇچى.
باتخور غ. "باتچى"غا ئوخشاش.
بات قىلماق ت. كۆز ـ كۆز قىلماق، داملىماق؛ مىننەت قىلماق.
باتنخور ت. قېيىدىغاق، يامانلىغاق.
باجىماق قۇ. باشقۇرماق، بېجىرمەك. م: بۇ بالا كىچىك، تېخى هارۋا باجىچىلىك بولمىدى.
بادارغا ل. بادىرا، چەنزە، بادىرا ياغاچ.
بادالڭ خ. ئاشلىق قاچىلاش ئۈچۈن بورىدىن ياسالغان يۇملاق قاچا؛ سامان قاچىلاش ئۈچۈن بورىدىن ياكى تال ـ چىۋىقتىن قۇراشتۇرۇپ هارۋىغا ئورناشتۇرۇلغان يۇملاق ياكى تۆت چاسا ساندۇق.
بادالڭ قوساق قە. يوغان قوساق.
بادرالڭ كۆز پۇلتىيىپ چىققان كۆز.
بارا قۇ. بارقا پاخلان ياكى ئوغلاق تېرىسى.
باران قۇ. شەپە، قارا؛ هەيۋە. م: يىراقتىن بىر نەرسىنىڭ باراني كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

بارانا ل. تىرنا.
باراۋەت باغ سەيلىسى زىياپىتى.
بارقا ت. قىرقىش ۋاقتىغا يەتكەن قوزىنىڭ تېرىسى.
بارتو ت. غوجىدار، گۇەنجا، ئىگىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.
بارداق سۇ كاسىسى، ئاياق.
باردامچى قە. ئۆيدە بار نەرسىلەرنى ئەتەي ساقلاپ قويۇپ، بالا-چاقىلىرى ياكى ئۆتەر-كېچەر تۇققانلىرى كەلگەندە قويۇپ بېرىشنى ياكى كىيىم-كېچەك بولسا كىيدۇرۇپ قويۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم.
بارغىرا قۇ. بىر خىل ئوت.
بارغىندى قۇ. بارغۇچى.
بارلىق ياي، بىساتلىق، مال-مۈلۈكلۈك. م: بۇ خېلى بارلىق ئۆي ئىكەن.
بازارلاپ كەلمەك قە. بازارغا بېرىپ، سودىلىق ئېلىپ كەلمەك.
بازارلىق قە. خېرىدارلىق؛بازاردىن ئېلىپ كەلگەن سوغا-سالام. م: بازارلىق مال — خېرىدارلىق مال؛ مەن سىلەرگە بىر ئاز بازارلىق ئېلىپ كەلدىم.
بازار-ئوچا قە. بازار، شەھەر. م: بازار-ئوچاغا بېرىپ، نەرقى-ناۋاتى ئۇقۇپ كېلەيلى.
بازار-ۋېلىق قۇ. "بازار-ئوچا"غا ئوخشاش. م: بۈگۈن بازار-ۋېلىققا بېرىپ، ئاز-تولا رەخت-پۇچۇك ئېلىپ كەلدۇق. (بۇ سۆزنىڭ توغرا ئېيتىلىشى "بازار-بالىق").

بازغاشماق قە. سوقۇشـقاق خورازدەك ھۆرپۈيۈشمەك.
بازلماق قە. قانات سۆرىمەك.
بازلماق قۇ. بەزلىمەك: بۇ بالا بەك يىغلاپ كەتتى، بىر-ئاز بازلاپ قويسىڭىزچۇ.
باستۇرما قە. كوچىلارنىڭ ئۈستىگە يېپىلىدىغان تۆت يېقى ياكى ئىككى يېنى ئوچۇق لاپاس.
باسقاق قە. پىستان، پىسىلداق.
باسقۇ ل. شوتا ("باسقۇچ"مۇ دېيىلىدۇ).
باسماق[1] ئا. تاختا مۇشۇك (بەزى جايلاردا قۇشقاچ تۇتىدىغان نەرسىنى "باسماق" دەيدۇ).
باسماق[2] كۇ. سەندەل ئاياق، ساپما ئاياق، باشماق.
باسماقدىماق بېسۋالماق، دەسسىمەك: ئۇ خوجۇن-قاچىلىرىنى يەرگە قويۇپ بولغىچە، تۆتى تۆت ياقتىن كېلىپ باسماقدىۋالدى؛ بۆرە توشقاننى باسماقداپ تۇرۇپ يېگىلى تۇردى (ئېغىزدا "باسمادىماق" دېيىلىدۇ).
باسىق ل. پىچەن ئورۇپ قۇرۇتۇپ قويۇلغان ئوت-چۆپ، قومۇش-قوراي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئوت-چۆپلەر. م: باسىق ئورۇمى — قىشلىق ئوت-چۆپ ئورمىسى.
باشاق قۇ. پالەك، باشاق كۆك.
باشاماق قۇ. كەپسىز، بەڭۋاش، گەپكە كىرمەيدىغان. م: باشاماق بالا — بەڭۋاش بالا.
باش بۇرنى ئالدى، ئەۋۋىلى، دەسلىۋى. م: ئۇ ئوتياش، قوغۇن-قاپاق، مىۋە-چىۋىنىڭ باش بۇرنىنى ئۇلارغا بېرەتتى.

باش بېقىشماق ئا. كۆچمە:غەيۋەت قىلىشماق.
باشتوغاۇق بەگۋاشلىق، باشباشتاقلىق، ئۆزبېشىمچىلىق.
باش سۇ قە. بۇغـدايغا قويۇلىدىغان ئۈچىنچى قېتىملىق سۇ (باش ئالدۇرۇش ئۈچۈن قويۇلىدۇ).
باش سۇقماق ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ ئالدىـغا بارماق، كىـرمەك. م: ئۇ كۆپ يەرگە باش سۇقۇپ، ئاخىرى بىر ئورۇنغا ئورۇنلاشـتى.
باش سىغدۇرماق پاناجاي تاپماق.
باشكىنە قۇ. "باش" سۆزـىنىڭ كىچىـكلىتىـپ ئېيتىلىـشى. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

بۈگۈن كىچە يار قېشىغا،
يەتكۈزسەڭ بوز ئات.
باشكىنەڭدىن يۈگەن ئېلىپ،
قىلىمەن ئازات.

باشلاق خ. باشلام، سۇ بېشى، ئېچىق.
باشلىق قۇ. رەتلىـك، تەرتىپلىـك، جاي ـ جايىـدا. م: ئۆي دىگەن باشلىققىنە بولسا نىمىدىگەن ياخشى!
باش ئۇن قۇ. 1 ـ دەرىجىلىك ئاق ئۇن.
باشماق قۇ. "باجىماق"قا ئوخشاش.
باش يىدى قۇ. ئالغانلىكى خوتۇنى ئۆلۈپ كېتىدىغان ئەرلەر ياكى تەككەنلىكى ئېرى ئۆلۈپ كېتىدىغان خوتۇنلار شۇنداق دەپ ئاتىلىدۇ.
باغجار قە. بۇجغۇر، بۇدرە. م: ئىشىك ئالدىدا قوساقلىرىنى كۆتىرەلمەي تۇرغان قاشقىلىق ئىنەك بىلەن باغجار قوزىلىق

قوي تۇراتتى.

باغرۇ ت. باغرى قاتتىق، رەھىمسىز.

باغدال غ. چىپار، چىكىم-چىكىم، چار. م: باغدار خوراز — چار خوراز.

باغلاق غ. مال باغلاپ قويۇلىدىغان جاي.

باغلانچى خ. ئاغامچا، ئارقان.

باغى-تاغى بولماق قە. مالىمان چىقارماق، بۇزۇلماق، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرماق. م: بىرنەچچىسى باغى-تاغى بولۇپ، چوماق-توقماق كۆتىرىپ توپىلاڭ چىقاردى.

باكانىياز خ. بىكارچى، بىكار تەلەپ، ئاقنانچى.

بالاخور چاتاقچى، ئىش تېرىغۇچى، ۋەقە تۇغدۇرغۇچى.

بالداق ئەپكەش. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

سۇغا چىقتىم كۆلۈڭگە،
بالداق سىلىپ مۈرەمگە.
دىدارىڭنى كۆرەي دەپ،
نەچچە باردىم مەلەڭگە.

بالۇقا ل. بولقا.

بالىچان قە. بالىغا ئامراق. م: بالىچان ئادەم — بالىغا ئامراق ئادەم.

بالچۇق ت. ئۆزۈك. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئۇ يېقىمۇ ئالچۇق،
بۇ يېقىمۇ ئالچۇق.
ھەجەپ ئوبدان ياراشتى،
يارىم بەرگەن بالچۇق.

Altun0q

بالىكا خ. بالا (ئەكىلەتمە سۆز).
باپتاسۇن قۇ. تاغنىڭ ئىگىز يەرلىرىدە ئۆسىدىغان ئارچىسىمان ئۆسۈملۈك.
بايخان غ. ئۇلاققا چەيلىتىپ يۇمشىتىش ئۈچۈن خامانغا دۈگىلەك شەكىلدە رەتلىك ـ تەكشى دۆۋىلەنگەن بۇغداي ئۇنچىسى (بەزى جايلاردا "پايخان" دېيىلىدۇ).
بايخاندىماق غ. "بايخان"نىڭ پېئىل شەكلى.
بايران ل. ۋەيران. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

بۇلبۇل سايراپ ئۆتتىمۇ،
باغىڭ بايران كەتتىمۇ.
يار ئۇستىگە يار تۇتۇپ،
باشىڭ كۆككە يەتتىمۇ.

بەتكەردە خ. مۇتىھەم، ئۇششۇق؛ لوكچەك.
بەجىنگول قۇ. قات ـ قات ئېچىلىدىغان ئېگىز غوللۇق گول.
بەردەڭگى غ. قاراملىق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

سادىرنى ئاتار بولسا،
بەردەڭگى بىلەن ئاتسۇن.
مەن جاڭجۇڭغا خەت يازدىم،
كاللامنى كېسىۋەتسۇن.

بەردەم قە. چىدام: بەردەمرەك بولۇش ـــ چىداملىغراق بولۇش.
بەشىغىز قۇ. گەپكە ئارىلاشقاق، يېتىم ئاقساقال، ساقالغا ياماشقۇچى.
بەقەم قىش ـ ياز كۆكىرىپ تۇرىدىغان غوللۇق دەرەخنىڭ بىر

خىلى (غولى قاراmتۇل قىزىل، ياغىچى چىڭ كېلىدۇ).

بەگچەك قە. بەگ بالىسى، بەگزادە؛ تاز.

بەلپۇرمە خ. گارمون يوپكا (يېڭىدىن ياسالغان سۆز).

بەلتارتما قە. تاسما بەلۋاغ.

بەلچە[1] خ. موزدوزنىڭ كۆن-چەملەرنى تىلىدىغان، شىلىدىغان پىچىقى.

بەلچە[2] مەش، ئۇچاقتىن كۇل ئالىدىغان كىچىك گۇرجەك.

بەلچە[3] قۇ. تاغ باغرى.

بەلچەك خ. كىچىك كۇرەك.

بەلچىر قۇ. ئىككى ئېقىننىڭ قوشۇلغان يېرى.

بەلدەڭ قۇ. ئەپكەش، بالداق.

بەلدەم قۇ. بوغۇم، ئۆگە.

بەلدىر قۇ. تۆت كوچا ئاغزى، دوقمۇش، تۆت چاسا.

بەلدىمەك بەرتىمەك، تاپاقنىڭ شوينا چىگىدىغان يېرىگە بەرتىك چىقارماق.

بەلكۆينەك قۇ. يوپكا (يېڭىدىن ياسالغان سۆز).

بەلگۇرجەك قۇ. "بەلچە[2]"گە ئوخشاش.

بەلگۈنەك قۇ. ئېدىر باغرى.

بەللىك [1] ل. ئىشتاننىڭ بېلى، لىپەز.

بەللىك[2] قۇ. هارۋا بەلۋىغى.

بەللىمەك نىشانغا ئالماق-قورولغا ئالماق؛ مىلتىققا ئوق سالماق (بەتلىمەكمۇ دېيىلىدۇ).

بەمەل غ. ئۆگە، بېغىش.

بەمەلچەك غ. "بەمەل"گە ئوخشاش.

بەيگە ئالماق   غ. بىرىنچىلىكنى ئالـماق، بىرىنچى بولماق، ئۇزۇپ چىقماق.
بەۋاكەلمەك   قە. تەڭ كەلمەك، توغرا تۇرماق. م: ھۇجۇمغا بەۋا كېلەلمىگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرى قېچىشقا باشلىدى.
بوتا   ھاۋانچا تېشى (بەزى جايلاردا "بۆتە" دېيىلىدۇ).
بوتو   ل. بوتا، تايلاق.
بوجا [1]   قۇ. ئىشەنچ، كاپالەت، مۆلچەر. تۇغۇتـقا بوجا يوق (ماقال).
بوجا[2]   غ. ھارۋىغا قېتىلغان ئاتنىڭ ئۇزۇن تىزگىنى.
بوچا   خ. قاتىلىپ قۇرۇتۇلغان گۆش.
بودا   قۇ. چوڭ مال، قارامال.
بوداق   قە. قىياس، مۆلچەر، پەرەز. م: ئۇ ئويلاپ باشقىچە بىر بوداققا كەلدى.
بودەك   خ. سېمىز، بۇدرۇق.
بودولغو   ل. تاقابىل. م: بودولغو كەلمەك ـ تاقابىل كەلمەك.
بوران چىچىگى   قۇ. مامكاپ، كۇسەيخۇا.
بوران قوپتى   قۇ. بوران چىقـتى. كەمبەغەل تالـقان يىسە بوران قوپۇپتۇ (ماقال).
بۇرۇل   غ. خالدار (چىپار). بۇرۇل ئات.
بوزاڭ توپا   خ. يول توپىسى.
بوزغۇن تۆلەك   ئۇچار ـ قاناتلارنىڭ بىرىنچى قېتىم تۈك تاشلىشى (ئىككىنچى قېتىم تۈك تاشلىشى "كۆك تۆلەك"، ئۈچىنچى قېتىم تۈك تاشلىشى "قارا تۆلەك" دېيىلىدۇ).
بوزقىيا   تۇمان قىروسى (تۇمانلىق قىش كۈنلىرى تال ـ دەرەخ

شاخلىرى ياكى سىمتاناپ تۆۋرۆكلىرىگە باغلىنىپ كېتىدىغان قارغا ئۇخشاش قىرو).
بوزلۇق غ. ئېچىلمىغان تىلك، بوز يەر.
بوزلىماق ئىگرىماق، بۇۋۇللىماق (تۆگىنىڭ بوزلىشى).
بوزلاپ يىغلىماق هۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلىماق، قاتتىق يىغلىماق، تۆگىدەك بوزلاپ يىغلىماق.
بوسۇت غ. تويدا كىشىلەر ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن قويىدىغان سوغا ـ سالام.
بوسۇرما تەلپەك قە. تۇماق ياكى تەلپەكنىڭ بىر تۈرى.
بوسۇق[1] قۇ. بوسۇغا.
بوسۇق[2] ل. بوغۇرساق.
بوسۇنچۇق غ. بوزەك، ئاناي.
بوشقا قۇ. ئوردىدا ئۆششاق ئىشلارغا يەنى لاۋازىمات ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغۇچى كىشى ("بوشقى" مۇ دېيىلىدۇ).
بوش مەيسە قە. بوشاڭ، ئىزلەڭگۇ.
بوغا غ. هارۋىغا قېتىلىدىغان ئاتنىڭ بوينىغا سېلىنىدىغان جۇمبۇ.
بوغجىما خ. بوپا، بوقچا.
بوغچا ل. تويلۇق؛ بوپا، بوغجىما.
بوغداش قە. بىر خىل كۆكتات.
بوغماق[1] ل. باغلام.
بوغماق[2] كۇ. بوغماق، قىلتاق (ئۇششاق جانىۋارلارنى تۇتۇش ئۈچۈن قويۇلىدىغان بىر خىل تۇزاق).
بوغماق[3] خ. سېمىز، دوغىلاق.

بوغۇچ قە. بوقۇش، پۆپۈك.
بوغۇم قۇ. ئىنىم، ئۇكام، سىڭلىم.
بوغۇن[1] خ. چىڭگىلىكتە ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك.
بوغۇن[2] قۇ. ھەرە (ھەسەل ھەرىسى).
بوغۇناق خ. چاڭ ـ توزاڭ.
بوغۇنۇقماق خ. خاپا بولماق، بوغۇلماق.
بوغۇن ياتىغى قۇ. ھەرە كۆنىكى.
بوقتاق قۇ. كىچىك داۋان ياكى توغرا قىر.
بوقتۇغ ل. جەينەكتىن يۇقۇرى مۈرىگىچە بولغان ئارىلىق.
بولاق بولدۇرۇلغان، كۆپكەن. م: بولاق مانتا.
بولجا[1] خ. دەرەخ كۆتىكى.
بولجا[2] مۆلچەر، قىياس.
بولجا تېرەك خ. يىلتىزىدىن كۆكلەپ چىققان تېرەك.
بولجالىماق مۆلچەرلىمەك، قىياس قىلماق.
بولۇق غ. ھوسۇللۇق، ئوخشىغان. م: بولۇق بۇغداي ـــ ھوسۇللۇق بۇغداي.
بولۇم لاياقەت، ئىقتىدار، قابىلىيەت. م: بولۇملۇق كىشى ـــ قابىلىيەتلىك كىشى. بولۇمىسىزنى بولدۇرالمىدىم، خۇرجۇن ـ قاچىسىنى تولدۇرالمىدىم (ماقال).
بونجا قە. ئىككى ـ ئۈچ يىللىق كۆچەت.
بوي قۇ. بويتاق، تۇل. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

تەكتۇشلار ئۆيلىنىپ كەتتى،
بىز يۈرۈيمىز مۇ بوي.
ساقال ـ بۇرۇت قولغا كەلدى،

AltunOq

قىلمايمىزمۇ توي.

بوياق قۇ. زاراڭزا.

بوياندىماق قە. بويىننى سوزۇپ قارىماق.

بوي ئاينەك قۇ. تام ئەينەك (تامغا يۆلەپ قويۇلىدىغان تىك ئەينەك).

بويتاسما ۋۇجاڭدەي (ئەسكەر باشلىقلىرى بويىغا ئاسىدىغان تاسماباغ).

بويسۇرە غ. بوي سۇرۇشتۇرۇپ، بويىغا قاراپ. م: باللارنى بويسۇرە قىلىپ تىزماق.

بويلاشماق بوي ئىگىزلىكىنى سېلىشتۇرماق. م: ئىككىمىز بويلىشىپ باقايلى، قايسىمىز ئىگىز ئىكەنمىز.

بويلىماق بويۇننى سوزۇپ قارىماق؛ تەگمەك، يەتمەك؛ ئۇ يىراققا بويلاپ قارىدى؛ ئاغامچا قۇدۇققا بويلىمىدى؛مەن سۇغا بويلىمىدىم (مەن سۇنىڭ تەكتىگە يېتەلمىدىم).

بويۇنچاق قۇ. خامۇت (كالىنى هارۋا ياكى ساپانغا قوشقاندا، بويىنىغا سېلىنىدىغان جەينەكسىمان ياغاچ ئەسۋاپ).

بۇتناش باتناش، قېيىداش، ئاغرىنىش. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئېرىق ــ ئۆستەڭ ئاتلايسەن،
يۇقۇرى ــ تۆۋەن قاتنايسەن.
ئىشىڭ ئوڭغا تارتمىسا،
ماڭا نىمە بۇتنايسەن.

بۇرالقا قۇ. مۇساپىر، ياقا يۇرتتىن كېلىپ قالغان، ئىشىكمۇ ــ ئىشىك دوقۇرۇپ يۇرگۇچى ("بۇرالقى"مۇ دېيىلىدۇ).

بۇردا بولماق خاپا بولماق، ئاچچىغلانماق.
بۇردۇ ل. ئالدام (تۇرپاندا بۇردا دىيىلىدۇ، بۇردا قىلماق ـ ئالدىماق، ساختا قىلماق).
بۇرنى بۇرودىغان قۇ. ئىشى ئوڭمىغان، تەلەيسىز.
بۇرنى كۆپمەك غ. بالاغەتكە يەتمەك (سەلبىي مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ).
بۇرنىنى تارتالماي قالماق بەك ئالدىراشچىلىق بولۇپ كەتكەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.
بۇرنىنىڭ تۆپىسىگە ئېلىپ قويماق غ. پىسەنت قىلماسلىق، ئېتىۋارغا ئالماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.
بۇرۇتىنى يېكەندە ئالماق غ. ئەپلىمەك، جايلىماق، جاجىسىنى بەرمەك.
بۇرۇغدىماق قۇ. كۆزگە چۈشكەن ئاقنى ئەمەلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان بىر خىل ئاددى ئۇسۇل.
بۇرۇقماق غ. غەرق بولماق. م: ئىسقا بۇرۇقماق؛ هاراققا بۇرۇقماق ـــ هاراققا غەرق بولماق.
بۇرۇندۇق ل. چۈلۈك (تۆگىنىڭ).
بۇز ئادەم قۇ. ئىش بۇزار، چاتاقچى: بۇ بالا بۇز ئادەم چىقىپ قالدى ـــ بۇ بالا ئىش بۇزار ئادەم چىقىپ قالدى.
بۇزۇم بېشى قۇ. بەڭۋاش، ئىش بۇزدى، چاتاقچى.
بۇس ـ بۇلغۇناق قە. بۇس ـ تۇتۇن. م: بۇس ـ بۇلغۇناق تۇتۇن دىمىقنى ئېچىشتۇرماقتا ئىدى.
بۇغداي ئۇمىچى قە. بۇغداي ئۇنىنى سەل نەمدەپ ئالقاندا هىمىرىپ ئېتىلىدىغان ئۇماش.

بۇغدىيەك قە. كىيكىرتەك؛ بىر خىل ئوت.
بۇغۇل قە. "بورۇل"غا ئوخشاش.
بۇغۇنۇتتە قۇ. بۇ يەردە، مەشەدە.
بۇقا باغلىماق غ. بىخ چىقارماق. م: دەرەخ بۇقا باغلاپتۇ، بۇ يىل مىۋە ئوخشىغىدەك.
بۇل ئاشلىقنىڭ يامغۇردا قېلىپ بۇزۇلۇشى. م: بۇ بۇغداي بۇل بولۇپ قېپتۇ.
بۇلبۇلەك خەرەك.
بۇلتۇلىماق قۇ. گوللىماق، بەزلىمەك، بانا قىلماق، ئاغى قىلماق. م: سەن بالىنى بۇلتۇلاپ تۇر، مەن تالاغا چىقىپ كىرەي.
بۇلجىماق قىسىرلىماق، قوزغالماق، مىدىرلىماق، تەۋرىمەك.
بۇلغۇچلىماق سىلكىشلىمەك، ئۈست-بۆرىلەرنىڭ بىر نەرسىنى چىشلەپ تۇرۇپ سىلكىشلىشى، كالىنىڭ مۈڭگۈزىنى ئۇ ياق-بۇ ياققا پۇلاڭلىتىشى.
بۇلغىماق قۇ. پۇلاڭلاتماق، شىلتىماق. م: قولۇڭنى تولا بۇلغىماي گەپ قىل.
بۇلۇقتۇرما تۇرۇم-تۇرۇم، تۇرۇلۇپ-تۇرۇلۇپ. م: تۇرخۇندىن ئىس بۇلۇقتۇرما بولۇپ چىقىۋاتىدۇ.
بۇي سالماق خ. ئىسرىق سالماق.
بۇيسۇ ل. ئەترە، ئادىكولۇن.
بۆتۈن غ. يوچۇن، يات.
بۆجەن توشقان بالىسى (بەزى جايلاردا "بىجەن" دېيىلىدۇ).
بۆرە بېگى قۇ. ياۋا ھايۋانلارغا مەسئۇل بولغۇچى بەگ.
بۆرە تېرىسىنى كەيمەك غ. ھاۋا تۇتۇلغانلىقىنى ياكى

ئادەمنىڭ غەزەپلەنگەنلىگىنى بىلدۈرىدۇ.
بۆرە سامسىغى بىر خىل سېمىز ئەتلىك تەييارتاپ ئوت.
بۆرە سويمىسى قە. كەپە قوغۇن (قومۇلدا "كەلپىغون" دېيىلىدۇ).
بۆرەكچە هالقا قە. بۆرەك شەكلىدىكى زىرە.
بۆرتە ئات غ. ئېشەك رەڭگى ئات.
بۆرتمە غ. قاپارتما: بۆرتمەگۈل — قاپارتماگۈل؛ بۆرتمە شال — قاپارتماگۈل چىقىرىپ ئىشلەنگەن رومال.
بۆزچى ل. توقۇمچى، باپكار. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

تەكتەك ئېتەر تۆمۈرچى،
پۇلنى ئۇسار كۆنچى،
بىلىگچە ئورا كولاپ،
جان تالىشار بۆزچى.

بۆسكەك غ. قوپال، ئارقان ئۇزەر.
بۆشۈك تەۋرەتكە قۇ. ياچۈەك.
بۆكەيمەك قۇ. ئېگىشمەك، دوڭغايماق.
بۆكتۈرگە غانجۇغا.
بۆكتەرلمەك غانجۇغىلىماق.
بۆكسە قۇ. پەس، تۆۋەن.
بۆكسى بولماق قۇ. ئېگىشمەك، پۈكۈلمەك، پەسلىمەك.
بۆكمەك قۇ. بوي ئەگمەك، بوي سۇنماق، تەسلىم بولماق، ئەل بولماق؛ كەمتەر بولماق.
بۆلەك قۇ. خالتا، سوۋغا. م: خالتا-ۋېلەك ئەۋەتتۇق — سوۋغا-سالام ئەۋەتتۇق.

بۆلەك چىقماق ئۆي ئايرىپ چىقماق.
بۆلەنچۈك قە. سەگۈنچۈك.
بۆلگە ل. سوۋغا، سوۋغا ـ سالام، خالتا، خالتا ـ ۋىلەك.
بۆۋەر قۇ. كۈنگەي، كۈنباقار تەرەپ.
بۆۋەك خ. بوۋاق.
بۆۋەكچىلىك غ. گۆدەكلىك، تەربىيەسىزلىك، ياشلىق، بالىلىق.
بۈجۈ قۇ. جىن، ئالۋاستى (كىچىك بالىلارنى قورقىتىشقا قوللىنىدىغان سۆز).
بۈگۈلۈك غ. ياغاچ چاك، كاك كارۋىتى، بەنچاك.
بۈلدۈرگە قۇ. قامچىنىڭ قارسىلدىتىدىغان چۇچىسى؛ ئوقنىڭ بۈلدۈرگىسى.
بۈۋىقاپاق "بوز قىيا"غا ئوخشاش.
بىتالدى غ. ئۆز ئالدىغا، ئۆز مەيلىچە؛ بىكارغا، بوشقا.
بىتەمترا قۇ. ئالدىراڭغۇ.
بىجمبوش قە. بوشاڭ، غەيرەتسىز.
بىدىردىماق قۇ. قىسىلماق، ئازار يىمەك، خارلانماق.
بىزەك زىننەت، ياسىداق، ياسانچۇق، ساختا.
بىسىق غ. ئېغىر؛ پەسكارىغا چۈشۈپ قالماق. م: دادىسىنىڭ پەيلىگە قاراپ، ئوغلى خېلى بىسىقىغا چۈشۈپ قالدى.
بىسقلىق خ. ئۆنجە. م: ماۋۇ خاماندىكى بىسقلىق كىمنىڭ؟
بىسلغاق بىر خىل ئۆسۈملۈك.
بىشى باغلاقلىق غ. بىراۋغا ياتلىق قىلىشقا پۈتۈشۈپ قويغان قىز بىشى باغلاقلىق قىز دېيىلىدۇ.
بىشى بوش غ. بىرسىگە باغلانمىغان، دېيىشىپ قويغان

Altun Oq

يېرى يوق، لايىغى يوق، پۈتتۈشمىگەن.

بېشى تۆرىمەك بېشى ئايلانماق، ئېزىپ قالماق. م: بۇ ئايلانما كوچىلارغا كىرىپ بېشىم تۆرەپ قالدى.

بېشىدا چېقىلغان چاقماق غ. بىراۋنى بوزەك تاپماق ياكى ئەخمەق قىلماق.

بېشىدا دەنشالڭ يولىماق ھىلە-مىكىر ئىشلەتكەنلىكىنى بىلدۈ-رىدۇ.

بېشىدا ياڭاق چاقماق بوزەك تاپماق، قىينىماق.

بېشىغا چاڭگا تىزماق قە. كولدۇرلاتماق، قىينىچىلىققا سالماق، تەڭقىسلىقتا قويماق.

بېشىغا سۇ قۇيماق غ. زايا قىلماق، ئىسراپ قىلماق، بۇزۇپ چاچماق. م: قاراپ تۇرۇپ بەش يۈز كويىنىڭ بېشىغا سۇ قۇ-يۇۋەتتى.

بېشىغا سىركە قۇيۇۋالماق قە. بېشىغا بالا تېرىۋالماق، ئۆزىگە ئىش تېپىۋالماق.

بېشىغا ئۇسسىتما چۈشمەك قە. بېشى قاتماق، بېشىغا غەم چۈشمەك.

بېشىنى بەركەش، يەلكىسىنى ئەپكەش قىلماق قە. بىرەر ئىشنى جان پىدالىق بىلەن، جاپادىن، قورقماي تىرىشىپ ئىشلەشنى سۈپەتلەشتە قوللىنىلىدىغان ىبىرىكمە.

بېشىنى غاجاپ ئولتۇرماق غ. كىشىگە ئارىلاشماي، يالغۇز ئوچاق بولۇپ ئۆتۈشنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ىبىرىكمە.

بېشىنى ئوچاق قىلىۋەتمەك قە. چوقان سېلىپ، تاپا-تەنە

بىلەن، باش-مىگىسىنى يەۋەتمەك، گاڭگىراتماق. م: ۋاي دۇي-
جاڭ، مۇبادا ئاشلىق ئوخشماي قالسا، ئەزالار يىغىلىپ، بىشى-
گىزنى ئوچاق قىلىۋېتىدۇ، جۇمو!
بېشى ئوچۇق غ. ”بېشى بوش“قا ئوخشاش.
بېشى ئىششىپ قالماق بىر ئىش ئۈستىدە ئەخمەقلىق قىلغان-
لىقنى بىلدۈرىدۇ.
بېغىر باسماق غ. ئۆزلىشىپ قالماق.
بېغىرساق ت. ۋاپادار، سادىق، مېھرىبان.
بېغىش قۇ. تۆگىمەننىڭ نوۋىتىنى كۈتۈپ ئاپىرىپ قويىدىغان
ئازغىنە ئاشلىق.
بېقىم قە. قاراش، خەۋەر ئېلىش، تەربىيە، غەمخورلۇق
قىلىش، بېقىش. م: بۇ بالىنىڭ بېقىمى ياخشى بولماپتۇ؛
بېقىمسىز بالا — تەربىيە كۆرمىگەن بالا.
بېقىمتۇل قۇ. يېشىل بىلەن سېرىق ئارىلىقىدىكى رەڭ.
بېكىشمەك غ. پۈتۈشمەك. چېكىشمىگۈچە بېكىشمەس
(ماقال).
بىجاقى كۇ. ئۈزۈمنىڭ بىر تۈرى.
بىجە ت. بۈجىغۇر. م: بىجە قوزا، بىجە كۆرپە.
بىجىق خ. ئەمچەك (ئاياللارنىڭ).
بىجىك قۇ. قازناقنىڭ ئىچىدىكى نەرسە-كېرەك ئېلىپ قويۇ-
لىدىغان تەكچە.
بىجىك كىرمەك قۇ. كىچىك بوۋاقلارنىڭ چېچى ئىككى
چېكىسىدىن چۈشۈپ كەتمەك. م: بۇ بالىنىڭ چېچىغا بىجىك
كىرىپ قەپتۇ.

بجگەن قوغۇننىڭ بىر تۈرى ("مجگەن"مۇ دېيىلىدۇ).
بجىنار غ. ياغلىق ئۆرۈك، ئاق ئۆرۈك.
بچاغ خ. ۋاقتسىز، قەرەلسىز، خالىغان چاغدا.
بچقم قە. بولۇمسىز، ئىقتىدارسىز، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، ھاڭۋاقتى.
بچم قە. يۈزدىكى ياكى ئالقاندىكى سىزىقچىلار.
بخسماق غ. كۆكۈرۈپ قالماق، پاختىلىشىپ قالماق (بەزى جايلاردا "نخسماق" مۇ دېيىلىدۇ).
بىرىماق ت. كۆڭۈل غەشلىكى، كۆڭۈلنىڭ بىئاراملىقى. م: ئۇ بۈگۈن ناھايىتى بىرىماق كۆرۈنىدۇ.
بىرەپتات بولماق كەلدى ـ باردى قىلماسلىق، ئارازلىنىش، نېرى تۇر ـ بېرى تۇر بولۇپ قالماق.
بىرەن ـ سىرەن ئاندا ـ ساندا، بىرە ـ بىرە.
بىر پاساتلىق قە. بىر قېتىملىق. م: بىر پاساتلىق جەڭ.
بىر توغرام غ. بىر جايدا ئولتۇرالمايدىغان، شاختىن شاخقا قونۇپ يۈرىدىغان ئادەملەرنى سۆپەتلەشتە قوللىنىلىدۇ.
بىر توقاي غ. بىر تالاي، بىرمۇنچە.
بىر سەتەل قۇ. مقدار سۆز (بىر سقىمدىن ئازراق).
بىر قىلماق يايماق، يېيىۋەتمەك، ئاشكارا قىلىۋەتمەك. م: ئۇ بۇ ئىشنى جاھانغا بىر قىلدى.
بىر كەلتۈرمەك "بىر قىلماق"قا ئوخشاش.
بىزە قۇ. بىرئاز.
بىزەزىر قۇ. ئانچە ـ مۇنچە، بىرئاز.

بىزمان سەل تۇرۇپ، بىرئازدىن كېيىن. م: بىزمانلىققا ــ بىردەمدىن كېيىن.
بىزىر قۇ. بىرئاز، سەل. م: بىزىر تۇرۇپ تۇر ــ سەل تۇرۇپ تۇر.
بىزىك قۇ. بىرئاز، كىچىككىنە، ئازغىنە.
بىزىندە قۇ. قولتارتقۇ (باللارنى بۆشۈككە تېڭىپ قويىدىغان باغ).
بىقورۇچىلىق قە. كىشىگە قارام بولۇپ قېلىش، كىشىنىڭ قولىغا قاراپ قېلىش.
بىيلەن قۇ. هورۇن، ياڭقاۋ، ئېرىنچەك، ئېرىنلەڭگۈ، تەييار تاپ (تاغلىقلار سۆزى).

پ

پاپىلماق ت. ئۆملىمەك (قۇمۇلدا "پۆپۇلىمەك" دېيىلىدۇ).
پاتاق ئاق قۇناقنىڭ يانچىغاندىن كېيىن قالغان دان شاكىلى.
پاتالڭ گەجگە، بويۇننىڭ ئارقا تەرىپى؛ بويۇن گۆشىدە بولىدىغان پەيسىمان ماددا (بەزى جايلاردا "چاچ"مۇ دېيىلىدۇ).
پاتاڭگۇشاماق غ. گەجگىگە ئۇرماق.
پاجاق غ. گىلەم توقۇش چەللىسىنىڭ تۆۋرۈكى.
پاخپاق زىرائەتلەرنىڭ قويۇق، ئۆسكەلەڭ، ئەمما دانسىز بولۇپ قېلىشى؛ قۇرۇق، پو. م: بۇ بۇغداي پاخپاق بولۇپ قېپتۇ؛ پاخپاق گەپ.
پاختىگى ئوڭدا ئۇچماق ئىشى ئېقىپ قالغانلىقنى، ئامىتى كېلىپ قالغانلىقنى بىلدۈرگۈچى ىبرىكمە.
پاختۇەن پاختىدىن قىلىنغان ئوق، يالغان ئوق. م: بۇ شەھەرنى بىر كۈندە ئالىمىز دەپ پاختۇەن پونى ئاتقان ئىدى؛ پاختۇەن ملتىق — باللار ئويۇنايدىغان ئويۇنچۇق ملتىق (ئوقى پاختىدىن قىلىنىدۇ).
پاخشە قە. چېقىلغان، بۇزۇلغان، سۇنۇق. م: پاخشە تۇخۇم، پاخشە خىش.
پاخما قە. پاخپايغان، جىڭگىلەك ئالتۇن باشلىق ئاتاڭ بىلەن

Altun0q

قالغۇچە، پاخما باشلىق ئاناڭ بىلەن قال (ماقال).
پاخماچىگە ل. ئىلغانىغان بىسلىغاق چىگە.
پارەش قۇ. ئاشپەز (ئوردا ئاشپەزلىرى پارەش دىيىلىدۇ).
پارپاق كۇ. "پاخپاق"قا ئوخشاش.
پارتاگچى ت. بەتخەج، ئىسراپخور.
پارلىماق قۇ. تاللىماق، خىللىماق؛ پەرلىمەك، قارا چىراقنىڭ پىلىگىنى چىقىرىپ قويماق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

چىراق نىمە كۆيمەيدۇ،
پارلاپ قويسا كۆيمەمدۇ.
يىراقتىكى يارلانى،
چىللاپ قويسا كەلمەمدۇ.

پاسار خ. قوناقنىڭ شىخى. م: پاسار ئوتىنىڭ كۈلى چوڭ، ساپساپچىنىڭ گىپى (ماقال).
پاساڭ[1] قۇ. ياستۇق ياغاچ؛ هارۋا شوتىسىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئىككى يوتىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان چىتىق ياغاچ.
پاساڭ[2] قە. غازاڭ (خازان). م: قوغۇنىنى پاساگداش — قوغۇننى غازاڭ قىلىش.
پاسپاس[1] ل. پىستان، پىسپىس، پىسلداق.
پاسپاس[2] قۇ. ناچار، يارامسىز.
پاسلداق ل. قوماچ.
پاشا ل. چىۋىن.
پاشلىق ل. چىۋىنلىق (پاشا ۋە چىۋىندىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۆشەككە ئورنىتىلغان تور چىمىلدىق).
پاقا بەشگى ل. قۇلۇلە.

پاقا ئۇتى سۇدا ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك.
پاقۇل ل. قوناچ، پاسىلداق.
پاقلەش ئۇزاق ۋاقىت ئاقماي تۇرۇپ قالغان سۇنىڭ يۈزىدە پەيدا بولىدىغان لەش.
پاگى خېمىر تۇرۇچ.
پاڭ ساغرو، گاس.
پاكپا قۇ. ئاختارمىلىقتىكى يوغان چالما (بەزى جايلاردا "پامپا"مۇ دېيىلىدۇ). ئاختارمىلىقتىن پاكپا تېپىلماپتۇ (ماقال).
پاكپارا قۇ. "پاكپا"غا ئوخشاش.
پاكپارىماق قۇ. تولا سەمرىپ كېلەڭسىزلىشىپ كەتمەك. پومپىيىپ كەتمەك. م: بۇ خوتۇن سەمرىپ، پاكپاراپلا كېتىپتۇ.
پاكقاي غ. "پاڭ"غا ئوخشاش.
پاكقۇش غ. دۆت، ھاڭۋاقتى.
پالاق بۇزۇلغان، سېسىپ قالغان، كۆكىرىپ قالغان. م: پالاق تۇخۇم، نان پالاپ قېپتۇ.
پالادا قۇ. "پالاق"قا ئوخشاش.
پالاقمان قە. كامالەك، ياي.
پالاڭ پاخال. م: شال پالىگى-شال پاخلى.
پالپاڭ كۇ. چالما، پامپا، پاكپا.
پالتۇك غ. پەگا (ماگدا)نىڭ بىر چېتى، كەش قويۇلىدىغان ئورۇن.
پالچىق ل. سۇ بار كېچىك.
پالقان قۇ. ئاياقنىڭ سوكىغا ئورنىتىلغان قەلەي.

پال كۆز غ. پۇلتىيىپ چىقىپ تۇرغان كۆز. م: ئۇنىڭ پال كۆزلىرىمۇ ھەمىشەم بىرلا نۇقتىغا قاراپ تۇراتتى.
پالوپا قۇ. پالەچ؛ پۇتلاشماق.
پانا چوگراق ياغاچ شىنا.
پاناس خ. ئىزناكقا ئىشلىتىلىدىغان مىتال.
پاناقىماق غ. پانا تارتماق، پاناغا ئىرىشمەك، يۆلەكچىگە ئىرىشمەك.
پانۇس ئوت ئىتىز بويلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت.
پاۋان خ. پالۋان — پەھلىۋان (بۇ سۆز باتۇر، قەھرىمان، كۈچلۈك؛ مەرگەن؛ ئوۋچى دىگەن مەنىلەرنى بىرىدۇ).
پاي بەرمەسلىك غ. چىداش بەرمەسلىك، پايلىماسلىق.
پايتىمىسىنى تەتۈر ئورىماق پالاكەت باسماق، تەلىيى قاچماق.
پايچەك خ. پاچاق.
پايخان خ. يانچىش ئۈچۈن خامانغا دۆۋىلەنگەن ئۆنچە؛ پاچاق سۆڭىكى. م: پايخان سالماق — ئۆنچە يايماق. پايخىنىڭنى چىقىۋېتىمەن.
پايخانىماق خ. چەيلىمەك، دەسسىمەك، يانچىماق، پىتىقدىماق.
پايسوق خ. پوسۇققىدە، تۇيۇقسىز، تاسادىپى ("پارسوق" مۇ دىيىلىدۇ).
پايكا خ. مەخسۇس چىلىمدا تاماكا ساتقۇچى.
پايلامسىز قۇ. چىدامسىز، تاقەتسىز.
پايلىماس غ. چىدىماس. چىدىماسىنىڭ تۈيى پايلىماسنىڭ

قېشىدا (ماقال).

پايلىماق مارىماق، پىيىغا چۈشمەك. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

لەپ ـ لەپ قىلىپ قارلار ياغدى،
تاغلارنى بويلاپ.
ئۆتكۈر كۆزلەر ئوقيا بولدى،
دۈشمەننى پايلاپ.

پايمال قىلماق خ. دەسسەمەك، يانچىماق، چەيلىمەك: دەپسەندە قىلماق، ئاياغ ئاستى قىلماق، دەخلى ـ تەرۇز قىلماق، زىيان يەتكۈزمەك. ("پاخنانلىماق"مۇ دېيىلىدۇ).

پەت قۇ. ھىلە، ئامال، نەيرەڭ. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

مەن بىر ئاناي ئادەم،
پەت ئۇرساڭ خۇدايىم بار،
سەن ساقلىمساڭ مېنى
ساقلىغۇچى ئىگەم بار.

پەتەك قە. پاكار.

پەتتە قە. توي خېتى.

پەتلە تۇگمە تۆشۈكى (چاپاننىڭ پەتلىسى).

پەپىلقۇش خ. قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەم.

پەچمە قۇ. رەددىيە، دەككە، پەشۋا.

پەدەڭ تاماق يەيدىغان سىرلىق قاچا.

پەدىگەن قۇ. پەتنگان، چەيزە (تۇرپاندا "پىدىگەن" دېيىلىدۇ).

پەرەڭ خ. بۇرۇن تۆشۈكىنىڭ ئارىسىدىكى كۆمۈرچەك سۆڭەك.

پەرەڭ قېنىق قىزىل. م: پەرەڭ ياغلىق ـــ قىزىل ياغلىق.

پەرسەڭ قۇ. ھەسسە، پائىز، پىرسەنت.
پەركا قۇ. ۋارونكا (بوتۇلكىغا ئوخشاش ئاغزى كىچىك قاچىلارغا ماي ۋە باشقا سويۇق نەرسىلەرنى قۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاپ)؛ سىركۇل (دۇگىلەك ـــ چەمبىرەك سىزىق سىزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاپ).
پەرلىگۈچ قە. قاراچىراقنىڭ پىلىگىنى چىقىرىدىغان ياغاچ (بەزى جايلاردا "پەلكۈش" دېيىلىدۇ).
پەرلىمەك چىراقنىڭ پىلىگىنى چىقارماق؛ ياغلىقنىڭ چۆرىسىنى پەرلىمەك.
پەزلەنمەك قۇ. تەمشەلمەك، تەييارلانماق.
پەستەۋەت خ. پەسكەش، ئىپلاس. م: پەستەۋەت نائەھلىلەر.
پەشلىمەك قە. گۆشتىن ياغنى پەشلەپ ئالماق.
پەغەز خ. كەپتەر قونىدىغى. م: پەغەزگە ئاران قونغان كەپتەرنى ئۇچۇرۇۋەتتى.
پەقەش قۇ. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ پوقى. م: بوۋاق پەقەش قىلىپ قويىدى.
پەگا قە. ئۆينىڭ تاپىسىنىڭ ئايىغى، كەش سېلىپ قويىدىغان يېرى.
پەلەك قوغۇن، تاۋۇز، كاۋا قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولى (بەزى جايلاردا "پەلەز" دېيىلىدۇ).
پەلتەڭ خ. تۆت پۇتلۇق ئۇزۇن ئورۇندۇق، بەلدىڭ.
پەلكەت قۇ. يامان، ئەسكى، ناچار. م: پەلكەت بالىكەن ـــ ئەسكى بالا ئىكەن؛ پەلىكەت رەخكەن ـــ ناچار رەخ ئىكەن. (بەزى جايلاردا كالاكپاي مەنىسىدە "پالاكەت" دېيىلىدۇ).

Altun0q

پەلكۈش "پەرلىگۈچ"كە ئوخشاش.
پەلەك خ. ساغرا، كاسا.
پەلەمەك خ. گوللىماق، ئالدىماق.
پەنە قۇ. شىنا.
پەنجە خ. گىلەم توقۇشتا ئۆتكۈزۈلگەن يۇڭ يىپنى چىڭىتىدىغان سايمان.
پەيتارى خ. كۆچمە: ئورۇق ئادەم.
پەيجەمبى خ. تامبال.
پەيتۇ خ. ياستۇق.
پەينەۋرە ئەۋرە (نەۋرىنىڭ بالىسى).
پو قۇ. هور، پار، بۇغ، بۇس. م: قازاندىن پو چىقىپ تۇرىدۇ.
پوپاي خ. سېمىز. پاكار ئادەم.
پوپىماق قە. باسماقدىماق، دەسسەپ بانچۇەتمەك، ئاستىغا بېسىۋېلىپ يەرگە نىختىماق (ئادەمنى)؛ دەسسەپ چىڭدىماق (دۇملەنگەن ئوغۇتنى).
پوتا بەلۋاغ. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

قارا زوچو پوتىنى،
ئىككى چىكىپ باغلىدىلا.
يار ئۈستىگە يار تۇتۇپ،
بېغىر ـ يۈرەكنى داغلىدىلا.

پوتا ئويۇنى قۇ. مەشرەپتە ئەر ـ ئاياللار بىر بىرىگە پوتا تاشلاپ ئويناپدىغان ئويۇن.
پوداق قە. سېمىز، پومپۇر.

پوراچ قه. تۆز، لازا قاتارلىق نەرسىلەرنى قويۇش ئۈچۈن ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان قاچا.

پورەك ئا. قوناق زاغرىسى.

پورپاڭ قۇ. توزاڭ، چاڭ، يۇمشاق، م: پورپاڭ توپا — يۇمشاق توپا.

پورپاڭ چىقارماق قۇ. غەۋغا چىقارماق.

پورنان قۇ. هورنان، جىگموما.

پوزنەك قه. دۆۋە؛ پومزەك. م: بالامنىڭ قوۋۇزى پوزنەك بوپ قاپتۇ؛ پوزنەك-پوزنەك قەۋرىلەر، پوزنەك-پوزنەك دۆۋىلەپ قويغان ئوغۇتلار.

پوستەك[1] قه. تۇگمەن هەققى؛ تېرە سۇپۇرگە (تۇگمەن ياكى موپاڭدا ئۇن سۇپۇرىدىغان تېرە سۇپۇرگە).

پوستەك[2] قارىياغاچ تەگكىسى — قارىياغاچ پوستىكى.

پوستەكچى قه. تۇگمەنچى.

پوستۇما قه. يېغى بىلەن شىلىپ ئېلىنغان قۇيرۇق تېرىسى. م: پوستۇما كاۋاپ.

پوسما بوۋاقلارنىڭ باش كىيىمى، ئاق شاپاق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

كىيىپ دەللە بېشىغا—
چارىدەلە بىر پوسمىنى.
ئازدۇرۇپ يارىم قېشىغا،
قويدۇرۇپتۇ ئوسمىنى.

پوسملاق "ئاق پوسملاق"قا قاراڭ. م: پوسملاقنەك سۇمباتلىق جامالىغا مەغرۇرلىناتتى.

پوسۇرلىماق غ. قاترىماق، پايپاسلىماق.
پوسوققىتە فە. تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت.
پوسنى چىقارماسلىق قۇ. تۇيدۇرماسلىق، مەخپىي تۇتماق.
پوسنى قويۇپ بەرمەك قۇ. ئىچىۋىنى ئاچماق، يامان گىپىنى قىلماق، يىغىرىنى ئاچماق.
پوق پاچاق لەقۋا، لۆم-لۆم، بىجىمبوش، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەم.
پوقلاق قە. ھاجەتخانا.
پوقى قىڭغىر قۇ. تەرسا، چىگىش، ئىچى يامان (ئادەمنىڭ مىجەز خاراكتىرىغا قارىتىلىدۇ).
پوقىنى بوغۇزلىماق قۇ. بىرەر ئىشقا خاپا بولۇپ ئۆزىچە قايناپ كەتكەنلىكىنى بىلدۇرىدۇ.
پوكان[1] خ. ئۇچار قۇشلارنىڭ دانلىغى؛ گال، كاناي، بوغۇز؛ مەيدە، تۆش.
پوكان[2] ت. چالا پىششىق (ئۈزۈملەر پوكان بوپتۇ، ئۈزۈملەر چېكىلىپتۇ).
پوكانچى خ. قاسساپ. م: پوكانچىلىق — قاسساپلىق.
پوڭزەك پومزەك؛ توپ، كىچىك توپ. م: پوڭزەك ئوينىماق — توپ ئوينىماق؛ قار پوڭزىكى.
پوڭۇللىماق پوڭۇللاپ گەپ قىلماق.
پولداق قۇ. ماياق خالتىسى.
پولداڭ-سولداڭ غ. ساڭگىل-سۇڭگۇل.
پولدۇرۇڭ ئىسقىلىق تۇرغان نەرسە. كۆچمە: ئەگىشىۋالغۇچى (بىراۋ نەگە بارسا ئارقىسىدىن تەڭلا ئەگىشىپ يۈرگۈچى).

پوم قۇ. ھورلۇق نان، ھوپان، جىگموما.
پومساق قە. دوملاق. دۇغىلاق، سېمىز.
پوملاپ ـ سوملاپ ئەپلەپ ـ سەپلەپ، پەلـپەتـىش، قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلىمەك. م: ئىشنى پومـلاپ ـ سوملاپ قولـدىن چىقارماق.
پوملاق قە. يۇملاق. م: پوملاق لاي، پوملاق كۆمۈر.
پوملىماق قە. يۇملاقلىماق، پوگزەكـلـىمەك؛ ئالدىماق، كۆز بويىماق، ئەپلىمەك.
پۇتا ل. يولغۇن.
پۇترىماق قوزغالماق، تەۋرىمەك، سىلـكىنمەك.
پۇتقا چىتىق بولماق توسالـغۇ بولۇپ قالـماق، پۇتلـكاشاڭ بولۇپ قالماق.
پۇتلاش توسالغۇ، ئوڭۇشسىزلىق، پىشكەللىك. م: ئەسكى تامدا قۇشقاچ تولا، نامراتقا پۇتلاش (ماقال).
پۇتىغا چىتىۋالماق ئۆزى ئۆتـكۈزگەن گۇناغا باشقا بىرسىنى چىتىۋالماق.
پۇچقاق مۇشۇك قە. مەلـلـىرەڭ، ئالابالـداق مـۇشـۇك، تاغىل مۇشۇك.
پۇچۇلماق كۆيمەك، شۇرلانماق. كۆچمە: دەرت تارتماق، يەنـ چىلمەك، ئەلەم چەكمەك.
پۇخسارىماق قۇ. دومسايماق. م: ئۇ نەچـچە كۈن بولدى، چىرايىنىمۇ ئاچماي، پۇخساراپ يۈرۈيدۇ.
پۇدەستە قۇ. كۆكـلـى قارا؛ تۇم قارا. قوشاقـتا مۇنـداق كەلگەن:

هەشقىپچەدە يۈكۈلۈپتۇ،
باغدىكى جىنەستىگە.
ئىمىدەپ كۆڭلۈمنى بەردىم،
يار دىگەن پۈدەستىگە.

پۈرجا قۇ. پۈرسەت، ۋاقىت، چاغ، چولا (لوپنۇردا "پۈرجە" دىيىلىدۇ). م: بۇ ئىشقا ھازىرچە پۈرجام تەگمەيدۇ.
پۈرچۈلماق "بۈرچۈلماق"، "پۈچۈلماق"قا ئوخشاش.
پۈرقىماق غ. ئاتنىڭ پۈرقىشى.
پۈرلىماق قۇ. تالىماق، پۈرلاپ باسماق. م: ئىت مۈشۈكنى پۈرلىۋەتتى.
پۈرتىپ قويماق ت. دارتىپ قويماق، ئەسكەرتىپ قويماق.
پۈسكايماق دوڭغايماق.
پۈشتالڭ كۇ. ئۈلاڭ.
پۈشۈقانماق قە. ئىچى پۈشماق.
پوقۇر-پوقۇر قۇ. كۆپ ئادەمنىڭ ئۇ ياق-بۇ ياققا رەتسىز مېڭىپ يۈرگەنلىگىنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق سۆز.
پۈلتايماق. غ. پۈلتىيىپ چىقماق. م: توشقاننىڭكىدەك پۈلتىيىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى.
پۈلتۈكۆز بادراڭ كۆز، پۈلتىيىپ چىقىپ تۇرغان كۆز.
پۈلۈق خ. كىچىك سىۋەت، قوشۇغلۇق.
پۈمىخ خ. سۇرەت قادايدىغان مىخ.
پۈيپۈلماق[1] كۇ. ئاياغ ئاستى قىلماق، بوزەك قىلماق؛ زىرائەتنى دەسسەپ ياتقۇزۇۋەتمەك.
پۈيپۈلماق[2]_ قۇ. بانا قىلماق، ئاغى قىلماق؛ ئىشنى ئەپلەپ_

AltunOq

سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتمەك.

پۆپۆكى سۇغا چىلاشماق غ. "تەلپىگى سۇغا چىلاشماق"قا ئوخشاش.

پۆپۆلىمەك قۇ. پەپىلىمەك (بالىنى پەپىلەپ ئۇخلاتماق)؛ كىچىك بالىنىڭ ئۆمىلەپ مېڭىشى.

پۆرە ئىچىگە كۆكتات سېلىپ، قازاندا ياكى تاۋىدا پىشۇرۇلىدىغان سامسا تۈسىدىكى تاماق.

پۆشۈلۈ قۇ. گاچا، دۆت، ھاڭۋاقتى، پاڭقۇش.

پۆگە قۇ. مەلۇم بىر يەرگە ياكى يەر پاسىلىغا ئورنىتىلغان بەلگە ياكى دۆڭ.

پۈپۈلىۋەتمەك قە. زايا قىلىۋەتمەك، قىرقىۋەتمەك. م: تايىنى يوق بىرنىمىلەرنى ئېلىپ بىرمۇنچە پۇلنى پۈپۈلىۋەتتى.

پۈتەي ئېتىك، تۆشۈكسىز، ئېچىلمىغان.

پۈتمەك خ. ئىشەنمەك؛ يازماق؛ تۆشۈكى ئېتىلىپ قالماق.

پۈتۈجىمەك قۇ. ئېتىلمەك، تولۇقلانماق، پۈتۈنلەنمەك.

پۈرۈم ل. ياغاچتا ياسالغان ياغ قۇتىسى.

پۈزەك خ. ھەرە قىرىندىسى ("پۈزە"مۇ دېيىلىدۇ)

پۈگەت[1] ت. بوتۇلكىنىڭ پۈرۈپكىسى.

پۈگەت[2] قۇ. ئوقنىڭ شاكىلى (قېپى).

پۈگەستە قۇ. "پۈدەستە"گە ئوخشاش.

پۈۋەك بېلىق پۈۋىگى (بېلىقنىڭ ئىچىدىكى خالتىسىمان كۆپۈكچە)

پۈۋەكچە ئۆپكە كۆپۈكچىسى.

پېپەكدىمەك كۇ. چىكانىكىلىماق، چىكان قىلماق، كېۋىز ۋە

شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈۋەتمەك.
پىپەكدىۋەتمەك ئا. خورازنىڭ مېكىيانىنى بېسىشى.
پىت كۆز بېخىل، پىخسىق، چاكىنا.
پىتىر قۇلاق ياغاچ قۇلاق.
پىچەك غالتەك (يىپ غالتىگى). م: پىچەكلىك يىپ ــ غالتەك يىپ.
پىقىرغۇچ غ. نۇر (مۇزدا پىقىرىتىپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇق.)
پىپى[1] چىمشىر (ۋەلىسىپىتنىڭ چاقىغا يەل بېرىشتە ئىشلىتىلىدىغان كىچىك رېزىنكە نەيچە).
پىپى[2] خ. لېپىر، سۇنايىنىڭ پىپىسى.
پىتلىنىپ قالماق ھاللىنىپ قالماق، بېيىپ قالماق.
پىتىراڭغۇ غ. تارقاق، چېچىلاڭغۇ.
پىتىگە قۇ. كىچىك بالىلارنىڭ قوسىقى يوغىناپ، بويى ئۆسمەي قالسا، پىتىگە بولۇپ قېپتۇ دېيىلىدۇ.
پىچەن ئوروپ قۇرۇتۇلغان ئوت، خەشەك؛ چىغىرتماق.
پىچىلماق يېرىلىپ كەتمەك، م: پۇتۇم پىچىلىپ كەتتى.
پىچىم كېسىم، باھا؛ تەقدىر؛ بوي ـ تۇرق، جۇغ، پىگۇرا.
پىچىمچى قە. كىيىملىك كەسكۈچى.
پىرخار بولماق قۇ. بەك قېرىپ كەتمەك.
پىراۋەدى خ. يامان، ھەممە ئىشنى ئالا قويمايدىغان.
پىردەس خ. توشۇق، بەك جىق.
پىرغاي قۇ. تولغىماچ، بۇدرە.
پىرلاڭ قۇ. ئاق تۇرما (بالدۇر پىشىدىغان تووپچىسىمان تۇرۇپ).

پىرلىماق قۇ. كۆينەك ياكى ياغلىقنىڭ چۆرىسىنى ئۇچىگە قايرىما قىلىپ تىكمەك (بەزى جايلاردا "پەرلىمەك" دېيىلىدۇ)
پىروزا كۆز خ. كۆك كۆز. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

قارا كۆز ئاراسىدا،
پىروزا كۆز بىرە-بىرە.
پىروزا كۆز ئالدىدا،
قارا كۆز تەمەچ تىرە.

پىرىلداق شامال ياكى پۇرجىنا ۋە قول كۈچى ئۆز ئوقى چۆرىسىدە تېز ئايلىنىدىغان ئويۇنچۇق.
پىژغىرىم قە. قاتتىق ئىسسىق، كۆيدۈرۈپ تۇرىدىغان ئاپتاپ، پىژ-پىژ ئىسسىق.
پىسپىس ل. پىستان، پىستىلداق.
پىستە خ. خاۋازا.
پىسى پوق قە. مىت-مىت، روھسىز، جانسىز، مىس-مىس.
پىسىر غ. ئېزىلەڭگۈ، مىس-مىس.
پىسىنچا قۇ. گىرەچە.
پىشكى قە. ئازراق، بىزە (بەزى جايلاردا "پىتكى" دېيىلىدۇ).
پىقراپ كەتمەك قۇ. خوتۇنلار تۇغۇتى يېقىنلىشىپ، قوساقلىرى دومبىيىپ، بەك كېلەڭسىزلىشىپ كەتسە، پىقراپ كېتىپتۇ دېيىلىدۇ.
پىلەلە قۇ. پىيالا.
پىلدىر پەلەك قە. قوناق ئۇنىنى چىلان شەكلىدە يۇملاقلاپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل تاماق.
پىلچەك قە. ماروژنا ئۇسىدىغان كىچىك ساپال كورۇشكا.

پىنە قۇ. شاكال، قاسراق، ئۇۋاق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

سەن ئۆزەڭنى كىشى دەمسەن،
سەن تېرەقنىڭ پىنىسى.

پىنەك ئ. نەشە.

پىنناس كۆچمە: تەڭگە، پۇل. م: كىچىككىنە پىنناس، ئالەمنى
كېزىپ تىنماس.

پىننە ئ. رەيھان.

ت

تاپ ئۆلگەن هايۋانىنىڭ تېنى؛ ساپانىنىڭ ئىزى، ئېرىقچە (ئېتىزغا تاپ سالماق، ئېرىقچە چىقارماق).
تاپا ئەيىپلىمەك، تاپا_تەنە.
تاپان_توزاق توزاق، قىلتاق.
تاپاندىماق غ. ئىزىغا چۈشۈپ ماڭماق، پېيىغا چۈشمەك.
م: بىر ئادەم كەينىمدىن تاپانداپ يۈرەتتى.
تاپانسۇ غ. سائەتلىك سۇ، ئادەم كۆلەڭگۈسىنى تاپان بىلەن ھىساپلاپ ئۆلچەپ تۇتۇلىدىغان سۇ.
تاپسا پەگا. ئۆيىنىڭ بوسۇغا بىلەن كاڭىنىڭ ئارىلىقىدىكى يېرى.
تاپىنى تۆشۈك قە. كۆرۈنگەن يەرگە قاتراپ يۈرىدىغان ئادەملەرنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان بىرىكمە.
تاپىنىغا دەسسەپ يۈرمەك بىراۋنىڭ كەينىدىن كۆزىتىپ يۈرمەك ــ پايلاپ يۈرمەك، تەقىپ قىلىپ يۈرمەك.
تات ل. دات، تات باسماق.
تاتاق قۇ. فەنت، كەمپۈت (بالىلارغا قوللىنىلىدۇ).
تاتقۇ ل. تاتما، سەرمە؛ قۇرۇتۇش ئۈچۈن يېيىپ قويۇلغان ئاشلىقنى دۆۋىلەشتە ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ سايمان ("تاتقا"

Altun Oq

مۇ دېيىلىدۇ).
تاتىقماق ل. تارتىنماق، ئەيمەنمەك.
تاتلىق تومۇرى سىلىشماق قۇ. ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قالماق، ئىچ پەش تارتىشىپ قالماق.
تاتلىق-تۇرۇم غ. قەن-گېزەك.
تاتىلا ل. تىرنا. م: بۇغدايغا تاتىلا سالدۇق.
تاجىغماق قە. سىلكىشلىمەك، ياقىدىن ئېلىپ سىلكىشلىمەك. م: ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ راسا تاجىغىدى.
تاخاپەن قۇ. تورۇسقا ئورنىتىلغان نەقىشلىك تاختا ياكى تاختاي تورۇس.
تاخايلا قۇ. تامغا ئورنىتىلغان كىچىك ياغاچ ئىشكاپ.
تاختا پەرە قە. دەرۋازىنىڭ ئۈستۈنكى تاختىيى.
تاختا گۆكۆت خ. تارشا گۆكۆت.
تاختىغا ياتقۇزماق قۇ. ماقۇل كەلتۈرمەك، كۆندۈرمەك، ئەپلىمەك، جۆندىمەك، باپلىماق. م: ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ، توختاخۇننى ئاخىر تاختىغا ياتقۇزدۇق.
تاخسا قۇ. تېيىز. م: تاخسا سۇ — تېيىز سۇ.
تادان قۇۋ. ھىلىگەر. م: تادان تۆلكە تۇمشۇغىدىن ئىلىنەر.
تارلاق كارىدور، ئىككى تاغ ئارىلىغىدىكى ئۇزۇن ئارىلىق.
تارلىق ت. ھەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك، كۈندەشلىك. م: ئانا بىر بالىسىنى ئەكىلەتسە، يەنە بىر بالىسى تارلىق قىلىدۇ.
تاراڭگا قە. تاياق، توقماق. م: مۇزغا تاراڭگا ئاتقاندەك.
تارتاماق ت. ئىتىدىن چۆشۈپ كەتمەك، ئىتى تارتىلىپ

كەتمەك، ئورۇقلىماق م: كېسەل بولۇپ بىرئاز تارتىلىپ قالدىم؛ ئازلاپ كەتمەك. م: ئېرىقتىكى سۇ تارتىلىپ قالدى، كالىنىڭ سۈتى تارتىلىپ قالدى.
تارپىين قۇ. تارمار، ۋەيران، چېچىۋەتمەك، تارقىتىۋەتمەك. م: بۇ بالا بەتخەجلىك قىلىپ، ئاتىسىدىن قالغان دۇنيانى تارپىين قىلىۋەتتى.
تارتقا قۇ. ياغاچ چىلەك، مالتاق (قۇدۇقتىن سۇ تارتىدىغان).
تار كوچا ت. يامان يول، خاتا يول. م: تار كوچىغا كىرىپ قالماق — يامان يولغا كىرىپ قالماق.
تارتىم مىقدار سۆز (بىر تارتىم گۆش).
تارلاق تار كەتكەن تۈزلەڭلىك، كارىدور (جىلغا تاغلار ئارىلىغىدىكى).
تارماق خ. تاماق، سامان ۋە يوپۇرماق يىغىدىغان سايمان.
تارماق چىش خ. شالاڭ ۋە ئۇزۇن چىش (ئادەمنىڭ چىشى).
تازا ت. چىقىم، خىراجەت. م: بۇ تويغا نۇرغۇن تازا قىلدۇق.
تازىمغا بارماق توي ئىشىدا قىز تەرەپ ماقۇل كەلگەندىن كېيىن، يىگىت تەرەپتىن رەھمەت بىلدۈرۈپ قىز تەرەپكە نەرسە-كېرەك ئېلىپ بېرىش رەسمىيىتى.
تاسقارا قۇ. سار، ساڭقارا.
تاسقاقچىلىق قۇ. خار-زارلىق، جەۋرى-جاپالىق (تاسقاقچىلىق تارتىپ قالماق — جاپا تارتماق).
تاسقام مىقدار سۆز. م: بىر تاسقام ئوتۇن، بىر تاسقام بۇغداي؛ ئېلىشالىغۇلۇق. م: بۇ ئادەمدە ئىككى تاسقام بار ئىكەن.

تاسقىر قۇ. "تاسقارا"غا ئوخشاش، شاھ تاسقىرنى شۇڭقار دىسە، توشقان ئىپتۇ دىگىن (ماقال).

تاش بۇرگۈن شىغىللىق قۇرغاق جايلاردا ئۆسىدىغان چاتقال تىپىدىكى ئۆسۈملۈك.

تاش تەرمەك قە. قىزلارنىڭ تاش ئويۇنى (غۇلجىدا "بەش-تاش" دىيىلىدۇ. قومۇل تۇرپان قاتارلىق جايلاردا "ئوقتاش" دىيىلىدۇ).

تاش چىچگى مۇخ (قۇرام تاشلار ئۈستىگە يېپىشىپ ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك).

تاشلىغ خ. يات، چەت يۇرتلۇق.

تاي مىقدار سۆز .م: بىر تاي پاختا — بىر تېڭىق پاختا، بىر تاي ماتا.

تاغاچا خ. تاغىسىنىڭ خوتۇنى.

تاغاق ياغاچ ل. بادىرا، چەنزە.

تاغانا خ. كىچىك ئانا.

تاغچى تاغلىق كىشى؛ تاقتا مال ئېلىپ چىقىپ، يۇڭ-تېرىگە ئالماشتۇرۇپ كېلىدىغان سېتىقچى.

تاغچىلىق تاغ سودىگەرچىلىگى. م: ئانچە-مۇنچە تاغچىلىق قىلىپ كۈن كەچۈرۈۋاتىمىز.

تاغ خوخىسى تاغ باغرىلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل سامان غوللۇق ئوت.

تاقۇ ل. توخو.

تاقى قۇ. تاغچى، تاغلىق قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

تاقتا چىقتىم كىيىك ئاتتىم،

تاقى پالگانلار بىلەن.

تاقلدىغۇچ خ. تۆگمەن تېشىنىڭ ئۈستىدە تاقلداپ تۇرىدىغان ياغاچ (بەزى جايلاردا چېقىلدۇرغۇچمۇ دېيىلىدۇ).

تاكا قۇ. ياۋا ئات (تاغلىقلار سۆزى).

تاكان ئادەم خ. قوپال ئىش قىلىدىغان ئادەم.

تاكتاكچى كۆزەتچى؛ مارلاقچى، پايلاقچى.

تاڭسۇق غەلىتە، ئاجايىپ، يات (بۇ سۆز ئادەمنىڭ قىلىقى، نەرسىلەرنىڭ تەمىنى سۈپەتلەشكە ئىشلىتىلىدۇ).

تاڭ كۆرمەك ئەجەپلەنمەك، ھەيران قالماق؛ مەسخىرە قىلماق.

تاڭلا ئەتە.

تاڭنەتە ئەتە، ئەتىلىككە.

تاڭ يوق ئەجەپ ئەمەس.

تال بويلۇق قۇ. زىلۋا بويلۇق، نازىنىن، قوشاقتا مۇنداق كەلگەن.

ئاي يۈزلۈگۈم، تال بويلۇغۇم،
يىراقتا كەتسەڭ نەقىلاي.
ساڭا ئۆگەنگەن كۆڭلۈمنى،
ئەمدى كىمگە خار قىلاي.

تالتايماق ئۆزىنى ئۇڭدىسىغا تاشلاپ ياتماق.

تالتۇز مەخسۇس گۆر كولايدىغان سايمان.

تالتىق ل. تاتلىق.

تالجىقماق غ. تېلىقماق، ھېرىپ قالماق. م: ئات تالجىقىپ قالدى.

تالقالىق كۇ. تەكلىك، ئۆزۈم بارىڭى.

تالقىتماق ل. چۇۋۇماق، يايماق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

قارا چاچىنى تالقىتاي،
سايە بولسۇن يولۇغا.
يار مېنى يامان دېسە،
ئەمدى ئوينار خىلىغا.

تام قۇ. ئاز، كەم.

تاماشا قۇ. بەك، بەكمۇ، ناھايىتى، ئاجايىپ. م: تاماشا ياخشى — بەك ياخشى.

تاماشا چىقارماق قە. چاندۇرۇپ قويغانلىقنى، كۆلكىگە قالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

تامغاق ل. تاماق، كېكىرتەك.

تامشاق كۆدە شەكىللىك ئوت ("سوزۇنچاق"مۇ دېيىلىدۇ).

تانا ت. لىمدىن ئىنچىكە، بادىرىدىن توم ياغاچ.

تاناي خ. سۇ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قىلىنغان نو ياكى ئۆستى يېپىق ئېرىق.

تانماق ئازماق، سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتمەك. م: قوغۇن تېنىپ كەتتى.

تاۋار-تورقا تاۋار-دۇردۇن. ئون تاۋار-تورقىدىن بىر توخلا تېرىسى ئەلا (ماقال).

تاۋان تاشلىماق قە. بىراۋ بىراۋنىڭ نەرسىسىنى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىپ بۇزۇپ قويسا، ئىگىسى ئېلىشىنى رەت قىلغانلىقنى تاۋان تاشلىدى دەيدۇ.

تاۋىلاش ئا. تاپىلاش.

تاۋىماق تەڭ كۆرمەك. م: ئازنى كۆپكە تاۋاپ ئالماق.

AltunOq

تەپچە ن. پاختىسى تېرىۋېلىنغان كېۋەز شادىسى.
تەپچىرىمەك سۈيۈق نەرسىلەرنىڭ قاچىلانغان قاچىدىن سىرغىپ چىقىشى. م: قاپاقتىن ياغ تەپچىرەپ قېپتۇ.
تەپمە هالال هارام بولۇپ قالغان مالنى تېپىپ مىدىرلىتىپ قويۇپ، ئاندىن بوغۇزلاپ هالال قىلماق، كۆچمە: ئاران-ئاران. م: ...تەپمە هالال كۈن كەچۈرۈۋاتىدۇ.
تەتۈر قىينىماق ئازاپلىماق. م: تۈرلۈك بەختسىزلىكلەر ئۇنى تەتۈر قىينىدى.
تەتۈر ئۇستىخان قە. تەن تۈزۈلۈشى قاملاشمىغان، قوپال.
تەجىلىك ل. كۈچلۈك.
تەر بولماق قە. خاپا بولماق (تە بولماق).
تەرتە غ. هارۋىنىڭ ئوقىغا بېكىتىلگەن ئۇزۇن ياغاچ.
تەرخەمەك غ. خاكگا.
تەرسالىك تارتماق خ. قىينالماق، ئازاپلانماق.
تەركىن سۇ توختام سۇ، تۇرغۇن سۇ.
تەركىن ئەيلىمەك ل. تەرك قىلماق، تاشلىماق.
تەرۋاز قە. تىرىككەك، كۆڭلى نازۇك.
تەز قۇ. ئاددى، ئادەتتىكىچە، چاغلىق، ئانچە ئەمەس. م: بىر تەزلىك ئىش؛ بۇمۇ بىر تەزلىك، تېخى مۇشكۈلى ئالدىمىزدا.
تەسكەن قە. تىلغا چىقىدىغان بىر خىل ئۆسمە. م: تىلىمغا تەسكەن چىقىپتۇ!
تەسكىن خاتىرجەملىك، ئەمىنلىك، تىنچلىق، جىملىق، تەسەللى (كۆڭۈل هالىتى)، تەسكىن بەرمەك — خاتىرجەم قىلماق،

كۆڭلنى ياسىماق.

ەشكۇت ت. لاپقۇت، ھەمكارلىق. م: دىخانلار يەرلىرىنى تەشكۇتلىشىپ تېرىيدۇ.

ەق تەييار، ھازىر. م: تەق قىلىپ قويماق — تەييار قىلىپ قويماق؛ تەقلىمەك — تەييارلىماق. تەقمۇ-تەق قىلماق.

ەقى قۇ. ئالىي سۇپەتلىك قەدىمىقى بۆك. تەقدە ياماق بولماس، ياخشىدا دىماق؛ تاز باشقا يېشىل تەقى (ماقال).

ەكە خ. بالدۇر پىشىدىغان شاپتۇل.

ەكاەس قۇ. سەكرەش. تاقلاش.

ەگۇ ئا. ئاۋۇ (كۆرستىش ئالماش).

ەگمش قۇ. مىراس. م: ئاتا تەگمىش — ئاتا مىراس؛ بۇ نەرسىلەر ماڭا ئاتامدىن تەككەن تەگمىش.

ەگۋاز خ. كۆك ماتا.

ەڭگە تاز قە. چېچى چۈشۈپ ئالا-بۇلا بولۇپ قالغان ئادەم ياكى باش.

ەڭاە قە. يوغان ياغاچنى ئويۇپ ياسىغان قاچا.

ەڭلىمەك تاڭماق (چايقىلىپ كەتكەن باشنى تاڭماق).

ەلپەك خ. تۇماقنىڭ بىر خىلى.

ەلپەكساز خ. تەلپەك تىككۈچى.

ەلپىگى يەرگە چۈشمەك مەنسەپتىن چۈشۈپ كەتمەك.

ەلپىگى سۇغا چىلاشماق غ. ئىشى ئاقماس، كېپى ئۆتمەس بولۇپ قالماق.

ەمبەل قامەت، بوي-تۇرق (تەمبەللىك، قامەتلىك، بەستلىك).

تەلە-نەس باسماق قە. نەس باسماق، پالاكەت باسماق. م: بۇ ئككى ھاياسىزنىڭ كاساپىتىدىن ھەممىمىزنى تەلە-نەس بېسىپ، يولىمىز ئايىنماي، شوپۇرنىڭ ئىشى چەپ بولۇۋاتىدۇ.
تەم-تەم چېكىم-چېكىم؛ ئانچە-مۇنچە، ئاندا-ساندا. م: تەم-تەم مېڭىپتۇ، ئانچە-مۇنچە مېڭىپ قېپتۇ (كىچىك بالا). قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

تەم-تەمگىنە چېچەك داغى باردۇر يۈزۈڭدە،
مەن ساڭا ئاشىق بولدۇم شىرىن سۆزۈڭگە.

تەم-تۇم ت. "تەم-تەم"گە ئوخشاش. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

تەم-تۇم گۈلى شۇل يارىمنىڭ
باردۇر يۈزىدە.
ئىشقى ئوتى، نۇرى باردۇر،
چولپان كۆزىدە.

تەمەن قالماق خ. تاس قالماق.
تەمكە قۇ. تاماكا، ناس. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

دەرت كەلگەندە تاتۇرسىز،
تەمكە دېگەن خۇمارنى.
پۇلغا سېتىۋالغىلى بولماس،
كۆڭۈلدىكى شۇ يارنى.

تەمكىرەڭ قۇ. ناسرەڭ، توق يېشىل.
تەممەت خ. پۈتتۈنلەي؛ مۇتلەق، زادى.
تەن مەنسۇپ، تېگىشلىك، تەۋە؛ ھېساپ. م: بۇ ئۆي ماڭا تەن؛ بۇ شىرە بۇزۇلسا ماڭا تەن، ئوڭلاپ بېرىمەن.

تەن پىچىمى قە. تەن قۇرۇلۇشى، پىـىگورا. م: تەن پىچىمى خېلى قاملاشقان قىز.
تەنناز لىق قە. ئۆزىنى چوڭراق تۇتۇپ قىلغان نازلىق.
تەيلىك خ. بەك قاتتىق، چىڭ، كۆچلۈك؛ ئاچچىق. م: تەيلىك چاي ـــ ئاچچىـىق ياكـى قويۇق چاي؛ كەتـمەنـنى تەيلىك چاپ ـــ كەتمەننى قاتتىق چاپ.
تەيلىمەك غ. قاتلىماق، تەكشىـلەپ قاتلىـماق. م: كىـرنى تەيلەش ـــ قۇرۇغان كىرنى تەكشىلەپ قاتلاپ قويۇش.
توپا ـ تەرەت قۇ. توپا ـ چاڭ، پاسكىنا.
توپچا[1] قۇ. تۈگمە.
توپچا[2] غ. گىرە، گىرەچە.
توپچگۈل قۇ. گۈليەسمەن (غۇنچىسى تۈگمىدەك دۈگىلەك بولىدىغان بىر خىل گۈل).
توپقال كۆپچىلىك.
توپىسىنى تۇرپانغا ئۇچۇرماق قۇ. قويماي تۈگىتىۋەتمەك (پۇلغا قارىتىلىدۇ).
توتۇرماق قۇ. تېرىكتۈرمەك، خاپا قىلماق، قېرىشماق، چىشىغا تەگمەك.
تۇتۇقماق خاپا بولماق، ئاچچىقى كەلمەك، قاپىقى تۈرۈلمەك، غەزىۋى تۇتـماق. م: ئۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بارغانسېرى تۇتۇقۇپ كەتتى.
توتى ئاغا جىگدىچۈك، جىگدىچى قۇش، "جىگدە شاخشاق"قا ئوخشاش.
توخا پۇرچاق چىمەنلىـك ۋە چاتقاللىقلاردا ئۆسىدىغان بىر

خىل ئۆسۈملۈك ("ياۋا كۆك پۇرچاق"مۇ دېيىلىدۇ).

توختارى يوق قۇ. تۇرالغۇسىز، بىقارار، تۇترۇقسىز.

توختالغۇ تۇرالغۇ.

توختۇن قۇ. سالماق. ئېغىر ـ بېسىق، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان.

توخچان ت. خەتتەك ("ياۋا چىلگە"مۇ دېيىلىدۇ).

توخۇ ـ تۇمان قوش سۆز بولۇپ، توخۇ ـ ئۆدەك دىگەن مەنىدە كېلىدۇ.

توخۇ كۆزلۈك قىلماق كىچىك كۆزلۈك قىلماق، شەخسىيەتچىلىك قىلماق.

توخوناق خ. توقۇناق؛ بۇرۇنقى زاماندا قاسقاندا ياكى تونۇردا پىشۇرۇلغان تاماقلارنى خامانغا ئاپىرىپ ساتقۇچى.

تور كۆچ، بېسىم، تەسىر. م: تورى بار پالتا؛ ئۇنىڭ قولىنىڭ تورى بار. چاپىنى بارغا مۇش ئاتاي، جۇۋىسى بارغا تور كەتسۇن (ماقال).

تورچى ل. بېلىقچى.

تورقىماق قۇ. ئىچى پۇشماق، پىغان تۇتماق.

تورقا ياۋاكەندىر تالاسى. م: تاۋار ـ تورقا.

تورو قۇ. توغرىغا (توغراق شۇلتىسى).

تورۇشىن ل. توڭغۇزنىڭ كۈچىكى.

تورۇلماق قۇ. ئالدىنى توساپ تۇرۇۋالماق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

يار بارادۇ يورغىلاپ،
ئالدىدا تۇردۇم تورۇلاپ.
ئالتى جىلەپ قىزنى قويۇپ،

AltunOq

سۆيـدۇم سېـنى ئارزۇلاپ،

توز قە. توزۇنـدا. توزغا كـۆنـگەن ئـت قوپارغا ئاسـتىدا ئۆلەر (ماقال).

توسانچا قە. توساق. م: كۆۋرۈكـنىڭ سىمونت توسانچىسىغا يۆلىنىپ، ئەتراپقا زەڭ سالدى (بۇ سۆز قۇمۇلدا "توسۇنچا" دېيىلىدۇ).

توسۇن غ. شاش، ئاساۋ، شوخ. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئېتىڭـىز توسۇن ئىكەن،
سۇنـدۇردى ئىگەرىمنى.
ئاتام بولـسا ئالۇردۇم،
يارىم جان ـ جىگەرىمنى.

توسىرىماق قە. ھالسىرىماق، كۆچىسىرىمەك.

توشقان تېزەكلىمەيدىغان ھېچ نەرسە ئۈنـمەيدىـغان قاقاس چۆل يەرگە قارىتىلىدۇ.

توشقان ئوت تاغلاردا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت.

توشقان ياغىقى كاشتان.

تۇغ قۇ. چاڭ ـ توزاڭ. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئانـدا يارـىم كېـلىەدۇ،
توقـقۇز داۋانـلارنى داۋاپ.
ئاي يۈزـگە تۇغ قونۇپـتۇ،
يامان ئاتـلارنى ساۋاپ.

توغام قاتـمۇ ـ قات، دوقـمۇش. م: ئۇلار ئاچا يولـنىڭ توغۇمىغا كېلىپ قالدى؛ ئۇ تۆت يولنىڭ توغىمىغا كەلگەندە، شەھەر تەرەپتىن يوچۇنلا كېينـگەن ئىكـكى كىشى چىقىپ

كەلدى، قوشاقتا مۇنداق دېيىلگەن:

قالماق خانىنىڭ خېتىدە، تۇتسۇن دىدى ياچىنى. توغام-توغام يول توراپ، چىرىك قويدى بارچىنى.

توغراندا قە. توغرالغان نەرسە. م: بېدە توغراندىسى.

توغرىغا خ. توغراقتىن چىقىدىغان شۆلتا ("بەزى جايلاردا توغرىغۇ"مۇ دېيىلىدۇ).

توقا[1] ئا. تارازىنىڭ تېشى.

توقا[2] خ. تاسما بەلۋاغنىڭ ئۇچىدىكى ھالقا.

توقال غ. تاز، مۈكچۈزسىز. م: توقال كالا — تاز كالا؛ كىچىك خوتۇن؛ "دوقال"غا قاراڭ.

توقاي غ. چاتقاللىق. م: بىر تۈلكىنىڭ شۇملۇغىدىن مىڭ توقايغا ئوت كېتىپتۇ (ماقال).

توقتۇق ل. توكتوك قۇش، تۆمۈر تۇمشۇق.

توقشۇرغۇچ ل. كۆسەي.

توقۇرقاق قە. ئۆز ئۆزىدىن قانائەتلەنمەك.

توقۇم تىكمەك ئىللەتنى باشقىلارغا ئارتىپ قويغانلىقنى كۆرسىتىدۇ.

توقۇناق تۆگۈن؛ ياغاچ ئىلمەك (ئۇلاققا ئارتىلغان يۈكنى تاڭىدىغان ئاغامچىنىڭ ئۇچىغا بېكىتىلگەن يېرىم ھالقا شەكىللىك ياغاچ ئىلمەك). "توقۇناق بالا، ئىلمەك قازا"دىگەن ماقال مۇشۇ سۆزدىن كېلىپ چىققان.

توقۋاسۇق قە. كۆز-قارنى توق.

توقى ل. ئاخلانغان چىگە، چىگىنىڭ ئەڭ ئىسلى (تورقى-تاۋاردىكى تورقى سۆزى مۇشۇنىڭدىن كەلگەن). تويغا

بارساڭ تويۇپ بار، توقى-تونگنى كيىپ بار (ماقال).
توقچاق خ. توكتوك قۇش، جاڭگال دۇمباقچىسى (كۇچاردا "توقنچەك" دىيىلىدۇ).
توقچاق شاپتۇل خ. يىسى شاپتۇل.
توگرا قە. پاسكىنا، قاسماق (بەزى جايلاردا توگۇر) دىيىلىدۇ).
توگرا-قاسماق قە. پاسكىنا، مەينەت.
توگكاي چىش قە. هوگگۇل چىش (بۇرتۇپ چىققان چىش).
توگگۇز تېرىغى سازلىقلاردا، سۇ توختاپ قالغان يەرلەردە ئۈسىدىغان بىر خىل ئوت.
تولا-تېرىم ئانچە، كۆپ، تولا. م: كېسىلى يۇقۇپ قالمىسۇن دەپ، ئۇنىڭ يېنىغا تولا-تېرىم يولىمايدىغان بولدۇم.
تولا يامان قۇ. ناهايىتى، بەك، ئىنتايىن. م: تولا يامان ئوخشايدۇ ــ بەك ئوخشايدۇ.
تومبالقى قۇ. قوپال، يىرىك (غۇلجىدا "تومبالقا"دىيىلىدۇ).
تومبۇك قە. ناغرا، دۇمباق.
تومنان خ. ئاقنان.
تومۇغ خ. دوزاق، جەهەننەم.
تومىلماق خ. چانىماق. م: بۈگۈن بىر مو يەر تومىلىدىم.
تويۇن ئۆرۈك قە. ئۆرۈكنىڭ بىر خىلى (باشقا ئۆرۈكلەردىن كېيىن پىشىدۇ).
تۇتاتقۇ قە. كۆيدۈرۈپ هىد پەيدا قىلىدىغان نەرسە. م: مانا بۇ نەرسە ساڭا تۇتاتقۇ بولسۇن، بېشىڭغا قەيەردە كۈن چۈشسە شۇ يەردە مەن هازىر.

تۇتۇقماق غ. رەڭگى تۇتۇلماق، خاپا بولماق. م: ئۇ بارغانسېرى بەكرەك تۇتۇقۇپ كەتتى.

تۇتنقماق ل. ئۇيالماق.

تۇخۇم قورۇق قە. تۇخۇم قورىمىسى.

تۇخۇم قۇيماق خ. تۇخۇم تۇغماق.

تۇرا قۇ. قورغان، پوتەي، ئىستىهكام، مۇنار. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

تۇرا باشىغا چىقىپ، تۇرۇپ ئېيتاي
ناخشىنى تىڭشىغىلى كىشى يوق،
كىمگە ئېيتاي ناخشىنى.

تۇرپى قۇ. خىلمۇ-خىل. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

تۇرپى زىننەتلەر بىلەن،
قىرى كىشى ياش بولماس.
مەيدىدە قۇۋۋەت بولمىسا،
مانتا-پولو ئاش بولماس.

تۇرغۇچ قۇ. بېكەت، ئىستانسا، پۇنكىت. م: مەپە تۇرغۇچ.

تۇرغىچىلا بىر دەمدىلا، تۇساتتىن. م: ئۇنىڭ تۇرغىچىلا سەپرايى قوزغىلىپ قالدى.

تۇرقۇلۇق قۇ. تۇرخۇن، قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

يىڭگى شەرنىڭ يولىدا،
نۇۋاڭ-دۇۋاڭ تۇرقۇلۇق.
ھەرلا كىمنىڭ يارى بولسا،
سىگىرا قاراپ تۇرغۇلۇق.

تۇرلاق كۇ. تۇرۇلغا (بەزى جايلاردا "تۇرلىغا"مۇ دېيىلىدۇ).

تۇرما قۇ. تۇرۇپ، لوبو.
تۇرۇم تۇلۇق جازىسىنىڭ تۇلۇقىقا چىشلىشىپ (سىپىلىپ) تۇرىدىغان يېرى (ئۇ بىر جۈپ بولۇپ، تۇخۇم شەكلىدىكىسى ئەركەك تۇرۇم، ئىچى كاۋىكى چىشى تۇرۇم دېيىلىدۇ).
تۇرۇمچاق ل. تاي، تايچاق، قۇلۇن.
تۇرمۇزە كۇ. تۇتۇكنىڭ ئىچىگە سالىنىپ قويۇلىدىغان يىلك.
تۇرۇپ قۇ. توساتتىن، تاسادىپىي. م: تۇغۇلۇپ ئېيىپ ئەمەس، تۇرۇپ ئېيىپ (ماقال).
تۇسقا قۇ. ئۆتەك، بىكەت، چازا.
تۇش قۇ. ئۇدۇل، ئۇدۇل تەرەپ؛ تەڭ-باراۋەر، تەڭتۇش. م: تۇش-تۇشتىن چىقىپ كەلدى؛ تۇش كەلدىم. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

قاشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە،
ئاشىنا بولدۇم ئۆزۈڭگە.
نەچچە يەردە تۇش بولدى،
ئېيتالمادىم ئۆزۈڭگە.

تۇغ تۇغان، توسما. م: تۇغ تۇتتى، تۇغ باستى.
تۇغۇچەك كۇ. خوتۇن-قىزلار چاچلىرىغا ئۇلايدىغان جالاغا قادىلىدىغان كۇمۇش تەڭگە (تۇرپاندا "چاچتەڭگە"دېيىلىدۇ).
تۇغۇش قۇ. جۇرئەت، دادىللىق؛ دىت، پەم. م: تۇغۇشى يوق — دىتى يوق؛ يۈرەكسىز.
تۇغۇشماق قۇ. ماس كەلمەك، باپ كەلمەك، ياراشماق، ئەپلەشمەك. م: قىزىل بوياققا سىرىق بوياق تۇغۇشماپتۇ؛ ئاكا-ئۇكا ئىككىسى تۇغۇشالمايدۇ.

AltunOq

تۇگاتماسلىق ت. كۆزگە ئىلماسلىق، ئېتىۋارغا ئالماسلىق.
تۇگاينى يوق ت. ئېتىۋارى يوق، ئابرويى يوق.
تۇگان قۇ. ئېتىۋار، قەدىر-قىممەت. م: تۇگانى يوق — ئېتىۋارى يوق، قەدىرسىز (تۇرپاندا "تۇگاينى"دەيدۇ. م: تۇگاينى يوق گەپ، تۇگاينى يوق ئىش).
تۇگىماق قۇ. ئېتىۋارغا ئالماق، قەدىرلىمەك، كۆزگە ئىلماق، ھساپقا تۇتماق. م: سەن تۇگىمساڭ مېنى، مەنمۇ تۇگىمايمەن سېنى.
تۇلا مۆلدۈر ("تۇلۇ"مۇ دېيىلىدۇ).
تۇلغا قازان ئاسىدىغان ئۈچ پۇتلۇق تۆمۈر ئوچاق.
تۇلۇ ل. مۆلدۈر.
تۇلۇقچى قوڭغۇز ت. تېزەك قوڭغۇزى تېزەك-گەندە يەيدىغان بىر خىل قوڭغۇز، ئۇ تېزەك-گەندىلەرنى كومىلاچ قىلىپ، يۇمۇلىتىپ ئېلىپ ماڭىدىغانلىقى ئۈچۈن، "تولۇقچى قوڭغۇر" دەپ ئاتالغان).
تۇلۇقچى قوڭغۇزدەك سېمىز، بويۇنلىرى تۇرۇلۇپ كەتكەن، دوپ-دوگىلەك ئادەملەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدىغان ئوخشاتما سۆز.
تۇم خ. سوغۇق.
تۇمشى قۇ. پىتنىخور، چېقىمچى.
تۇيغۇن قۇ. ئاق قارچۇغا. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

تۇيغۇن بىرلا قۇش،
ھەرگىز تۇشمەس تورىغا.
يەنە ناگايى چۈشەر،
شۇڭقار-لاچىن تورىغا.

تۆيۇق ت. بىلىنىپ قالماق، سېزىلىپ قالماق م: بۇ ئىش تۆيۇق بولۇپ قېپتۇ — بۇ ئىش سېزىلىپ قېپتۇ.

تۆپە غ. بۆك، تۇماق. م: قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە، باش يېرىلسا تۆپە ئىچىدە (ماقال).

تۆت بەلدىر قۇ. تۆت كوچا ئاغزى، تۆت كوچا، كوچا دوقمۇشى؛ توغام.

تۆتۆ قۇ. كىكەچ، گاچا.

تۆتۆتلىمەك قۇ. دۇدۇقلىماق، كېكەچلىمەك، تىلىنى چايناپ سۆزلىمەك.

تۆرەچىقارماق قە. قۇسۇر چىقارماق، ئېيۋەن تاپماق، چاتاق چىقارماق.

تۆرەل قە. دولقۇن پەللىسى، دولقۇن پەللىرىدىن شەكىللەنگەن ئېگىز-پەسلىك. م: دەريا ئېگىز-ئېگىز تۆرەل ھاسىل قىلىپ ھەيۋەتلىك ئاقماقتا؛ دەھشەتلىك كەلگەن تۆرەل ھاسىل قىلىپ، بىر ئۆرلەپ، بىر ئېزىغا چۈشەتتى.

تۆركۈن ئۆز ماكانى، ئۆز ئېلى، ئۆز جەمەتى (ياتلىق قىلىنغان قىز ئۆچۈن ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيى "تۆركۈن"بولىدۇ).

تۆرۈك قۇ. دۈگىلەك، يۇمىلاق. م: تۆرۈك شىرە، تۆرۈك ئاي.

تۆرىمەك قۇ. گاڭگىراپ قالماق، بېشى ئايلانماق، ئازغىشىپ قالماق، م: بېشىم تۆرەپ قالدى.

تۆزمەك ل. قانماق، قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئۈچ يىل بولدى كۆرمەدىم،
ئۆزگىگە كۆڭۈل بۆلمەدىم.

مەيلىڭ يوقــمۇ كۆلمەيسەن،
تۇزۇك ئويــناپ تــۆزمەدىم.

تۆشەك قۇ. كۆرپە. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

يۇقۇرى بېقىپ ئاينى كــۆردۇم،
چەرخى پەلەكتە.
تۆۋەن بېــقىــپ يارنى كــۆردۇم،
مەخمەل تۆشەكتە.

تۆشلەڭ ل. تۆشلۈك، تۆشۋاغ.

تۆشۈك قازان، ئاش-تاماق ئىشلىرى. م: تۆشۈككە ئوبدان — ئاش-تاماققا ئۇستا.

تۆگە قۇلاق تاغ جىلغىلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت.

تۆگەن قۇ. مۇسادىرە؛ باش ئاغرىقىغا داۋا بولىدىغان پۇراقلىق ئوت.

تۆگىنى ئۇسۇلغا سالماق قە. ئەخــمەق قىلماق، ئوينىتماق، كولدۇرلاتماق.

تۆڭگە غ. تۆمۈر ھالقا؛ دەرۋازىنىڭ تۇتقۇچى.

تۆل[1] ئۇشــشاق مالــلارنىڭ بالــلىرى (ئوغــلاق، قوزا). م: مالــلارنىڭ تۆلــلەش مەۋســۇمــى — مالــلارنىڭ قوزىــلاش مەۋسۇمى.

تۆل[2] كۆچمە: ئەي، قاتار. م: دېۋانىچىلىق قىلىپ بولسىمۇ باللارنى ئۆز قولۇم بىلەن تۆلگە قاتىمەن (چوڭ قىلىمەن).

تۆل-باقا ل. "تۆل"گە ئوخشاش.

تۆلۆچ ل. تۆلەم، قەرز. م: تۆلۆچۈممۇ تۆلەپ بەر.

تۆمۈرتىكەن قۇ. ئۇجمە غورىسى؛ ئوغرىتىكەن.

تۆۋە[1] قۇ. ئۆگزە؛ تۆپە، تۆپىلىك. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

تۆۋىسگە چىقسام قارۇرمەن،
قاپ ـ قارا سايلار سايان.
ئەمدى ھەرگىز قارىماسمەن،
بىگۇپا يارلار سايان.

تۆۋە[2] ل. تۇماق، تۆپە. م: ئاۋاڭنىڭ تۆۋىسى ـــ داداڭنىڭ تۇمغى.

تۆۋەن قۇ. جەنۇپ، جەنۇپ تەرەپ ("تۆۋەينى"مۇ دېيىلىدۇ) قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئاتىنى توقۇڭلا،
كېلىپ بۇ يەرگە.
مىنىپ قاچايلى،
تۆۋەن خوتەنگە.

تۆۋىنى قۇ. ئىچكىردىسى (جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى). م: تۆۋىنىسگە چۇشۇپ چىقتىم ـــ ئىچكىرىسگە كىرىپ چىقتىم.

خاپا بولماق خ. ئىزا تارتماق، خىجىل بولماق. م: گەپ سورىغلى خاپا بۇتكەن ئادەم ـــ گەپ سورىغلى ئادەم خىجىل بولىدىكەن.

تۈپەك ئۇلاق مىۋىلىك دەرەخلەرنى ئۇلاش ئۇسۇلىنىڭ بىر تۈرى. ـــ مىۋىلىك دەرەخلەرنى ئۇلاش ئۇسۇلىنىڭ تۈپەك (تۈپ) ئۇلاق، لىپىر (نەيچە) ئۇلاق، ئويما (كۆز) ئۇلاق دىگەن تۈرلىرى بار)

تۈپۈك قۇ. چوپىسا (ياغاچ سىلىغلايدىغان يىرىك ئىكەك).

تۈتۈك كۇ. توقۇمىچىلار يىپ تۈرىدىغان كىچىك ياغاچ

بولۇپ، قوناق شېخى، ئاپتاپپەرەست غولى، قومۇش قاتارلىق-لاردىن ياسىلىدۇ، سەككىز تۇتۇك يىپ بولغاندا ماتانىڭ ئۆرۈشىگە يارايدۇ.

تۇتۇن يۇتماق غ. ئاچچىق يۇتماق، دىلى غەش بولماق، ھەسرەت چەكمەك. م: ئايدىن تۇتۇن يۇتقاندەك چوڭقۇر تىندى.

تۇرپىك "تۇپۇك" كە ئوخشاش.

تۇرتەكلىمەك تۇرمەللىمەك، يۆگىمەك. م: قەغەزنى دۆگ-لەك قىلىپ تۇرتەكلىمەك، يۆگىمەك).

تۇرتۇالمە قۇ. دوقۇرۇپ يۇرمەك، بىر كىمنىڭ ئۆيىگە خار بولۇپ بارماق.

تۇركۇك قۇ. تۇۋۇرۇك.

تۇرگەك تۇرمە، تۇرۇلمە، تۇرۇم.

تۇرگۇچ قۇ. سىرغا.

تۇرگۇن قۇ. يۇرەكلىك، دادىل، جۇرئەتلىك، قورقماس.

تۇرمەك قە. بولدۇرغان خېمىرنى ياغ ياكى قايماق بىلەن تۇرمەللەپ، قورۇلغان قورمىنىڭ ئۈستىگە يېيىپ پىشۇرۇل-دىغان بىر خىل تاماق.

تۇرمەل[1] قۇ. ئارىسغا كۆكتات ئېلىپ، تۇرمەللەپ، جىم-بىلدا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل ھورنان.

تۇرمەل[2] غ. باغلام؛ توساق (سۇنى قاچۇرۇش ئۈچۈن شاخ-شۇمبىدىن ياسالغان توساق).

تۇزۇت تەكەللۇپ. م: تولا تۇزۇت قىلماي، قورسىقىڭنى ئوبدان تويغۇز.

Altun Oq

تۈزۈتلۈك ت. ئېسكەتلىك، يارىشىملىق. م: بۇ چاپان خېلى تۈزۈتلۈك تىكىلىپتۇ.
تۈرمەل پاختا كۆ. ئېتىپ، يىغىپ قويۇلغان پاختا، ئۇچ پاختا.
تۈكۈچە قە. نان چەككۈچ (بەزى جايلاردا تۈككۈچ دېيىلىدۇ).
تۈگمىنى چېكىلمەك قوسىقى ئاچماق، ئىشتىيى ئېچىلماق، بىر نەرسە يېگۈسى كەلمەك.
تۈگۈر ت. بىخ. م: دەرەخلەر تۈگۈر بوپتۇ — دەرەخلەر بىخ چىقىرىپتۇ.
تۈگۈنمەك قۇ. ۋازكەچمەك، ئۈمىت ئۈزمەك. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

گۆپايىڭ بارمۇ دەپ،
چەندان يۈگۈردۈم.
گۆپايىڭ يوق ئىكەن،
ئەمدى تۈگۈندۈم.

تۈگۈۋاش قۇ. تۈگۈپ ئېتىلىدىغان تاماقلار. م: مانتا، جۇۋاۋا، چۆچۈرە، قازان سامسىسىغا ئوخشاش تاماقلار.
تۈگكەلمەك قۇ. ياتماق، ئۇخلىماق، جىمىقماق.
تۈگۈلمەك ل. ئۈمىت ئۈزمەك، قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

بىز تەرەپكە كەلمەيسەن،
بىرەر ۋاقىت يات قىلىپ.
تۈگۈپقا كەتتىڭمۇ،
باغرىڭىزنى تاش قىلىپ.

تۆمبۆلۆك ئا. مومىغا كىيدۈرۈلىدىغان چەمبەر شەكىلىك ياغاچ.

تۆنۆك قۇ. تۆگۈلۆك، دەرىزە.

تۆنۆن ل. تۆنۆگۆن.

تۆۋرۆك يىقىلماق قە. تايانچىسىز قالماق، پاناسىز قالماق.

تىپىلاك ل. قۇرار ئات قىلىي ياكى قوي يۇڭىدا يېپىسى قىلىپ توقۇلىدىغان ئاغامچا ياكى كاشا).

تىپىنماق قۇ. باي بولماق، پۇل ـ ماللىق بولماق.

تىنى چىرقىماق تىنى شۈركۈنمەك، سەسكەنمەك، يىركەنمەك.

تىپىنىش غ. دەل، جايىغا، نەق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

دۈشمەن چىقتى يىپىنىپ،
سادىر ئاتتى تىپىنىپ.
دالدا قىلغان قارا تاش،
جۇۋامىنى ئالدى يىپىنىپ.

تىتىلمەك تىتىكلەشمەك، جانلانماق، سەھرىمەك، ھاللىنىپ قالماق.

تىتمەي غ. ئۈلەرمەن، جانغا تۆرەيدىغان. م: ماڭا شۇ تىتمەيلەرنىڭ تەرىتىنى تۆكۈش قالغان (بۇ سۆز تۇرپاندا تىتىقسىز، قىلىغى سەت مەنىسىدە قوللىنىلىپ، "تەتمەي" دېيىلىدۇ).

تىجمەل دىدەك، مالاي، چاكار (قۇمۇلدا)؛ خەقلەرنىڭ ئۆيلىرىدە ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلىرىنى قىلىپ بىرىپ قوساق باقىدىغان ئادەم تىجمەل دېيىلىدۇ (تۇرپان، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا)؛ نەپ بەرمەيدىغان، بىخىل (قەش-

قەردە)؛ بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئاڭلىغان، كۆرگەنلىرى كۆپ بولغاچقا، "يولنى كارۋاندىن سوراڭ، گەپنى تېجىمەلدىن" دىگەن ماقال كېلىپ چىققان.

تېجىمەك قۇ. باشقۇرماق.

تېرىققا ئۇچكە قويماق چۈەرلىك، پەم-پاراسەتلىك، تەدبىرلىك ئادەملەرنى سۈپەتلەيدىغان بىرىكمە.

تېز قېلىپ. م: ئاندىن قىڭغىر تۇغۇلغاننى تېزگە سالساڭ تۈزەلمەس (ماقال).

تېشىرقىماق غ. يارىماق، ئات-ئۇلاقلارنىڭ تۇۋىغىنى تاش يالاپ كەتمەك.

تېكىلەتمەك قۇ. يىقىتماق، دۈم چۈشەرمەك، دومىلاتماق، ئاغدۇرماق.

تېكمىخور پارازىت، تەييارتاپ.

تېگىز تۈز، سىلىق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

دەرەخ بولسا ئېگىز بولسا،
شاخلىرى تېگىز بولسا.
دوست بولسا ئادىل بولسا،
ئۆلگىچە ئايرىلماس بولسا.

تېگىل بولماق ھىساپ بولماق، كۇپايە بولماق. م: ئاز بولسىمۇ كۆپكە تېگىل قىلماق — ئاز بولسىمۇ، كۆپكە ھىساپلىق.

تېگىمەك قۇ. ئىگە بولماق، ئېرىشمەك.

تېلىغا تەگمەك زىتىغا تەگمەك.

تېنقىماق غ. ياتسىرىماق، يىرگەنمەك، ئۆزىنى قاچۇرماق (تۇرپاندا يېتىرقىماق دىيىلىدۇ).

تېۋقا كۇ. ئۆي ئىچىدىكى تامنى بويلاپ چىقىرىلغان ئۇزۇن تەكچە (بۇ سۆز قۇمۇلدا "قىرمىزاق" دېيىلىدۇ).
تىبەر غ. بەلگە (قىز-يىگىتلەر تېپىشقاندا بىر بىرىگە بېرىشىدىغان بەلگە). بۇ سۆزنىڭ تىغ، سايمان مەنىسىمۇ بار. م: تىغ-تىبەر. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

باغىڭغا كىرەر بولساڭ.
قولۇڭغا تىبەر ئالغىن.
شەرىڭگە مۇساپىرمەن،
ھالىمدىن خەۋەر ئالغىن.

تىتالڭ تومۇر كۆچمە: ئەجەللىك يېرى، جان تومۇر.
تىتقىلىماق ئاختۇرماق، كوچىلىماق. م: يانچۇقلىرىنى خېلى ئۇزۇن تىتقىلاپ، ئاخىرى بىر تىيىن، ئىككى تىيىنلىك پۇل-لارنى تېپىپ چىقتى.
تىتما-كاتالڭ قىلىۋەتمەك ئا. تىتما-تىتما قىلىۋەتمەك.
تىرەز قۇ. تېتىك، تىمەن، جانلىق. م: تىرەز موماي؛ تىرەز ئات.
تىرتەك تەرسا، ئاچچىقى يامان.
تىرگەن ئېتىز قىرى.
تىرنا ل. كىچىك بېلىق.
تىزباسقا غ. چۆرۈلمە، چۆرۈلمىلىك (تويدا قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە يېقىن تۇققانلىرىغا قويۇلىدىغان نەرسە).
تىزلاپچا قۇ. تىزلىق؛ قەدىمكى ئەسكەرلەرنىڭ تىزىغا تاقىۋالىدىغان بىر خىل قوغدىنىش قورالى (رەختتىن ئىشلىنىدۇ).

تىزلاق غ. پۇتقا سالىدىغان بىر خىل جازا قورالى. قوشاقتا ئۇنداق كەلگەن:

زىندان تېمى ئېگىز ئىكەن،
چۆرىسى چىتلاق،
سەن يارىمنى كۆرەي دىسەم،
پۇتۇمدا تىزلاق.

تىزلاچا غ. باغ باغلىغاندا بىر پۇتقا كىيىلىدىغان بىر پۇشتاقلىق ئىشتان.

تىشلىق كۇ. ئاتنىڭ چىشى ئۇستىگە تارتىپ قويۇلىدىغان قوشۇمچە يۇگەن (يىپتىن ياسىلىدۇ).

تىكتاڭ قە. ۋاللەي، گاگار (بىر خىل بالىلار ئويۇنچۇقى بولۇپ، يېرىم مېتىر كېلىدىغان كالتەك ۋە بىر غېرىچ كېلىدىغان تاياقچىدىن تەركىب تاپىدۇ).

تىكەن ت. قۇرۇتىلىدىغان ئۇزۇمنى ئاسىدىغان ئۇزۇن بادىرا ياغاچ (بۇ بادىرا ياغاچقا نۇرغۇن تۆشۈك تېشىلىپ، تۆشۈكلەرگە چوكىسىمان ياغاچلار ئۆتكۈزۈلىدۇ، شۇڭا "تىكەن" دەپ ئاتالغان)؛ مىقدار سۆز. م: بۇ يىل بۇ باغدىن 100 تىكەن ئۈزۈم چىقتى.

تىككەيمەك گىدەيمەك، تەكەببۇرلۇق قىلماق.

تىك كېلىپ قالماق قارشى كېلىپ قالماق. م: مېنىڭ سوئالىم سىزگە تىك كېلىپ قالمىسۇن يەنە.

تىلغا دەزمال سالماق غ. ئويلىشىۋراق گەپ قىلماق.

تىكىر قۇ. دۆ (ئومىچۇكنىڭ چوكى).

تىگچى قۇ. پايلاقچى، مارلاقچى، چېقىمچى، ئىشپىيون. قۇ-

AltunOq

شاقتا مۇنداق كەلگەن: كوچىلاردا ماگماگىلار، كوچىلاردا تىگچى بار. سىز بىزنى كىچىك كۆرمەڭ، قۇرسىقىمىزدا بىگىسى بار.

تىگگەن قۇ. تۆگمەن.

تىلتاس خ. لىقمۇ-لىق، پەۋەس.

تىل تاتىق ل. ماختىلىدىغان. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئەل ئاغزىغا تىل تاتىق،
بال شىبكەرىم ياخشى قال.
يۈرىكىمنىڭ پارچىسى،
جان-جىگەرىم ياخشى قال.

تىلتاقىلماق رەت قىلماق، باش تارتماق، قوبۇل قىلماسلىق.

تىلسىز يىغا سۇ ئاپىتى، كەلكۈن. م: سۇمۇ بىر تىلسىز يىغا.

تىلقانات سامان غولىۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېرىق-ئۆستەڭ بويلىرىدىكى نەم جايلاردا ئۆسىدۇ.

تىمتاس جىمجىت، تىپچ.

تىمجىمەك قۇ. ئاتنىڭ هارۋىنى كۈچەپ تارتىشى. م: بۇ ئات هارۋىنى تىمجەپ تارتىۋاتىدۇ؛ بۇ ئات تىمجىمەيۋاتىدۇ.

تىنتا قۇ. چىلەك.

تىنتىماق غ. ئاختۇرماق، ئوبوسكا قىلماق.

تىۋەزۈن خ. كىچىك پالتا.

تىياق بىرەر ئىش-هەركەتتىن توختىماق، ئۆزىنى تارتماق؛ پەرهىز قىلماق؛ ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرمەسلىك؛ تىز-گىنلىمەك، بوي سۇندۇرماق. كۆزۈڭ ئاغرىسا قولۇڭنى تىي، قوسىقىڭ ئاغرىسا نەپسىڭنى (ماقال).

تىينىكا ئا. ئەنە، ئاپىنا.

ج

جا قە. ياغاچ قورۇلما، جازا ـ چەللە: گۇندىيا ئۇستىگە ئاسما كۆۋرۈكتەك تۇرغۇزۇلغان جا سۇنىڭ دولقۇنىدا يېنىك تەۋ-رەپ غىچىرلاپ تۇرسىمۇ، دەماللىققا ئۆرۈلۈپ چۈشمەيتتى.

جاپ ـ جاپ قۇ. ۋالاقتەككۈر، كاس ـ كاس (غۇلجىدا "جاۋ ـ جاۋ" دېيىلىدۇ).

جاپسا قە. چاك، يېرىق، يوچۇق. م: مەن ئىشىكنىڭ جاپسى-سىدىن قاراپ، تالادىكى ھەممىنى كۆرۈپ ئولتۇردۇم.

جاپسار ت. قىساڭ (تاغنىڭ جاپسىرى).

جادايى قە. ئەخمەق، قاپاقۋاش. م: بۇ ئازا جادايى بىر ئىمىكەن.

جادىكا خ. سالاسۇن، رىشاتكا.

جار قۇ. ئالۋاڭ، ھاشار. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

نوم دىگەن سۇ ئايىغى،
يۇلغۇن، توراقىنىڭ سانى يوق.
هوگا ئىسىق جارى قاتتىق،
خەقلەرنىڭ ئىمكانى يوق.

جارا ل. كىرپە.

جارىپ كەتمەك غ. ئىشى ئىلگىرى باسماق، يالجىماق،

يايراپ كەتمەك.

جارىسلىق قۇ. زالىملىق، ياۋۇزلۇق، زورلۇق، زۇمىگەرلىك.

جاساق خانلىق تەرىپىدىن يەرلىك تارخان بەگ (ۋاڭ-گۇڭ)لەرگە بالىسىدىن بالىسىغا سوراپ يېيىش ئۈچۈن سويۇرغال قىلىپ بېرىلگەن يەر ۋە پۇقرا؛ تەۋەلىك. م: بۇ مېنىڭ جاسىغىمدىكى يەر.

جاغ قە. ئىگەك. م: جاغ سۆڭىكى؛ يۇقۇرى جاغ، تۆۋەن جاغ.

جاغامباي قۇ. جاغالۋاي (قارچۇغىدىن كىچىكرەك بىر خىل قۇش).

جاغجاق ئوت تاغ باغرىلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل سامان غوللۇق ئوت.

جاغىل غ. قىزغۇچ سېرىق. م: جاغىل ئۆچكە.

جاقا-جونداق قە. ئەبگار، كىيىملىرى جۇل-جۇل، چاچلىرى چۇۋۇق، پۇتلىرى يالاڭ ھالەت.

جاك قە. كۆلتۈك (ساپالدىن ياسىلىدۇ).

جاڭگىدىماق قە. تۇمودىماق، زۇكام بولماق.

جاڭغا قە. تېتىك، شوخ.

جاڭغا ئايغىر قۇ. باشقا ئايغىرلاردىن ئۆزگىچە بولغان، يىلقىنى ئوبدان باشقۇرىدىغان ئايغىر.

جاڭگال دۇمباقچىسى خ. توكتوك قۇش، تۆمۈر تۇمشۇق.

جالا ئات-ئېشەكلەرنىڭ نوختىسى، ھارۋا جابدۇقلىرىغا ۋە نەيزىگە زىننەت ئۈچۈن بېكىتىلىدىغان قىزىل يۇڭ پۆپۈك؛ ئاياللارنىڭ چېچىغا قوشۇپ ئۆرۈۋېلىنىدىغان يالغان چاچ.

قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
جالانى ئۈزۈن سالما،
ئەمدى سېنى ئالمايمەن،
كەلگەنلەرنى ياندۇرما.

جالاشلىق قۇ. كۆتىرىشلىك. م: بۇ هاۋا جالاشلىق هاۋا ئىكەن—بۇ هاۋا يۇك كۆتىرىشلىك هاۋا ئىكەن.

جالاق قۇ. بۇيرۇق، باشقۇرۇش. م: جالاقا كىرمەيدىغان ئات؛ جالاققا كىرمەيدىغان بالا—سۆزگە كىرمەيدىغان بەڭۋاش بالا.

جاللاپ جۇۋا-تېرە سودىگىرى.

جاما ت. زەي سۇنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن چېپىلغان ئېرىق، زەيكەش.

جاماگۇل قۇ. ياۋا كودە (ياۋا جۇسەي).

جامبۇ قە. داسمال.

جامبىلكام دىمەك قە. خوش بولماق، دوپپىسىنى ئاسمانغا ئاتماق.

جان ئەتمەك ياشىماق، جان باقماق، كۈن كەچۈرمەك، ئۆز ئالدىغا تۇرمۇش كەچۈرمەك. م: بالام، سەنمۇ ئەمدى ئۆز جېنىڭنى جان ئەت.

جاننى ياقىغا ئالماق پانالانماق.

جاۋا ل. پالاز.

جايلىماق[1] پىچاق قاتارلىق تىغلارنى ئىتتىكلىتىش ئۈچۈن تاش قاتارلىق نەرسىلەرگە سۈركىمەك.

جايلىماق[2] قۇ. داجىماق، ئۆزىنى چەتكە ئالماق.

جە[1] قۇ. ئىست، ھەي، قويچۇ، قويساڭچۇ دىگەندەك نارازىلىق تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ئالدى قوشۇمچىسى؛ يا، ياكى مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆز. م: جە، نېرىچۇ سىنى—ھەي، قويساڭچۇ سىنى؛ جە ئۇنداق، جە بۇنداق—يا ئۇنداق، يا بۇنداق.

جە[2] غ. بولدى، بولامىكىن، ھە، خوپ دىگەندەك مەنىلەرنى ئاڭلىتىدىغان ياردەمچى سۆز. م: جە، بولدى ئەمدى—خوپ، بولدى ئەمدى.

جەدۋار قە. پارپا.

جەرگە قۇ. پاسىل، چېگرا، چەك.

جەرىدە قە. ئاۋارە، لابىدۇر؛ نامرات. م: جەرىدە كىيىم كىيگەنلەرنىڭ ھەممىسى تىلەمچى بولامدۇ؟ بۇلار نىمدىگەن جەرىدە، نىمدىگەن كەمبەغەل-ھە!

جەز[1] قۇ. 1. خىرىس؛ دوغىلار خەۋەر يەتكۈزۈپ چالىدىغان مىتال ئەسۋاپ. م: ئىلان جەز قىلدى—ئىلان خىرىس قىلدى.

جەز[2] قە. سېرىق مىس؛ ئوق قېپى.

جەزلىك ئىگەرنىڭ ئىچكى توقۇمى (بەزى جايلاردا "ئىچمەك" دىيىلىدۇ).

جەژمەك ئا. جىلىتكىغا ئوخشاپراق كېيىدىغان قىشلىق كىيىم.

جەگرەن خ. جەرەن، كىيىك.

جەگگى ئېشەك قۇ. ئۇرۇشقاق ئېشەك.

جەلدىك غ. "جەزلىك"كە ئوخشاش.

جەلىگۈر يانچۇقچى.

Altunoq

جەمبىل بىر يىللىق خۇشبۇي كۆكات، ئاشكۆكى.
جەۋەندە قە. ئاق ئۇن بىلەن قوناق ئۇننى ئارىلاشتۇرۇپ ياققان نان (تۇرپاندا قوشۇق نان دېيىلىدۇ).
جوجەي قۇ. ئېغىزنىڭ جاۋىغىغا چىقىدىغان چاقا، گەز؛ ئېغىزدۇرۇق (يۈگەننىڭ ئېغىزدۇرۇقى).
جودا قۇ. سېھىرى، جادۇ، كۆز باغلاش، ئەپسۇن. م: جودىگەر — جادىگەر، سېھىرىچى، ئەپسۇنچى.
جورۇق قۇ. ھورۇن، قاشاڭ، پاسسىپ (جورۇپ تۇرمىسا ئىشنى ئۆزلۈگىدىن قىلمايدىغان ئادەم)؛ ھىساۋات، نەتىجە (پۇلنىڭ جورۇقىنى چىقىرىش).
جورۇقچىماق قە. بۇيرۇقچىلىق.
جورۇقچاي قۇ. شەجەرە، نەسەپ تارىخى؛ پىلان، ئۇسۇل، تەدبىر، ئامال، دىت.
جورۇقى يوق قۇ. پەمسىز، دىتسىز، پىلانسىز، بولۇمسىز.
جورىماق بۇيرۇماق؛ باشقۇرماق؛ ئىشلەتمەك؛ بېغىشلىماق، باغلىماق؛ شىلتىمەك. م: ئەقلىنى جورىماق — ئەقلىنى ئىشلەتمەك؛ ئىشقا جورىماق — ئىشقا بۇيرۇماق؛ قولىنى جورىماق — قولىنى شىلتىمەك؛ بۇ ئۇتتۇقلارنى ئۆزىنىڭ چىچەنلىگىگە جورىدى — بۇ ئۇتتۇقلارنى ئۆزىنىڭ چىچەنلىگىگە بېغىشلىدى ياكى باغلىدى.
جوزام خ. ماخاۋ كېسەللىگى ("جەۋزام"مۇ دېيىلىدۇ).
جوسۇن ل. پىگورا، بەدەن تۈزۈلۈشى، تۇرق، قامەت، تۇس، شەكىل، ئوبراز: چىرايىڭ بۆلەك جوسۇن — قامىتىڭ نىمە دىگەن كېلىشكەن؛ جوسۇنى كېلىشكەن ئايال — پىگورىسى

قاملاشقان ئايال(بۇ سۆز غۇلجىدا "جۇسۇن" دىيىلىدۇ).
جوغدا ئۇچار-قۇش ياكى باشقا ھايۋانلارنىڭ كوكۇلىسى.
جوغدار قە. تۆگىنىڭ بويىنى ۋە تىزىدىكى ئۇزۇن تۈكلەر (بەزى جايلاردا "جوغداي، جودار"مۇ دىيىلىدۇ).
جوغدار باش قە. پاخما باش.
جوغدار تۇماق قە. پاخما تۇماق.
جوغدۇقۇنماق غ. توگماق، ئۇششۇمەك.
جوغدۇن قۇ. تېتىك، تىمەن، شوخ، تىرەز. م: بۇ ھەجەپ جوغدۇن موماىلار ئىكەن-ھە!
جوغۇلا قۇ. ئاتنىڭ كۆكرىگىگە تاقىلىدىغان قىزىل پوپۇك. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئات بويىندا جوغۇلا،
بېشىدا يۇگەن-نۇختا.
ئاچچىغىنىڭ تولا كەلسە.
سەۋرى قىل بىزە توختا.

جوگىنا خ. چىشى كەپتەر؛ بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى.
جوگقۇرماق باشقۇرماق، ئىدارە قىلماق؛ ئىجرا قىلماق (جوگ-قۇرۇش كومىتېتى — ئىجرائىيە كومىتېتى).
جولو قۇ. قىسقا ئاغامچا، چۇلۇ (چۇلۇۋر)، تىزگىن.
جولوقوق قۇ. دەرۋازا، تاشقارقى ئىشىك.
جون قۇ. نىيەت. م: جونى يامان—نىيىتى يامان، ئىچى يامان؛ جونى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك (ماقال). بۇ سۆز غۇلجىدا "جۆن" دىيىلىدۇ ۋە "كۆرۈنۈش، قىياپەت" مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. م: جۆنى پەس—يامان كۆرۈنۈشلۈك.

جونىماق بىگىز قولىنى تۇرتمەك، م: ئۇلار بىر بىرىنى جونۇپ سەتلەشتى؛ قولۇڭنى جونىما — بىگىز قولۇڭنى تەڭلىمە.
جوۋاتماق ئاۋارە قىلماق، ھالسىراتماق.
جوۋالغۇ ئاۋارىچىلىق، بىسىرامجانلىق، غەشلىك. م: يول جوۋالغۇسى — يول ئاۋارىچىلىغى؛ كۆڭۈل جوۋالغۇسى — كۆڭۈل غەشلىگى.
جوۋىتالماسلىق كۇ. باشقۇرالماسلىق. م: بۇ ئاتنى جوۋىتالمىدىم.
جوۋىزىر كۇ. گەپ ئاڭلىماس، گەپ ئۆتمەس. م: بۇ بەك جوۋىزىر بالىكەن.
جوۋىماق ئاۋارە بولماق، ھالسىرىماق. م: ئۆزلىرى كۆپ جوۋاپلا، رەھمەت.
جوي قۇ. جاپا ـ مۇشەققەت (جوي ـ جاپا).
جۇپا ـ جۇپپاڭ قە. چىپ ـ چىپ. م: يۈزىدىن جۇپا ـ جۇپپاڭ تەر ئاقماقتا ئىدى.
جۇپپاڭلىماق قە. چىپىلدىماق. م: شىشىدىن جۇپپاڭلاپ ھاراق ئاققىلى تۇردى.
جۇجۇڭ قۇ. سۇڭگۈچ.
جۇدۇنلىماق قۇ. ئاچچىغلانماق، غەزەپلەنمەك.
جۇگان قۇ. چوكان. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

تاشار يولى تاشلىقكەن،
جۇگانلارى قاشلىقكەن.
تاشارنىڭ جۇگانلارى،
قۇمۇللۇقا ئاشىقكەن.

جۇل ئات يوپۇغى.

جۇلاق ل. نەيرەك، ھىلە، قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

لىكىسرچاق توقۇماساك،
ياغىر چىقادۇر ئۇلاغىڭ.
مەن سىنى قوشماۋىدىم،
ئۇ بىزگە قىلغان جۇلاغىڭ.

جۇلدا كەتكەن غ. ئۇگىنىپ قالىغان. م: جۇلدا كەتكەن كېسەل ــ ئۇگىنىپ قالغان ئادەت (كېسەل).

جۇلدى - جاساق "جاساق"قا ئوخشاش.

جۇلقۇنماق يۇلقۇنماق، سىلكىنمەك. م: ئات تازا بىر جۇلقۇنۇۋالدى.

جۇلۇق ل. چەم. م: تېشلىسە جۇلۇق سالىپ يامايمەن ــ ئاياق كىيىم تېشلىسە چەم سېلىپ يامايمەن (بۇ سۆز باشقا جايلاردا "كونا، ئەسكى، ھېرىپ، ــ چارچاش" دىگەن كۆچمە مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. م: ھېرىپ جۇلۇقۇم چىقتى؛ جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن چاپان.

جۇمبۇ قە. بوغا (ئاتنىڭ بوينىغا سالىدىغان).

جۇمقۇلىماق قۇ. تەييارلىماق، ھازىرلىماق. م: ئىش ـ كۆشلەرنى جۇمقۇلاپ قويدۇڭمۇ؟

جۆجىلە قە. ئارىلاشماق، ئىشتىراك قىلماق.

جۆنتىمەك قۇ. كاپشىماق، ۋالاقشىماق، ئويلىماي گەپ قىلماق.

جۆندەك خ. كونا، جۇل ـ جۇل، يىرتىق. م: جۆندەك چاپان ــ يىرتىق چاپان (قەشقەردە "جونداق" دىيىلىدۇ).

جۆۋەندە قە. "جەۋەندە"گە ئوخشاش.

جۇترەڭچىلىك قە. جۇتچىلىق، قەھەتچىلىك، قىسچىلىق. ئەتىياز كۈنلىرى ئوزۇق-تۈلۈك قىسلىشىپ، يېمەك-ئىچمەك غورىگىللىشىپ كەتسە، "جۇتېرەڭچىلىك بولۇپ كەتتى" دېيىلىدۇ.

جۇجەك قۇ. چۈجە.

بۇجەم ئۈجمە. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

كۆك كەپتەر ئوتتۇرادۇ،
ئاق جۇجەمنىڭ باشىدا.
بىزنىڭ يارلا ئوتتۇرادۇ،
ئىگىز تاغنىڭ باشىدا.

جۇزنەك دەريا بويلىرىدا ۋە ئورمان ئەتراپلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت.

جۇسۇنلىمەك غ. زەڭ قويماق، بىر نەرسىنىڭ تۈرقىنى، شەكلىنى ئېنىق بىلىۋالماق.

جۇكتۇ قە. بېخىل، پىخسىق.

جۇن قۇ. نەم (ياغاچ)، ھۆل بىلەن قۇرۇقنىڭ ئارىلىقىدىكى نەرسە.

جىمە ل. تاپا-تەنە، غەيۋەت-شىكايەت، سۆز-چۆچەك (بۇ سۆز باشقا جايلاردا "تاپا-جىمە. تاپا-تەنە" دېگەن جۈپ سۆز تەركىۋىدە كېلىدۇ). لوپنۇر قوشاقلىرىدا مۇنداق كەلگەن:

بارساڭلار سالام دەڭلار،
بىزنى سوراغان يارغا.
ئاتىنى چىقارماڭلار،

Altun Oq

كۆڭلۈم تۇغمايدۇ ئاڭغا.
خالۇ يەر بىلەن ئۆسسۇن،
جىيەسى بولۇر ماڭغا.

جى خ. ۋەسسەقە، ھۆججەت، تىلخەت. م: تىلىدىن جى ئاپتۇ — تىلىدىن خەت ئاپتۇ.

جىپسا ياپسا؛ ماس، مۇۋاپىق. م: جىپسا كەلمەك — ماس كەلمەك، لايىق كەلمەك.

جىجە ل. موما، چوڭ ئانا. م: جىجەم كەلدى — مومام كەلدى.

جىجۇۋي غ. تىپىك، جانلىق.

جىجىلاق غ. جىدەلخور، يىغلاڭغۇ.

جىرغىلاق خ. باللار ئوينايدىغان تۆمۈر چەمبىرەك.

جىرىش چالا تاسقالغان ئۇن (قېلىن ئەگلەكتە تاسقاپ، يۇمشىقى ئايرىۋېلىنغاندىن كېيىن، شالاڭ ئەگلەكتە تاسقاپ، يىرىك كېپىكى ئايرىۋېتىلگەن يۇمشاق كېپەكلىك ئۇن).

جىرىم باغلىماق غ. مۇز تۇتماق. م: سۇلار جىرىم باغلىغاندا.

جىرىم-جىرىم قە. تال-تال، يول-يول. م: ئالقىنىدىكى جىرىم-جىرىم سىزىقلار.

جىس قە. خىلۋەت، قورقۇنچلۇق، سوغۇق چىراي، يىرگىنىشلىك. م: جىس چىراي ئادەم؛ جىس يەر؛ جىسكىمەك — يىركەنمەك، قورقماق، ھەزەر قىلماق.

جىغا قە. جىرغا، چىرغا.

جىغىماق قە. تاشلىماق، چۆرىمەك. م: ئەركىن جىلىتىسىنى ئۆگزىگە جىغىۋېتىپ، بازارغا چاپتى.

جىگدە شاخشاق قە. "جىگدىچى قۇش"قا ئوخشاش.
جىگدىچۇك غ. جىگدىچى قۇش (بەزى جايلاردا "تۇتى قاغا" دېيىلىدۇ).
جىڭ باسماق غ. سالمىقى بولماق، تۇتامغا چىقماق، ئاساسلىق. م: جىڭ باسمايدىغان گەپلەر — تۇتامغا چىقمايدىغان ئاساسسىز گەپلەر؛ ئوتتۇرىغا قويۇلغان پاكىتلار جىڭ باسىدۇ.
جىگگىل قە. بۇدرە، بۇجغۇر.
جىڭ موللەك قە. قوناق ئۇنىنى پوم قىلىپ، ئىچىگە قوي يېغى، ياڭاق مېغىزى قاتارلىق نەرسىلەرنى سېلىپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان.
جىلا[1] خ. سالاسۇن، رىشاتكا.
جىلا[2] قۇ. جۇلا، يالتىراق. م: بۇ جىلالىق تاگار (تاۋار) ئىكەن.
جىلە غ. قىلتاق.
جىلتا غ. بوخچا؛ جۇۋاۋا ياكى مانتىنىڭ جىلتىسى ("جىلتە"مۇ دېيىلىدۇ).
جىۋجىل غ. ئەپچىل، چاققان؛ چىرايلىق. م: جىۋجىل يىگىت ئىكەن — چىرايلىق يىگىت ئىكەن.
جىلدىماق قە. تىپچەكلىمەك، تىپىرلىماق، تاتلىماق، م: كېپىك يەرنى جىلداپ، ئاۋال ئالدى پۇتىنى، ئاندىن ئارقا پۇتىنى پۈكۈپ، بويىنىنى سوزغىنىچە جىم يېتىپ قالدى.
جىلمايماق غ. كۈلۈمسىرىمەك. م: يۇلتۇزلۇق ئاسمان جىلمىيىپ يۈز ئاچتى.

جىمىرلىماق مەۋج ئۇرماق. م: جىمىرلاپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ سۈيى.

جىن تاماكىسى "يەر تۇزغىغى"نىڭ ئىككىنچى بىر ئاتىلىشى، ئوتلاقلاردا بولىدۇ.

جىنتەك كىچىك بالىلارنىڭ ئەركىلەتمە نامى (قاراڭ، ماۋۇ جىنتەكنى!)

جىندەك قە. بىرئاز، كىچىككىنە. م: جىندەك ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ.

جىن شوخلىسى "ئىت ئۈزۈمى"نىڭ باشقىچە ئاتىلىشى بولۇپ، ئېتىزلاردا، ئېرىق بويلىرىدا ئۆسىدۇ.

جىن چاتقىلى تاغلاردا ئۆسىدىغان بىر خىل چاتقال.

چ

چاپانچى قە. يالاقـچى، تەخسـكەش، خوشامەتچى، كۆتەر-
مىچى.
چاپان كۆتەرمەك كۆتەمـچـلىك قىلـمان، تەخسـچـلىك
قىلماق، خوشامەت قىلماق.
چاپان ياپماق قە. يوشۇرماق، يانباسماق، ئېيىۋىنى ياپماق.
چاپپۇش ل. قۇلاقچا، ئولپاق.
چاپتىكەش شوخ، كەپسىز؛ چېپىلغاق. م: چاپتىكەش مۈشۈك —
ھەممە نەرسىگە چېپىلىدىغان مۈشۈك.
چاپچا خامان ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل سايمان،
ياغاچ چىشلىغى ياغاچ چاپچا، تۆمۈر چىشلىغى تۆمۈر چاپـچا
دېيىلىدۇ (بەزى جايلاردا "ئارا" دېيىلىدۇ).
چاپچىل قايىنماق قۇ. ئالدىراشچىلىق بولماق.
چاپراس چەمـبەرچـەس، گـىرەلەشـكەن، ئۆتـۈشـكەن؛ م:
چاپراس قىلىپ باغلىماق — گىرەلەشتۈرۈپ باغلىماق؛ چاسا،
م: چاپراس سىزىقلىق قەغەز، كەتەكچە سىزىقلىق قەغەز.
چاپسا خ. كىچىك كۈرەك.
چاپقاق ئوغرى. م: چاپقاق مۈشۈك — ئوغرى مۈشۈك.
چاپقىدىماق غ. بوران — شۇىرغانـىنىڭ ئايلىـنىپ ئۇرۇشى.

م: بوران چاپقىداپ ئۇرغىلى تۇردى.

چاپما خ. پۇتەي چىقىرىلغان، پۇتۇن ئويۇلغان. م: چاپما ئۇلاق — پۇتۇن ئويۇلغان ياغاچ ئوقۇر؛ چاپما قېيىق — پۇتۇن ئويۇپ ياسالغان قېيىق.

چاپمۇ-چاپ ت. يۈزمۇ-يۈز. م: بازاردا چاپمۇ-چاپ ئۇچرىشىپ قالدىم.

چاپى خ. شادىلىق قوش كارۋات.

چات غ. ئاچال، ئېغىز (تاغ ئاغزى). م: ئىككى تەرىپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان كەڭ چاتقا جايلاشقان تاغ يېزىسى.

چاتاق پۇتاق، شاخ. م: چاتىماق — پۇتىماق.

چاتىر كۇ. نۆشۇدۇر.

چاجا قۇ. سالجا. م: ئاتتا ئۆت يوق، چاجىدا كۆت (ماقال).

چاجۇپ غ. جىنازىغا ئۆلۈكنى سالىدىغان تاختاي.

چايجۆش چۆگۈن (تۇشتا سوقۇلغان ئاپتۇۋىسىمان چاي چۆگۈنى).

چاچا قۇ. پوپۇك، چۇچا. م: چاچىلىق ياغلىق (چۇچىلىق ياغلىق).

چاچاپ كەتمەك قۇ. سەسكىنىپ كەتمەك، بىر نەرسىنى تولا يەۋېرىپ، يىگۇسى كەلمەس بولۇپ قالماق. م: گۆشنى تولا يەپ، گۆشتىن چاچاپ كېتىپتىمەن (بۇ سۆز غۇلجىدا "چاقاپ كېتىپتىمەن" دېيىلىدۇ).

چاچقا توي-تۆكۈنلەردە كېلىنىڭ بېشىدىن چېچىلىدىغان، جەسەتنى كۆمۈش ئالدىدا جامائەتكە تارقىتىپ بېرىلىدىغان

قەن ـ گېـزەك ياكى پۇل.

چاچلىق بالا ت. قىز بالا (ياتلىق قىلىنمىغان قىز).

چاچ گۆيەك قۇ. چاچقا تاقىلىدىغان بېزەكلىك. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

قارا ياغاچ قاشتا بولۇر،
چاچ گۆيەك چاچتا بولۇر.
يارنىڭ دەردى ھەرقاچان،
يۈرەك بىلەن باشتا بولۇر.

چار قە. ئەيىپ، ئېۋەن، ئالىلىق. م: چار چىقارماق ـــ ئېۋەن تاپماق؛ چار قالماق ـــ ئالا قالماق، چۇشۇپ قالماق.

چارا تەلەگگىسمان يۇمىلاق ياغاچ تاۋاق (بۇنىڭدا خېمىر يۇغۇرغىلىمۇ، ئاش ئۇسقىلىمۇ بولىدۇ). قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئاش قىلدى قاپ ـ قارا،
ئۆزى ئىچتى بىر چارا.

چارە قە. ئۇستۇن، ئارتۇق. م: گۇلسۇمخان ئاچا ئۇنى ئۆز ئوغلىدىنمۇ چارە كۆرەتتى.

چارتماق قۇ. پىچەن (ئوت)، "چېغىرتماق"مۇ دېيىلىدۇ.

چارچاپ[1] قە. ئۇستىگە كوزا، كۇپ ياكى تەلەگگە، داس قويۇلىدىغان، ياغاچتىن ياسالغان، ئۇچ ياكى تۆت پۇتلۇق پاكار شىرەگە ئوخشاش قۇرۇلما.

چارچاپ[2] خ. شادىلىق كىچىك كارۋات.

چارچاڭ قۇ. قىرتاق، يېقىمسىز، قاڭسىق؛ قوپال. م: بۇ بەك چارچاڭ ھاراق ئىكەن؛ ئۇ چارچاڭ ناخشا ئېيتىدىكەن؛

ئۇ بەك چارچاڭ ئادەم ئىكەن.

چارچاي قارىغات.

چار چۆپ كۇ. "چاچاپ"قا ئوخشاش.

چاسامېتىر قە. كۋادىرات مېتىر.

چارسۇ قە. تۆت كوچا ئاغزى.

چا مېغىز خ. ياڭاق مېغىزى بىلەن ئۆرۈك مېغىزىنىڭ ئارىلاشمىسى؛ ئالا مېغىز.

چار ئوت قە. سۆت ئوت.

چارۋاغ غ. دەريالاردا بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن، ياغاچلارنى بىر بىرىگە چېتىپ قورشام قىلىپ قويۇلغان دائىرە، بىر ئۇچىغا كۆنجۈت باغلاپ قويۇلىدۇ. بېلىقلار كۆنجۈتنى يۇراپ، چار باغنىڭ ئىچىگە كىرىپ تۇتۇلىدۇ.

چا سارالڭ قە. جىڭ سارالڭ.

چاشەنبە قە. سارالڭ قېتىش، بېشىدا زاغۇنى بار.

چاغ ۋاقىت، دەۋر، پەيت (ئۇ چاغدا، ئۇ زامانلاردا)؛ مۆلچەر، ئېھتىمال (بۇ ئىشنى ئۆزەڭ چاغلاپ قىل، ھەققىنى ئۆزەڭ چاغلاپ بەر،... كەلگەن چېغى ــ كەلگەندۇ)؛ ھال، كۈچ ــ قۇۋۋەت (چېغىڭنى چاغلاپ ــ ھالىڭغا قاراپ ئىش قىل)؛ تەييار، ھازىر (چاغ بولۇپ تۇرۇڭلار ــ تەييار بولۇپ تۇرۇڭلار)؛ خۇرسەن، شاد (قاغىلار "قاق" ئېتىدۇ، ئۆز ۋاقتىنى چاغ ئېتىدۇ ــ ماقال).

چاغاناق قۇ. تەخسە مۇزىكا ("چاغىناق"مۇ دېيىلىدۇ).

چاغاناي قۇ. قومۇش سۇناي ("چاغىنا"مۇ دېيىلىدۇ).

چاغۋا قۇ. ئېھتىمال، بەلكى (باشقا جايلاردا "چېغىۋا"

دىيىلىدۇ. م: كەلگەن چېغىۋا — كەلگەن ئوخشايدۇ.
ئەسلى — چېغى بار). قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

قارلىق تاغلار يېقىنچۇن،
هاۋالىرى سوق چاغۋا.
جۇگانلىرى بىچارە،
يىگىتلىرى يوق چاغۋا.

چاغىرچاي بەسەي تۇرىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك (كۆكتات).
چاقا قە. پۇل، ئاقچا، تەڭگە. م: ئۇنىڭ نەرقى ئون چاقا.
چاقاڭدى قە. ئوڭدا. م: چاقاڭدىسىغا چۈشتى — ئوڭدىسىغا
چۈشتى.
چاقام-چاقام سۇغا باش چۆكۈرۈشتىن بۇرۇن ئېيتىدىغان
باللار سۆزى. م: چاقام-چاقام، ئىلان پاقام.
چاقايماق قە. نۇرنىڭ تەسىرىدىن كۆزنىڭ چېقىلىشى. م:
چىراق يورۇغىدا كۆزلەر چاقىيىپ يولىنى ئىلغا قىلغىلى
بولمايتتى.
چاقېپلەك بولۇپ كەتمەك قە. خوشاللىقى ئېچىگە پاتماي
كەتمەك؛ يايراپ كەتمەك.
چاقچا غ. ناسۋال قۇتىسى.
چاقچۇق[1] قۇ. ئۆرۈك ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش يېمىشلەرنىڭ
ئۇچكىسى، ئۇرۇقچا.
چاقچۇق[2] قە. ساپال قاچا. م: چاقچۇق چىنە — ساپال چىنە
(بەزى جايلاردا فار-فور قاچىلارنىڭ سۇنۇقلىرىمۇ "چاقچۇق"
دىيىلىدۇ).
چاقچىلقاي قۇ. ئالدىراش، ئالدىراشچىلىق؛ ئالدىراڭغۇ:

بىسىق، م: چاقچىلقاي كۆنلەر؛ چاقچىلقاي ئادەم. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئاتنى مىندىم ئىگەرسىز،
باشى ــ كۆزى يۈگەنسىز،
چىرايلىق مىنىڭ يارىم،
چاقچىلقايدا كىيقاپسىز.

چاقسا قۇ. شادىلىق ياغاچ قوۋۇق، دەرۋازا.
چاققۇ ل. چوڭچوڭ قۇرۇت.
چاقما كاۋا كاۋىنىڭ بىر تۈرى (بەزى جايلاردا "ئەنجان كاۋىسى" دېيىلىدۇ).
چاقىلاي قۇ. يۇزگە چىقىدىغان بىر خىل داغ (تولاراق ئەتىياز كۈنلىرى چىقىپ، كېيىن يوقاپ كېتىدۇ).
چاكان ياغلىق قە. بەلۋاغ، رومال. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئاقسۇنىڭ يولى باغلىق،
بېلىمدە چاكان ياغلىق.
مەن كۆيسەم ساڭا كۆيدۇم،
سېنىڭ كۆيگىنىڭ چاغلىق.

چاكسا قە. ئىغىرلىق ئۆلچىمى، بىر جىڭ ئىغىرلىققا تەڭ.
چاكمۇخ تاغ ۋە ئورمان بويلىرىدىكى ئوتلاقلاردا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت.
چاڭ چاڭگال، قول. م: كىشىنىڭ ھەققىغە چاڭ سالىماق؛ سار چوجىگە چاڭ سالدى.
چاڭقاغا قە. توڭقاغا.
چاڭقۇرۇن غ. ئالدىراشچىلىق؛ بىسىق. م: ئىشىم تولىمۇ

چاڭقۇرۇن بولۇپ كېتىپ كېلەلمىدىم.

چاڭگا ساقال بومبۇر ساقال.

چاڭگالك قوش قوللۇق ئارا؛ بېلىق تۇتىدىغان تۆت چىشلىق ئارا.

چالا-چوتا قە. چالا-بۇلا.

چالا-چۇشتە قە. چالا-بۇلا، چالا-پۇچۇق.

چالغىتماق غ. ئېلىشتۇرماق، بۇرىماق، قاچۇرماق. م: گەپنى چالغىتماق — گەپنى بۇرىماق؛ ئۇ ئىشنى چالغىتماي ئىشلەيدۇ — ئۇ ئىشنى ئېلىشتۇرمەي ئىشلەيدۇ؛ پىكرىم چالغىپ كەتتى — پىكرىم قېچىپ كەتتى.

چالما[1] ل. ئۇننى سۇغا چېلىپ ئېتىلىدىغان ئۇماچ. م: بۇغداي چالمىسى — بۇغداي ئۇمىچى.

چالما[2] مال قىغىنىڭ كېسىگى.

چام قە. ئورۇنداشقا تېگىشلىك ھەسسە، بۆلەك. م: چام بۆلۈپ بەرمەك — ئورۇنداشقا تېگىشلىك ھەسسىسىنى بۆلۈپ بەرمەك (كۆپىنچە ئورما، ئېرىق چېپىشلاردا ئىشلىتىلىدۇ).

چاما قۇ. ئۇماچ، يارما.

چامۇللاق خ. تىك موللاق ئېتىش.

چامبۇل ئېشەك ئالا ئېشەك.

چامچا[1] قۇ. يەكتەكتىن ئۇزۇنراق كېلىدىغان يالاڭ ئۇزۇن چاپان (يازلىق). قوشاقتا مۇنداق كەلگەن: ئېگىز ئازغان بويىدا، چامچاڭنى سەن مورەڭگە ئال. شۇغىنە ئايلا جۇگانىنى، ئالمىدەك يانىڭغا سال.

چامچا[2] ت. كۆكلەك.

Altun0q

چاناچ تېرە خالتا (تۇلۇم)، تورسۇق. م: بىر چاناچ قېمىز.
چاناق[1] خ. تۇگمەننىڭ دان چۈشىدىغان يېرى.
چاناق[2] ئا. كىۋەز غوزىسى (باشقا جايلاردا بۇغدايىنىڭ خانىسى، قېپى مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. م: بۇغداي چانىغى؛ پاختا چانىغى).
چاندىر سىڭىر؛ ئورۇق. م: چاندىر ئادەم ـــ ئورۇق ئادەم؛ گۆشنىڭ چاندىرى ـــ گۆشنىڭ سىڭىر ئارىلاش كەلگەن، پىچاق ئۆتمەيدىغان يېرى.
چاۋا[1] ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇرۇق شاق ـ شادىلىرى، يوپۇرماقلىرىنىڭ ئۇۋاقلىرى. م: ئەخلەت ـ چاۋا، چاۋا ـ چاتقال (بەزى جايلاردا "چوۋا"مۇ دېيىلىدۇ).
چاۋا[2] هايۋانلارنىڭ ئىچ يېغى. م: چاۋاياغ (بەزى جايلاردا "چارۋى" دېيىلىدۇ).
چاۋات ل. ئاچمانان، كاكچانان، چوۋات. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

شلپە ناننى ياقماڭلار،
كۆيۈپ كېتەدۇر چاۋات.
مېنى ئىچمنى كۆيدۇرگەن،
مەللەڭدەكى ئاق ناۋات.

چاۋارتماق ل. چاۋارماق. م: جاۋاغايىم چاۋۇرتۇپ قېپتۇ ـــ جاۋىغىيىم چاۋۇرۇپ قېپتۇ.
چاۋكا غ. ساغرىسى چىپار ئات.
چاۋۇپ كەتمەك تېگىپ كەتمەك، ئېغىر كەتمەك، تەسىر قىلماق. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

سۆزلەۋەرسەم گېپىم يەنە ئاۋۇپ كېتەر،
ئەمەل تۇتقان جاناپلارغا چاۋۇپ كېتەر.

چايپەش غ. چاي ئوراپ قويىدىغان تۇگۈچ.

چايدام قۇ. چۆللەردە سۇ يىغىلىپ قالىدىغان كۆلچەكلەر.

چايدۇت ل. مەخسۇس چاي دەملەپ ئىچىدىغان تۇۋاقلىق چۆگۈن.

چايقاق ل. دولقۇن. م: سۇ چايقاغى — سۇ دولقۇنى.

چايلماق قە. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تازا باراخسان بولغان ۋاقتى. م: بۇغداي چايلاپتۇ؛ كۆكتاتلار چايلاپتۇ.

چەپ سول، تەتۈر (كۆچمە مەنىدە كېلىشمەسلىك، ئوڭۇشسىزلىق، پالاكەتلىك، نەس، كاج دېگەن ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدۇ).

چەپەك قۇ. چەلپەك، پوشكال، قۇيماق.

چەپچەك قە. چۆگۈننىڭ تېشىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تېگى تەرىپىدە مەخسۇس يەرگە قويۇشقا ياسالغان قىسمى. چۆگۈن ئالساڭ چەپچەكلىكىنى ئال، خوتۇن ئالساڭ ئەمچەكلىكىنى (ماقال).

چەپى-غەلەت قە. ئازدۇرماق، كۆز ئالدۇرماق. م: نازارەتچىلەرنىڭ كۆزىنى ھەر خىل يوللار بىلەن چەپى-غەلەت قىلىپ، ئىشنى جۆندەيتتۇق.

چەتمە قۇ. مەشۇت يىپ: بىر خىل چىقىرىشماق قىلىپ ئوينايدىغان ئويۇن.

چەتمەك ئا. قارا قۇشقاچ تۇتىدىغان ياغاچ تۇزاق.

چەتنەپ كەتمەك ئۆلۈپ كەتمەك. م: چۆجىلەرنىڭ ئۇنى

چەتنەپ كەتتى، ئۇنى ئەي بولدى (بۇ سۆز كۆپىنچە ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ باللىرىنىڭ ئۆلۈشىگە قارىتىلىدۇ).

چەچكە خ. بۆزچىنىڭ يىپ تاغىقى.

چەرتمەك قۇ. چەكمەك، چالماق، قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

دېيىنى چەرتسە بولۇر،
چېكىپ، سوقۇپ چەرتسە بولۇر.
دېيىنى چەرتەلمىسە،
چەرتكۈچىگە بەرسە بولۇر.

چەرچىن قە. ئۇششاق، ھەر خىل. م: چەرچىن مال — ئۇششاق مال.

چەشمە قۇ. كەشتە. م: چەشمە تىكىش — كەشتە بېسىش.

چەك باسماسلىق يىڭ باسماسلىق، قاملاشماسلىق. م: بۇ گېپىڭ چەك باسمايدۇ.

چەكمەك قە. قېشىنى قاقماق، قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئەندى مېنى كېتىدۇ دەپ،
چەكمە قېشىڭنى.
غورىلاينىڭ بالىسىدەك
تۆكمە يېشىڭنى.

چەلەڭگۈچ قۇ. ئارىلاش، ئارىلاش-قۇراش.

چەلگىمەك يىپنى ئۆرلەپ تۇرماق، لەيلىمەك. م: ئاشنىڭ يىپى چەلگىپ تۇرۇپتۇ.

چەللە ئۈزۈم شاخلىرىنى ئارتىلدۇرىدىغان چەللە، باراڭ.

چەللىدە ئات چاپتۇرىدىغان پوچى، زاڭ مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان ىبرىكمە.

چەمەك خ. ئاچا ياغاچ، يىپ ئېگىرىدىغان چاقنىڭ ئاچا ياغىچى.
م: دارۋاز بالا بادىرىلار چەمىكىدىن ئۆتۈپ، تېخىمۇ تىنىك تارتىلغان دار ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

بېغىمدىكى ئالمىنىڭ،
شاخلىرى جەينەكچە بار.
مېنى كۆيدۈرگەن خېنىمنىڭ
بەللىرى چەمەكچە بار.

چەنەۋرە خ. چەۋرە، ئەۋرىنىڭ بالىسى.
چەندان ناھايىتى، بەك؛ كۆپ قېتىم. م: مەن چەندان ئېيتتىم.
چەندەكچى ئا. ئۇرۇكنىڭ بىر تۈرى.
چوپا-چوپاڭ قە. چىپ-چىپ، چىلىق-چىلىق. م: چوپا-چوپاڭ تەر ــ چىپ-چىپ تەر ("جوپا-جوپاڭ"غا ئوخشاش).
چوتا قۇ. چوڭ ئاتا (تاغلىقلار سۆزى، قىسقارتما سۆز).
چوت پايپاق ئا. پىما.
چوجالماق خ. كېرىلمەك، سوزۇلماق.
چوچىماقچى قۇ. توساتتىن، تۇيۇقسىز.
چوخچا قۇ. دۆۋە؛ دەستە. م: چوخچا-چوخچا نان ــ دەستە-دەستە نان.
چوخچىلماق قۇ. چوخچايتماق.
چور ت. سېغىز لايدىن ياسالغان ئۇشتەك.
چورۇپ قە. ئاياللارنىڭ ئاياق كىيىمى. م: پۇتىغا چىرايلىق ئالا-يېشىل گۇللەر تىكىلگەن قونجىلىق قىزىل چورۇپ

كىيگەن.

چورۇق[1] ت. چىگىت ئايرىيدىغان چىغرىق (بەزى جايلاردا "چورۇق" دېيىلىدۇ).

چورۇق[2] كالا تېرىسىدىن ئىشلەنگەن ئاددىي ئاياغ. م: يېڭى كۆرگەن كۆنىنى ئۇنۇتما، شىرە چورۇقنى قورۇتما (ماقال).

چوش ت. بىر يەردىن ئىككىنچى بىر يەرگە سۇ ئۆتكۈزىدىغان ياغاچ نو؛ بىر چۆنەكتىن ئىككىنچى چۆنەككە سۇ چۈشۈرىدىغان ئىگىزلىك؛ ئۆگزىدىن يامغۇر سۈيى ئېقىپ چۈشىدىغان نو؛ تۈگمەن سۈيىنىڭ يۇقۇرىدىن سۇ چۈشۈرىدىغان شاقىراتمىسى.

چوغ خ. قوپۇق، نۇرغۇن، زىچ، كۆجۈم، توپ. م: چوغ مەلە — توپ مەھەللە.

چوغا خ. رەستە، نۇرغۇن ئادەم توپلانغان جاي.

چوقاي[1] قۇ. مىراس بۆلگۈچى، تەقسىم قىلغۇچى.

چوقاي[2] قە. ھارۋىنىڭ چوقىيى. م: ھارۋىنىڭ چوقايلىرىغا قىزىل تۇغ قادىتىپ... ئۇ ھارۋىنىڭ چوقىيىغا مەككەم يېپىشىپ ئولتۇراتتى.

چوكان جۇۋان — ياتلىق قىلىنغان ياش ئايال (بەزى جايلاردا "چۆكەن" دېيىلىدۇ)؛ سۆگەتنىڭ يېڭى كۆكەرگەن ياش نوتىسى.

چوكانتال پەسىل مەۋسۇملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، سۆگەتلەر چوكانلىغان مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ.

چوكىلاڭ قە. چوكىلاڭ تاغلار — باكار تاغلار.

AltunOq

چوڭ دادا قە. بوۋا (دادىسىنىڭ دادىسى)
چوڭرون خ. تۇگىچەك.
چوڭنە قۇ. چوڭ ئانا (ئانىسىنىڭ ياكى ئاتىسىنىڭ ئاچىسى).
چولامپاي قە. توكۇر، چولاق. بار بولاملىق، يوق چولامپاي (ماقال).
چولتاق چولتا.
چولدۇر قۇ. كىچىك ئوغۇل بالىلارنىڭ جىنسى ئەزاسى (بەزى جايلاردا "ئۇجۇك" دېيىلىدۇ).
چولماق رەختنىڭ كېسىلگەن يېرىنى يىپ-يىڭنە بىلەن ياكى مەخسۇس ئەسۋاپ بىلەن تورلىماق، يۆمىمەك.
چوماق قۇ. كۆتەك؛ ئۇمۇت (بىر ئۇچى كاللەك كالتەك).
چوۋاڭ خ. بېغى يوق سىۋەت.
چوۋرۇ قۇ. چىغىر يول، گىلاڭلاردىكى تار، قىيىن چىغىر يول، بۇنداق يوللاردا ھايۋانلار ماڭالايدۇ، ئىككى كىشى ماڭالمايدۇ.
چۇپۇر ئۆچكە يۈكى.
چۇجىر قە. يۇگەننىڭ ئېغىزدۇرۇقى. م: جىرەن قاشقا يۇگەننىڭ چۇجىرنى ئەپلەپ چىشلەپ ئالدى-دە، بويۇن بەرمەي ئاپقاچتى.
چۇچا پوپۇك، گىلەمنىڭ چۆرىسىدىكى پوپۇكچە يىپلار.
چۇچۇلماق[1] سايرىماق. م: تورغاي چۇچۇلىدى — تورغاي سايرىدى.
چۇچۇلماق[2] قۇ. كىيىمنى سالماق، يەشمەك. م: چاپىنىڭنى چۇچۇلۇەت — چاپىنىڭنى سېلىۋەت.

چۇراپ دەس، دەرھال. م: چۇراپ ئورنىدىن تۇرۇپ زالدىن چىقتى.
چۇراڭ خ. ئىگىز، سوقا سىۋەت.
چۇرقۇچ قۇ. بۇدرە. م: چۇرقۇچ چاچ — بۇدرە چاچ.
چۇرۇڭقاي غ. تېرىككەك.
چۇرۇيول قۇ. تاغ-داۋانلاردىكى خەتەرلىك يول ("چۇرۇ-يول"مۇ دېيىلىدۇ).
چۇغلۇق غ. مۇدەننىڭ ياۋىسى. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:
تاغدا ئېچىلىپ قاپتۇ،
سېرىق سەبدە بىلەن چۇغلۇق.
چۇغۇنتەك بىر خىل كىچىك قۇش.
چۇغۇندان ئېتىز ياقىلىرى، يول بويلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت.
چۇقاپ كەتمەك قۇ. ياغسىراپ كەتمەك؛ گۆش، ياغ يىگۇسى كېلىپ كەتمەك.
چۇل-چۇل كۆكۈم-تالقان بولۇپ كەتكەن، پارچە-پارچە بولۇپ كەتكەن. م: ئېگىز كۆتىرىپ ئاتقان شىشە يەرگە جاراڭلىدە چۈشۈپ، چۇل-چۇل بولۇپ كەتتى.
چۇلغاشماق خ. يىغىلىشماق، توپلىنىشماق، ئولاشماق.
چۇلۇق ل. كۆپ، مول، مىژ-مىژ، مىغ-مىغ. م: بېلىق چۇلۇق، قوساق توق — بېلىق كۆپ بولسا، قوساق توق بولىدۇ.
چۇلۇق تاۋۇز خ. پىشىپ ئۆتۈپ كېتىپ، ئۇرۇغى بىلەن ئېتى ئايرىلىشىپ كەتكەن تاۋۇز.

چۇمغۇق خ. قاغا تىپىدىكى قۇش. م: ئاۋۇ چۇمغۇقنى قورۇۋېتىڭا (بەزى جايلاردا "چۇمگەك"مۇ دېيىلىدۇ).
چۇۋادان قە. كەپتەرنىڭ بىر خىلى.
چۆپچۈل قە. غورىگىل، ئاددى، قاتتىق-قۇرۇق. م: داستىخىنىمىز چۆپچۈلرەك بولۇپ قالدى، كەچۈرۈشىسىلە.
چۆپگەز قە. تامنىڭ قىرغاق-بۇرجەكلىرىگە سۇۋاق بەرگەندە سىلىق ۋە تۈز چىقىرىش ئۈچۈن قويۇلىدىغان ئۇزۇن ياغاچ.
چۆپ-چۆپ چىلىق-چىلىق. م: كىيىملىرىڭ چۆپ-چۆپ ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ.
چۆچەك خ. تاقلانغان پىللە قۇرۇتلىرىنى ئالىدىغان تەۋەك.
چۆرۈلمە تويدا ئوغۇل تەرەپ قۇدىلارغا سوغا قىلىدىغان كىيىملىكلەر.
چۆرىسى يوق قۇ. ئەبگار، چاپىنى تېز يىدىن ئاشمايدىغان.
چۆك قۇ. تاغلاردا ھاك تاشلار ئۈستىدىكى سۆپە تاش، تۈپ-تۈز تاش.
چۆكە پۇرچاق قۇ. پۇرچاقنىڭ بىر تۈرى (سۆيۈق ئاشقا سېلىنىدۇ).
چۆكۈچ قۇ. چوكا.
چۆگەن قە. توپۇق توپىنى ئۇرۇپ ئوينايدىغان تاياق. م: چۆگەن ئويۇنى، چۆگەن بىلەن توپۇقنى ئۇرۇپ ئوينايدىغان ئويۇن.
چۆگۈنگۈل بۇغدايلىق ۋە يول بويلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت.

چۆگىمەك قۇ. يۆگىمەك، ئورىماق.
چۆلمۆگ ل. كۆلچەك.
چۆمەچ ت. چۆگىلىمەچ، باشتىكى چۆگىلىمەچ يەر. م: ئۇنىڭ بېشىدا ئىككى چۆمىچى بار؛ يىپ ئىگىرىدىغان چاقنى ئايلاندۇرىدىغان چوكا ياغاچ.
چۆمگۈچ ئا. چۆمۈچ.
چۆمۈچ قە. ساپلىق. م: قازاننىڭ گۈۋاچىسى چۆمۈچ (ماقال).
چۆمۈمەك قۇ. ئۈزمەك (سۇنى).
چۈرپە ئا. ياۋا توڭگۇزنىڭ كۈچىكى.
چۈچۈلىمەك قۇ. ئۈزمەك (قوناق قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ بېشىنى ئۈزمەك).
چۈچۈن غ. چۈچۈن قۇرۇتى. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئەپيۈن تارتقان جاللاتلار،
دۆڭ يامۇلدا ياتىدۇ.
چۈچۈنلۈك، پەنلىك ئۆيدە،
نازۇك جۇۋان ياتىدۇ.

چۈشەك كۆرپە.
چۈشكىنە بىر خىل تىكەنلىك دەرەخ.
چۈشلىمەك ت. چۈشلۈك ئارام ئالماق. م: بىزنىڭ ئۆيدە چۈشلىگىن.
چۈشۈك بالا تاشلاش. م: ئون تۇغۇتتىن بىر چۈشۈك يامان (ماقال).
چۈكۈنەم ت. ۋىجىك، كۆرۈمسىز، ئىسكەتسىز، ئادىدى.

چۆله قە. گۆلە ـ قاق سۆيى، كۆچمە: مىجەزى بوش ئادەملەر چۆلە ئادەم دىيىلىدۇ.

چۆمبەت قۇ. چۆمپەردە.

چۆمگەك قاغا تىپىدىكى بىر خىل قۇش.

چۆنچە ت. ئۈزۈم قۇرۇتىدىغان مەخسۇس ئۆي.

چۆيگە خ. چۆشۈرگە (تۆگمەن ئېرىغىنىڭ سۈيىنى چۆشۈرۈۋېتىدىغان ئېغىز).

چىتىن غ. قىزىل قارىغاي.

چىچراپ كەتمەك كىچىك بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى.

چىچىرەڭ قۇ. چەشرەڭ، ھاۋارەڭ.

چىچىرماق قۇ. سەكرىمەك؛ چاچرىماق.

چىچىكى چاي بولماق قە. خوشال بولۇپ گۈل ـ قەقەلىرى ئېچىلىپ كەتمەك. م: بۇ خوشخەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ چىچىكى چاي بولۇپ كەتتى.

چىچىلغاق ئا. چاقماق، چىقىن.

چىدىر قۇ. ئەخلەت، لاۋا.

چىغىچە قۇ. كۆكۈلدىكىدەك. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

قىپ ـ قىزىل بۆكنى كىيىپ،
سەن ئۆزەڭنى بىلمىدىڭ.
چىغىچە يارنى كۆرۈپ،
بىزنى كۆزگە ئىلمىدىڭ.

چىقىتىنماق قە. چىقىلماق، چاقايماق، چاقىنماق. م: ئاپتاپتىن كۆزلىرى چىقىتناپ كەتتى.

چىقىش قۇ. بىر بىرىگە ماس كەلمەيدىغان يىمەكلىكلەرنى

Altun0q

كۆپ يىۋېتىش ئارقىسىدا، ئاشقازاننىڭ بۇزۇلۇشى (تۇرپاندا "چىقىل" دېيىلىدۇ). م: ئۇدۇل كەلگەنلا نەرسىلەرنى يەۋېرىپ چىقىل بولۇپ قاپتىمەن.

چىقىشماق چاقچاق قىلىشماق، چاقچاق قىلماق.

چىقىل - چۇقۇل تۇرمۇشنىڭ يېتىپ-قوپۇش، تاماق قاتارلىق جەھەتلەردە بىر خىل بولماسلىقى. م: تۇرمۇشتا چىقىل-چۇقۇل بولۇپ قالمىدىم — تۇرمۇشتا غورىگىللىك تارتمىدىم.

چىقىلدۇرغۇچ تۆگمەننىڭ چىقىلدۇرغۇچى. م: تۆگمەن تېشى مەن بولسام، چىقىلدۇرغۇچى سەن بول (ماقال).

چىقىن خ. تاغ قىيالىرى.

چېكى لەلەك غ. لاغايلاپ يۈرمەك. م: ئۇ چېكى لەلەك بولۇپ يۈرىدۇ.

چېكىلىك قە. شەپكىنىڭ ئالدى؛ ئات، ئېشەكلەر نوختىسىنىڭ چېكىگە توغرا كېلىدىغان يېرى. م: نوختىنىڭ چېكىلىكى، چېكىلىك نوختا.

چېگەلەك ل. اوپ كەندىرى، ياۋا كەندىر.

چېنەك قورولغا ئېلىپ ئاتىدىغان نىشان، بەلگە.

چېنىمەك قورولغا ئالماق، چاملىماق، مۆلچەرلىمەك.

چېۋىرقاي غ. تېرىككەك.

چېۋىقىغا ئالماسلىق نەزىرىگە ئالماسلىق، ھىساپقا ئۇتماسلىق. م: ئۇ بۇ گەپلەرنى چېۋىقىغا ئالمايۋاتقانىدەك، نەگىدۇ تىكىلگىنى تىكىلگەن.

چىپ "دەرھال، ئۇزۇلۇش" مەنىلىرىدە كېلىدىغان ھالەت ئىملىقى. م: مۇئەللىم سۆزلەۋاتقان دەرسنى چىپ

توختىتىپلا....

چىپەرچى خ. پوچتىچى، پوچتالىيون.

چىپەرخانا خ. پوچتىخانا.

چىپتا خ. قاپ، كەندىر تاغار.

چىپچا خ. جۇۋازنىڭ ياغ چىقىدىغان ئۆشۈكىگە تىقىپ قويىدىغان ياغاچ.

چىپچاپ ت. تويغۇچە ئەمەس، يېتەر-يەتمەس؛ تاماقنىڭ تويغۇچە بولماسلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۆز. م: تاماق چىپچاپ بولۇپ قالدى — تاماق تويغۇچە بولمىدى. ئىككى ئېغىز كاپ-كاپتىن، بىر ئېغىز چىپ-چاپ ياخشى (ماقال).

چىپىت ئا. يۇپقا قاتلىما.

چىپىچ خ. يېشىغا توشمىغان چىشى ئۆچكە (باشقا جايلاردا "چۈۋىچ" دېيىلىدۇ).

چىت ل. قاشا.

چىتەن غ. هارۋىنىڭ چۆرىسىگە قويىدىغان توساق؛ سامان قاچىلايدىغان چوڭ بورا قاچا، بادالڭ (هارۋىغا ئورنىتىلىدۇ).

چىچتىمخانا ت. تەرەتخانا (چۆكۈرۈش مەنىسىدە كېلىدۇ).

چىچىل كۇ. چۇچۇلا.

چىر خ. پىر. م: باللىرى خۇددى تېنەپ قالغاندەك، ئۆيىنى چىر ئايلىنىپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى.

چىرمۇخ ل. قۇلماق.

چىرمغۇت چىڭگىلەك (ئوت).

چىرۋەك ل. قۇلۇلە، قۇلۇلە قېپى.

چىرىمدان غ. يېڭى قاتقان نېپىز مۇز.

چىشى گەز-گەز بولماق چەكسىز ئاچچىغى كەلمەك.
چىشمەك چىشى چىقماق. م: بۇ قوي چىشمەپتۇ — بۇ قوينىڭ چىشى چىقمىپتۇ.
چىش يارماق غ. ئېغىز ئېچىپ گەپ قىلماق، بىر نەرسە دىمەك. م: ئاباق قانچىلىك يۇزسىزلىك قىلسىمۇ، ئايدىن ئۇنىڭغا چىش يېرىپ بىر نەرسە دىمىدى.
چىغچى شاخ سانغۇچ (قۇش).
چىغدان چىغ پەردە.
چىقار ل. چىقار يەر، ئېغىز، مەنبە.
چىقاغدىماق ل. چىق-چىق قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، تاسقىنى قاقماق. م: سۇ ياقىنساغان چاقى بار، بۇركۇت چىقاغداپ تۇرادۇ.
چىقان بەدەنگە چىققىدىغان بىر خىل يارا (بەزى جايلاردا "كۆتىيوغان"مۇ دىيىلىدۇ).
چىقۇق ل. سىرىق ئەت يېرىغى.
چىقىش قىلماسلىق قۇ. پايدا بەرمەسلىك، يەتمەي قېلىش، پايدىسى زىيىنىنى كۆتىرەلمەسلىك، پايدىسى يوق.
چىقىشىپ كەتمەك ت. نىكادىن ئاجرىشىپ كەتمەك.
چىكانىكىلماق كۇ. كېۋەزنىڭ ئۇچىنى ئۈزمەك.
چىكەر قۇ. چاكار، مالاي، خىزمەتچى.
چىگىلەنمەك غ. چىگىشلەشمەك، چىرماشماق،
چىڭكىرىش قۇ. چىداملىق، پۇختا؛ سەۋرىچان.
چىڭگىز قۇ. تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ.
چىل خ. هۆل تەمرەتكە.

چىل قاغا ت. ئالا بويناق كىچىك قاغا.
چىلاپچىن خ. چىلاپچا.
چىلاق قە. چىللاق (توي بولۇپ 15 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، قىز تەرەپ يىگىت تەرەپنىڭ ئاتا-ئانىسى، يېقىن تۇققانلىرى ۋە دوست-ئاغىنىلىرىنى چاقىرىپ مېھمان قىلىدىغان كۈن).
چىلە خ. قىغ (غۇلجىدا مالنىڭ پوق، سۈيدۈكىنىڭ ئارىلاشمىسى "چىلە" دېيىلىدۇ).
چىلگە ئالما غ. بالدۇر پىشىدىغان ئالما.
چىللە قە. بەز ئاغرىقى.
چىمالتا ل. پاچاقتا ئورايدىغان گوجەي.
چىمەلتەك غ. چىمچىلاق.
چىمتىمەك ت. كەمستىمەك، چۆكۈرمەك.
چىم-چاق قە. قىزلارنىڭ جۈپ-جۈپ بولۇشۇپ، چىم-چاق تېپىشىپ ئوينايدىغان ئويۇنى.
چىمچىماق چىمدىماق، ئاز-ئازدىن. م: بېرىشىمىزنى چىمچىپ تۈگەتتۇق — بېرىشىمىزنى ئاز-ئازدىن بېرىپ تۈگەتتۇق.
چىمدىق قۇ. هالقا.
چىمگەر خ. چەمچى، چەم ياسىغۇچى.
چىمىت خ. چىمچىلاق.
چىمگەن قۇ. تىترەك.
چىن-پىششىق خ. راست، جەزمەن، چوقۇم، شۈبھىسىز.
چىنتاش قۇ. ئىسىل تاش، ياقۇت، ئۈنچە-مەرۋايىت.

چىنداڭ ل. سەندەل.

چىن قىچقىرىش غ. توي ئۆيۈنى (توي كۈنى تۆت ئاقباش خوتۇننىڭ گىلەمنىڭ تۆت ئۇچىنى تۇتۇپ، قىزنى گىلەمگە ئولتۇرغۇزۇپ، قوشاق ئېيتىپ، يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ مېڭىشى).

چىۋا يىرىق، تېقىم. م: بالىنىڭ چىۋىسى پىشلاق بولۇپ قېپتۇ، ئازراق ئۇپا بېسىپ قويۇڭلار.

چۇقللاشماق قە. پىچىرلاشماق، شۇىرلاشماق. م: قۇلاق تۈۋىدىكى چۇقللىششتىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى.

چۈن ل. پاشا.

چۈنقىماق غ. مالنىڭ بېشىنى، پۇتىنى مىدىرلىتىپ چۈنىنى قوغلىشى.

چىيلىمەك قۇ. چەيلىمەك. م: خېمىرنى چەيلەپ تېخىمۇ ئۆلۈك قىلماق.

Altunoq

خ

خا خ. لىم، لىم ياغاچ.
خا ئالماق ـ ئا. هار ئالماق، ئېغىر كەلمەك.
خاپا بولماق خ. ئىزا تارتماق، خىجىل بولماق. م: گەپ سورىغىلى خاپا بۇتكەن ئادەم ــ گەپ سورىغىلى ئادەم خىجىل بولىدىكەن.
خاپان خ. تارازىنىڭ نەرسە سالىدىغان تەخسىسى.
خاپانباش يوغان باش. م: ئىلانباش قىزىگىدىن خاپانباش كېلىنىڭ ياخشى (ماقال).
خاپان كاللا خ. "خاپانباش" قا ئوخشاش.
خادا قۇيۇن قە. تىك قۇيۇن. م: ساي تەرەپتىن ئىككى خادا قۇيۇن كۆتىرىلىپ، ئاسمانغا بۇرغا قويغاندەك پىقىراپ ـ پىقىراپ ئۆتۈپ كەتتى.
خاراۋان خ. هەيۋەتلىك، چوڭ. م: بۇ، خاراۋان تېرەك ئىكەن!
خارايلماق ل. تاللىماق. م: شۇنچىلارنىڭ ئىچىدە، خارايلاپ تۇتتۇم سىنى.
خارەت خ. ياغاچچى. مۇجاڭ.
خارساڭتاش خ. گىرانىت تاش.

خاس ل. دۇشمەن. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

يۇرگۈزمەيدۇ تەلگەشىپ،
ئۆز تۇققانلار خاس بولۇپ.
كۆڭلۈمنۇ بۆلۈپ كەتتى،
قارىنداشتار يات بولۇپ.

خاش قاپاق خ. ياپما قاپاق.

خاك خ. توپا.

خاكخوك دىمىغىدا گەپ قىلىدىغان، خاكروق.

خال مەڭ.

خالا قە. ھاجەتخانا، تاھارەتخانا.

خالايلىماق خ. "خارايلىماق"قا ئوخشاش.

خالو قۇ. نوغۇچ.

خالۋاپ خ. گىلەمچى، گىلەم توقۇغۇچى.

خامار بۇرۇن. م: خامىرىڭنى يەنچۈۋېتىمەن.

خامپا خ. تۆگمەننىڭ ئۇن چۈشىدىغان يېرى. م: چورۇقنى سالماي خامپىغا كىرمە (ماقال).

خام پاختا كۇ. چىگىتتىن ئايرىپ چىقىرىلغان، تېخى ئېتىلمىگان پاختا.

خامتاسما غ. تىللاشتا ئىشلىتىلىدىغان سۆز.

خام تاما قۇ. خام تەمە، كۆچمە: سىناق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

كەلسىلە خېنىم دىسەم،
قارىماي كەتكەن يارىم.
خام تامادا داڭگال ئاتسام،
ئاچچىغى كەلگەن يارىم.

خاموٗت غ. ئاتىنىڭ بوينىغا سېلىنىدىغان هارۋا جابدۇغى (بوغا).

خامىسكىرمەك قۇ. چالا پىشىپ قالماق. م: نان خامىسكىرەپ قېپتۇ — نان خامسۇق بولۇپ قېپتۇ.

خاناچا قە. كېلىنلەر قېيىنئانىسىنى ياكى كىچىكلەر ئاكىسىنىڭ خوتۇنىنى خاناچا دەپ چاقىرىدۇ.

خان ئاغىچا قە. خاننىڭ خوتۇنى، خانىش؛ ياشانغان، ھۆرمەتلىك ئاياللارغا قوللىنىلىدىغان ھۆرمەت نام (قۇمۇلنىڭ "ئاپپاق" دىگەن سۆزىگە توغرا كېلىدۇ).

خاناقىماق غ. دەرگۇمان، ئىككىلىنىش، بىخۇتلىشىش. م: خانىقاپ قېپتىمەن — بىخۇتلىشىپ قېپتىمەن.

خان ئەتلەس خ. زەيتۇن ھەم ئاق ئارىلاش ئەتلەس.

خان بېلىق ل. بېلىقنىڭ بىر تۈرى.

خانچە ل. خاننىڭ خوتۇنى.

خانگۈل كېپىنەكگۈل.

خانىكە مەلىكە.

خەتمەك قۇ. چېلگىگە ئوخشايدىغان بىر خىل ياۋا قوغۇن (يېگىلى بولمايدۇ).

خەددەڭ قۇ. يوغان ـ يالپا، بەستلىك.

خەس قۇ. ئەتەي، قەستەن؛ خۇپسەنلىك. م: خەس قىلماق — خۇپسەنلىك قىلماق.

خەشەك ئۈرۈك تۈكلۈك ئۈرۈك.

خەقىش جىدەلخور، بالىلارنىڭ جىدەلخورلۇقى. م: بۇ بالا خەقىش بالا ئىكەن — بۇ بالا جىدەلخور بالا ئىكەن.

خەلدەڭ قۇ. چىش كولىغۇچ. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

سوقماڭ مېنى بەلدەڭ بىلەن،
چىش كولىغۇچ خەلدەڭ بىلەن.

خەندىلەك ت. "خەتىنەك"كە ئوخشاش.

خەۋەداش ل. ئاگاھ، پەخەس. م: ئۆزەڭگە خەۋەداش بۇل ـــ ئۆزەڭگە ئاگاھ بول.

خوتۇق قۇ. تەخەي، خوتەك، قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئارپىدىيان ئىچكەنلەر،
ئەمدى ئىچەر چاي،
قوتۇر خوتۇق مىنگەنلەر،
ئەمدى مىنەر تاي.

خوخا قۇ. يانتاققا ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك. م: خوخا ـ يانتاق.

خوردا شوۋىگۇرۇچ.

خوردا بولماق خۇمار بولماق، ئادەتلىنىپ كەتمەك، ئۆگىنىپ كەتمەك، قىن ـ قىنىغا سىڭىپ كەتمەك. م: ئادەم ئۆلتۈرۈشكە خوردا بولۇپ كەتكەن.

خوردا قىلماق ئازاپلىماق، قىينىماق، خارلىماق. م: سەن مېنى خوردا قىلىۋەتتىڭ.

خورلىق قۇ. ، ئازلىق، كەملىك.

خورۇشچى قو. شوخ، كەپسىز (باللارغا قارىتىلىدۇ).

خورۇشلۇق قۇ. شوخلۇق: خورۇشلۇق قىلما ـــ شوخلۇق قىلما.

خوجا بېكە خوجايىن ئايال؛ خوجايىننىڭ خوتۇنى.

خولا قۇ. رەتلەنمىگەن يوغان ياغاچ، خولا ياغاچ.
خولگىر قۇ. بوم، قوپال، يىـرىك، گادا ـ گۇرۇ ("خولاگىر" مۇ دەيدۇ).
خولۇپ ئاش قە. خېمىرنى يوغان ـ يوغان تاشلاپ ئېتىدىغان سۇيۇق ئاش (بەزى جايلاردا "خالاپ ئاش" دېيىلىدۇ).
خون قە. چاي تەخسىسى، پەتنۇس.
خونچا كىچىك چىنە تەخسە.
خۇستى غ. ھۆرمىتى، ئىززىتى، ئابرويى. م: سۇلتان پادىشا ـ نىڭ خۇستىنى بىز قىلماي كىم قىلسۇن.
خۇشبۇيلۇق ئەترە، ئىپار ئوخشاش خۇشپۇراق نەرسىلەر.
خۇشپىچىم كېلىشكەن، چىرايلىق.
خۇشكۇرەم قە. خۇشخۇي، چىرايلىق. م: خۇشكۇرەم يىگىت.
خۇۋالاشماق ھەمنەپەس بولماق، ھەمدەم بولـماق؛ يېقىنلى ـ شىش. م: مۇنەۋەر بىلەن بارات خۇۋالـىشىپتۇ (بۇ، خالاش ـ ماق ــ بىر بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالماق دىـگەن سۆزنـىڭ ئۆزگەرگەن تۈرى).
خېنى قە. بىدە ـ سامان سېلىغى.
خېيچا خ. ئەتـلەسـنىڭ يىپـىغا گـىرە سالـدىـغان ياغاچ؛ گىلەمنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى يىپلارغا باغلىنىدىغان ياغاچ.
خىدىر غ. ھەد، چەك. م: خىدىرىـدىن ئېـشىپ كەتـتى ــ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى.
خىدىڭ قۇ. ياغاچ قۇشقۇن (ئېشەك، خېچىرلارنىڭ).
خىر قۇ. قېلىن، ئۇياتماس. م: تازا خىر نىمىكەن.
خىراجە خ. سۇرگە.

Altun Oq

خىردەك قۇ. كېكىرتەك، بوغۇز.
خىقوق قۇ. دەرۋازا، تاشقىرىقى ئىشىك.
خىلڭ خ. بىر نەرسىنى بىلسىمۇ، بىلمەسكە سالىدىغان ئادەم.
م: سەن تولا خىڭلىق قىلما.
خىمخام قىلماق قۇ. دۇدۇقلىماق؛ ھودۇقماق.
خىنا قۇ. ئاياللار قولىغا ياقىدىغان خىنا؛ توي سوۋغىسى.
م: قىزلار قولىغا خىنا يېقىۋاپتۇ؛ بۇ تويغا خىنا كۆپ چۈشۈپتۇ.
خىنىلىق قۇ. "خىنا"غا ئوخشاش.
خىۋەينى ئا. ئۈرۈكنىڭ بىر تۈرى.

د

داباپا ت. بابا، باياتىــن، هــمــلى، هملىــراق. م: ئۇ دابايا كەتتى. ــ ئۇ هملى كەتتى.
داپەندى خ. ئورۇق، ئاجىز (هايۋانــلارغا قارىتىــلىدۇ). م: پۇ دىسە ئۇچۇپ كېتىدىغان داپەندى نىمكەن؛ پىرى ئۇيۇ- نىدا داپ چېلىپ بەرگۈچى.
داپشاق ت. يۈزى قېــلىن، يۈزسىز.
داپشايماق ت. يۈزى قېلىنلىق قىلماق.
داپقۇر نۆۋەت، قېتىم.
داپلىماق قە. چىگدىماق، يەرنى چىگــداپ تۈزلىمەك؛ كەت- مەنگە بىس چىقارماق.
داتخو قە. داتلىغاق، قاخشىغاق.
داجىماق ل. ئەگىمەك، چېكىنــمەك، قايتماق (بۇ سۆز باشقا جايلاردا چەتلەش، يىراقلىشىش، قېچىش مەنىلىرىدە كېلىپ، لوپنۇر دىئالېكتىدىن سەل پەرق قىلىدۇ).
داخان قۇ. داڭقان.
داخشالماق قۇ. سىلــكىنــمەك، قېقىلماق. م: تولا يۆتۈلۈپ بەدەنلىرىم داخشىلىپ كەتتى.
دادىكا خ. دادا، ئاتا (مېهرى يېقىنلىق، هۆرمەت مەنىسىدە

ئېيتىلىدۇ).

دارا ئېقىن، جىرا، ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدىكى سۇ ئاقىدىغان جىلغا. م: ئات چاپسا گۇمبۇرلەر تاغنىڭ داراسى، ئۇرۇشتا بىلىنەر مەرتىنىڭ ساداسى.

داراتتىغ ل. سالتاڭ. م: داراتتىغ ئادەم — سالتاڭ ئادەم.

داراڭگا غ. "تاراڭگا"غا قاراڭ.

داردار ت. تالاش - تارتىش. م: بۇ ناھايىتى جىق داردار بىلەن ھەل بولغان ئىش.

دارداڭ غ. كېرىلگەن، يېيىلغان. م: دارداڭ قولاق ئادەم — قولىقى كېرىلىپ تۇرىدىغان ئادەم.

دارداياق غ. ئېچىلماق، كېرىلمەك، يېيىلماق م: داردىيىپ ياتماق — پۇت - قولىنى كېرىپ ياتماق؛ تېرە دارداياتماق — تېرىنى يايماق، كەرمەك.

دارىماق قۇ. تارتماق، جەلپ قىلماق، مەپتۇن قىلماق. بېيىتتە مۇنداق كەلگەن:

ئاق - ئاققىنە چىشلىرى،
دىلنى دارادۇ،
قاشلىرى قازى بولۇپ،
يۇرتنى سورادۇ.

دامان خ. تونۇر دايىخىنىنىڭ ئىچكى ئەتراپى. م: دامانغا ياققان نان — تونۇرغا دەسلەپ قىلىپ ياققان نان.

داس خ. جاۋۇر.

داشناق ت. ئاشۇنداق. م: داشناق گەپ قىلمىساڭچۇ! — ئاشۇنداق گەپ قىلمىساڭچۇ!

داشۇ ت. ئاشۇ، ئاشۇ. م: داشۇ ئادەم — ئاشۇ ئادەم.
داستى ل. سۇنىڭ ئايىغى چىقمايدىغان سىپسىق كۆل.
داغال قوپال، يىرىك. م: داغال قول — يىرىك قول.
داغدىرىماق ھولۇقماق، ئالاقزادە بولماق، تەسلىكتە قالماق، ئىككىلەنمەك؛ چارچىماق؛ قېتىپ قالماق ("داغدارماق"مۇ دېيىلىدۇ).
داغۇل ھىلىگەر، قۇۋ، مەككار.
داغى ل. قاخشال، قۇرۇپ كەتكەن دەرەخ.
داق قۇرۇق، قاتتىق، يالاڭ. داق يەر — ھېچنىمە سېلىنمىغان قۇرۇق يەر.
داققالچى چاپانچى، تەخسىچى.
داقى كۇ. ئورۇق، ئەتىسىز. م: داقى قوي.
داقىراتما غ. لەگلەكنىڭ داقىراتمىسى. م: داقىراتمىلىق لەگلەك.
داگۇر غ. ئىلمەك.
داڭگال خ. ئەخلەت؛ بۇغدايىنىڭ، شالىنىڭ يانچىلماي قالغان كۆتىچىكى. توخۇ داڭگال چوقۇيدۇ، ئۆچكە جاڭگال (ماقال).
دالان غ. تاشقىرقى ئۆي، ئارىلىق، كارىدور (بۇ سۆز ھەر جايدا ھەر خىل ئىشلىتىلىدۇ. م: بەزى جايلاردا مېھمانخانا قىلىنىدىغان چوڭ ئۆيلەر ياكى تۆرە ئۆيلەر دالان دېيىلىدۇ).
دالتەك قە. گەپ توشۇغۇچى؛ ئاقساقال، قوشۇق سالغۇچى، گەپكە ئارىلاشقاق.
دام خ. سىرتماق، تۇزاق.
داملىماق كۆز-كۆز قىلماق، ماختانماق.

دامدالىماق قە. ئەخمەق تاپماق، كولدۇرلاتماق، مازاخلىماق
دانىكار تۆمۈر ئۇلاشتا (كەپشەلەشتە) ئىشلىتىلىدىغان بە
خىل دورا. م: ماۋۇ بىرنىمە دانىكاردەك يېپىشىۋېلىپ
كەينىمگە كىرىۋالدى.
داۋا¹ ت. گىرىژ، سىرىق ئەتنىڭ يىرتىلىپ كېتىشى بىلە
ئۇچەينىڭ بۆرەك خالتىسىغا چۈشۈپ قېلىشى.
داۋا² تىل، دەككە. م: ھىلى داۋاڭنى ئىشتىسەن! داۋىسىنى
بەرمەك ــ ئەدىۋىنى بەرمەك، دەككىسىنى بەرمەك.
داۋان قۇ. جىگدە قاقىدىغان تاياق.
داۋدىرىماق "داغدىرىماق"قا ئوخشاش.
داۋۇ ت. ئاۋۇ. م: داۋۇ ئادەم.
داۋىخو(ر) قە. قېلىن، تىللاپ ياكى ئەدىۋىنى بېرىپ
تۈرمىسا ئىش قىلغىلى ئۇنىمايدىغان. م: تازا داۋىخور بىر
نىمىكەن، داۋىسىنى بېرىپ تۈرمىسا ماڭمايدىغان.
داۋىماق قۇ. داۋان ئاشماق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

بارادۇرمىز، تۇرادۇرمىز،
ياخشى قېلىڭلار.
ئىگىز داۋان داۋادۇرمىز،
شوتا قويۇڭلار.

دايىماق غ. تەمىنلەش، قامداش. م: ئۆزىنى ئۆزى داياي
دۇ ــ ئۆزىنى ئۆزى قامدايدۇ.
دەپتىن خ. توقۇلۇۋاتقان ئەتلەسنىڭ يىپىنى چىگىتىدىغا
سايمان.
دەپسەتمەك ت. ئۇرۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن مالنى مالغا چاپتۇر

Altun0q

ماق.

دەپسەك قۇ. تاغ ئۈستىدىكى تۈزلەڭ يەر.

دەپسەن خ. قىسقا قونجىلىق پىيما.

دەپسىنىش يەر تەپمەك، يەر تېپىپ ئاچچىغى بىلەن ۋاقىرىماق.
م: مەلىكە دەپسىنىپ جاللاتقا ۋاقىراپتۇ.

دەپشىمەك دىۋىتمەك (ئات ياكى ئېشەك مىنگەندە، تېز ماڭ-دۇرۇش ئۈچۈن ئىككى بىقىنغا تەپمەك).

دەپشىگۈچ ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئاتىنى دىۋىتىش ئۈچۈن ئۆتۈگىنىڭ ئۆكچىسىگە بېكىتىدىغان مېتال غىلدىرغۇچ.

دەتتە-دەتتە ت. بىر ۋاراقى، بارا-بارا، پەيدىن-پەي. (باشقا جايلاردا "دەت-دەت" دىيىلىدۇ).

دەجگۈشلىمەك قە. ئىتتەرمەك، نوقىماق، سىلكىشلىمەك، ("دەشكۈشلىمەك"مۇ دىيىلىدۇ).

دەخۋىچى خ. ئاغلاقچى، خەۋەرچى؛ گەپكە ئارىلاشقۇچى.

دەر قۇ. شارىك، ساقا.

دەرەبزۇن خ. دەرىزىگە ياغاچتىن چىقىرىلغان گۈل، نەقىش.

دەرەپچە ل. بېكىز ("دەرەپشە"، "دەرەش" دەپمۇ ئاتىلىدۇ).

دەرەگگە[1] غ. كالىنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بوي-نىغا ئېسىپ قويۇلىدىغان كالتەك.

دەرەگگە[2] خ. ئۆزمە قاقىدىغان خادا.

دەربدەر قۇ. ھالاك، ۋەيران، سەرسان قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

بۇ ئۆلۈم يالغۇز ئۆلۈم،
بارچىغا كەلگەن ئۆلۈم.

ھەزرىتى ئادەم ئاتانى،
دەربەدەر قىلغان ئۆلۈم.

دەرۋەڭ خ. ئىشىك.
دەريايى خ. سەيناق يىپتىن توقۇلغان رەخ.
دەكە-دۆرۈم قە. دەككە-دۆككە.
دەكچە-دەكچەك خ. ئۈچ پۇتلۇق كىچىك قازان.
دەگدەك قۇ. ئەندىشە، تەشۋىش، ساراسىمە، قورقۇنچ.
دەگدەپ قالماق قۇ. قېرىپ-مۇنۇپ، ئەس-ھۇشىنى بىلەلمەيدىغان بولۇپ قالماق.
دەڭگىرەك خ. پوچى، پاختا ئاتىقۇچى.
دەلتە قاپاقۋاش، گوموش، كالۋا، دۆت.
دەلدەڭ تىك، ئۈچلۇق. م: دەلدەڭ قۇلاق — ئۈچلۇق قۇلاق.
دەلدۆش غ. سارائ قېتىش، لەقۋا.
دەلدۆگۈنمەك غ. دەلدەڭشىمەك، سەنتۈرۈلمەك. م: ئالدى، كەينىگە دەلدۆگۈنمەك.
دەم ئىشىكنىڭ ئىچىدىن تىرەپ قويىدىغان تىرىگۈچ. م: ساڭا قاراپ مەن، ئىشىككە قاراپ دەم (ماقال).
دەمبى قۇ. قوساق كۆپۈپ دەم سىقىلىش.
دەمشەلمەك قۇ. ئۈمتۈلمەك. تەمشەلمەك.
دەملىك قو. تىرىك، جانلىق، تىنىۋاتقان. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئاللا يارىم سەن بۇ يەردە،
بارىكەندۇقسەن.

دەملىكمىكىن، دەمسىزمىكىن،
بارىكەندۇقسەن.

دەمزەك قۇ. ياردەمچى، يار-يۆلەك. م: دەمزەك بولىدۇ — ياردەمچى بولىدۇ.

دەنە ت. ئەنە، ئاينا.

دەندىمەك ئۆگىنىپ قالماق، ئادەتلىنىپ قالماق. م: دەنىدەپ قېپتۇ — ئۆگىنىپ قېپتۇ؛ سېنى دەندىگەن قارىغۇجىدەك، قولۇمدا بىر دانلىتىمەنغۇ!

دەۋرەپ كەلمەك يېپىلىپ كەلمەك، ئېتىلىپ كەلمەك، ھەيۋەت بىلەن كەلمەك.

دەۋرىمەك يامرىماق، تاشماق؛ قىمىرىماق. م: دەريا سۈيى دەۋرەپ كەتتى — دەريا سۈيى تېشىپ كەتتى؟ ئادەملەر دەۋرەپ كەتتى — ئادەملەر قىمراپ كەتتى.

دەي-دەي كۆشكۆرتۈش. م: دەي-دەيگە سالماق — كۆشكۆرتمەك، قۇتراتماق.

دوبدۇلماق قۇ. دېۋەيلىمەك، تۇمشۇغىنى سوزۇپ كۆزگە كىرىۋالماق، قادىلىۋالماق. م: ماڭا نىمە دوبدۇلسەن؟

دوپ سالماق قۇ. داۋراڭ سالماق.

دوخۇلۇر قۇ. تۇغۇر، قۇيرۇق سۆڭگى.

دودا قۇ. دۆت، مۆڭ (تاغلىقلار سۆزى).

دورداي دورداق. م: دورداي كالپۇك.

دورايىچىسىغا قۇ. تەخمىنەن، قىياسەن. م: دورايىچىسىغا گەپ قىلما!

دورايىچى قۇ. تەخمىن، مۆلچەر.

دورغىلىق قىلماق قۇ. گەپ توشۇماق؛ ئاقساقاللىق قىلماق

دوزولە بولماق ۋەيران بولماق، زىيان تارتىپ دەسمايىسىنى يوقىتىپ قويماق.

دوشاپ قۇ. تاۋۇز ئۇرۇغى.

دوغۇڭگا ل. ئۆزىنى توختاتماي، ئۇسكەندەكلا، پالاق-پۇلۇق قىلىپ كىرمەك. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

دوغۇڭگا كىرەۋەردىڭ،
مېنىڭ بارىمنى بىلمەي.
....

دوغۇلا قۇ. چېقىمچى، گەپ توشۇغۇچى؛ قوۋۇ، ھىلىگەر جاسۇس، ئىشپىيون.

دوقال غ. توقۇنۇش، پەسىل ئالمىشىش ۋاقتى، پەسىل ئالمىشىشدا بولىدىغان ھاۋا توقۇنۇشى ياكى جۇدۇن-چاپقۇن. م: ئالدىرىمايلى سەيلىگە، ئالدىمىزدا دوقال بار.

دوقۇسلاتماق سانچىماق، نوقىماق. م: بېگىز قولى بىلەن ئۇنىڭ قۇلىقىغا دوقۇسلاتتى.

دوك-دوك سالماق ئەمەس.

دوكسا خ. بىر ئېغىز گەپ ئازلىق، ئىككى ئېغىز گەپ جىقلىق قىلىدىغان ئادەم.

دوڭغۇرچاق قۇ. دوڭغالچاق (ئات-ئېشەكلەرنىڭ دوڭغال چاق ئېتىشى).

دولانا تاغدا بولىدىغان تاش ئالمىغا ئوخشاش بىر خىل ياۋا مېۋە.

دولخاي غ. گەجگە، پاتاڭ، شىللە. م: دولخىيىغا بىرنى

قويۇۋدىم، تىلك چۈشتى.

دومبا ت. باكىلاشكا، سۇدان.

دومساق قە. يۈزى دومبۇلاق، سېمىز.

دومبۇر ت. "دومبا"غا ئوخشاش.

دومسماق قە. دوملىماق، تۈرتمەك، تەڭلىمەك. م: ئۇ مىلىنى ئۇ يەرگە دومساپ، بۇ يەرگە دومساپ، ئاخىرى ساتالمىدى.

دوملىماق تەڭلىمەك، بىر نەرسىنى بەرمەكچى بولۇپ تەڭلەپ، بەرمەي تارتىۋالماق. م: قۇرۇق ئەمچەكنى دوملىغاندەك ئادەمنى گوللايدىغان نىمكەنسەن!

دوناي غ. ئەگرى. م: دوناي توقماق — ئەگرى توقماق. ئەگرى قوزۇققا دوناي توقماق (ماقال).

دونقاي ئا. توقاي، يارنىڭ دوقمۇشىنى ئەگىپ ئۆتىدىغان يەر.

دوۋسۇق چاپان ئىچىگە ماۋۇق سېلىپ، چوك-چوك شىرىپ تىكىلگەن چاپان — كۆپتۈرمە چاپان.

دوۋساق دوۋۇسۇن، سۇيدۇكلۈك.

دۇپ ئۆتۈككە ناھال قېقىشتا ئىشلىتىلىدىغان قېلىپ.

دۇدۇق دۇدۇقلاپ سۆزلىگۈچى. دۇدۇق سۆزگە يارىماس، ئوغرى كۆزەتكە (ماقال).

دۇرۇشلىماق قۇ. گەپ تالاشماق؛ ئەيىپلىمەك، سۆكمەك، سىلكىشلىمەك.

دۇز قۇ. قىزىقچى، ھەييار.

دۇشقار قۇ. قىيىن، مۈشكۈل. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

قەلەم قاشلىق ئىكەن،
جانىنىڭ ..اقى.

Altunöq

هەجەپ دۇشقار ئىكەن،
يولنىڭ يىراقى.

دۇغدۇر خ. كوت ـ كوت، غودۇڭشىغاق.
دۇكان پاچىقى خ. گىلەم دۇكىنى گۇندىسىنىڭ يان تەرەپتىكى ياغىچى.
دۇكان قىلىچى خ. گىلەم دۇكىنىنى چوڭلىتىدىغان ۋە كىچىك-لىتىدىغان ياغاچ.
دۇكان گۇندىسى خ. گىلەم دۇكىنىنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى ياغاچ.
دۇڭدۇر خ. غودىرانچۇق، غۇدۇرايدىغان.
دۇمبۇل[1] ت. ئىدىشىمان چويۇن تەشتەكىنىڭ ئاغزىنى كالا شىرىسى بىلەن يېپىپ ياسالغان، ئاغرىغا تەگكەش قىلىپ چېلىنىدىغان يوغان دۇمباق.
دۇمبۇل[2] قە. خامراق، چالا پىشقان؛ نادان. م: بۇ بۇغداي-نىڭ مايىرى سەل دۇمبۇلراقكەن؛ بۇ بالا تېخى دۇمبۇلكەن، دۇمبۇل نان
دۇمبغى يېرىلماق يامان نىيەتىنىڭ بەربات بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ىبرىكمە.
دۆرۈلمە قۇ. ئۆيدىن ـ ئۆيگە كېزىپ يۈرۈپ كۆن ئۆتكۈز-گۈچى، ساياق (تۇرپاندا "تۆرەلمە" دىيىلىدۇ). م: نەدە تۆ-رىلىپ يۈردۈڭ؟
دۆرى خ. ئەتلەسنىڭ يىپلىرىنى يىغىدىغان چاقپىلەك.
دۆش خ. ئېغىز؛ يەرنىڭ دۆڭ جايلىرى. م: يەرنىڭ دۆشىنى ئېلىپ تۈزلىمەك.

دۆشە گۆش چانايدىغان كۆتەك.
دۆڭگەي ت. دۆمبە، ئۇچا. م: دۆڭگىيى قىچىشقان ئىشەك تۆگمەنگە بارىدۇ (ماقال).
دۆڭگۈرچەك قۇ. يانتاق كۆتىكى.
دۆڭگۈلۈك قۇ. كىلەڭسىز ئاياق.
دۆمبەل ل. تۆپە، تۆپىلىك يەر.
دۆۋەسكەل قۇ. قىلىن كۆرپە، پايانداز. (لوپنۇردا "دەۋەسكە" دېيىلىدۇ).
دۆۋەزىن خ. جىرىس ئۇن.
دۇرت قويماق قۇ. تىكىۋەتمەك، قىچىپ كەتمەك.
دۇركۇن كەينى-كەينىدىن، توپ، نۇرغۇن. م: دۇركۇن ئېتىلغان مىلتىقنىڭ ئۇنى. بىرىنچى دۇركۇن — بىرىنچى توپ.
دۇشكەللىك قۇ. پىشكەللىك.
دۇگجىمەك خ. ئالدىغا مۇدۇرۇلۇپ كەتمەك. م: ئالدىغا ئىككى قەدەم دۇگجۇپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشتى.
دۇگدەك غۇژمەك، تۇگۈلمەك.
دۇگۈلچەك قۇ. غالتەك؛ چەمبەر (ئويۇنچۇق).
دۇمچە قۇ. قۇيرۇق سۆڭىكى ئارىلىغىدىكى ئىككى تال ئومۇرتقا سۆڭىكى.
دۇمچە تۇماق قە. توم قاسقانلىق، دوخاۋا تاشلىق قارا كۆرپە تۇماق (ئەرەنچە).
دىبايا قۇ. ئابايا، ھىلىراقتا، يېڭىلا، باياتىن.
دىبۇ قۇ. ئاۋۇ، ئەۋۇ.

دېبوٌت قۇ. ئاۋۇ يەر.
دېچۇ قۇ. ئاۋۇچۇ.
دېدىقتۇرماق ت. قىزىقتۇرماق، ئىنتىلدۈرمەك.
دېرەپتا خ. تەك، تەپمۇ-تەك، بىردەك.
دېرەكلىمەك دېرىگىنى ئالماق، خەۋىرىنى ئالماق، ئۇقۇشماق.
دېشناق قۇ. ئاشۇنداق.
دېشۇ قۇ. ئەشۇ، ئاشۇ.
دېكىلىك بېرى كېلىك، مەيەرگە كېلىك (كىچىك باللارنى ئەركىلىتىپ ئېيتىلىدىغان سۆز).
دېكىنمەك قە. دېۋىنمەك، ئورنىدا تۇرۇپ ئاچچىغلاپ دېۋىنمەك، بوينىنى ئۇشلاپ گەپ قىلماق. م: دېكىنمەي گەپ قىل!
دېگىنە قۇ. ئەنە.
دېلىگەي قىلماق غ. كوزا-كوزاك قىلماق، بازارغا سالماق.
دېۋەڭ خ. كومشا، دۆت.
دىخمارلىماق قۇ. دۈشكەلىمەك.
دىداڭ قۇ. تېتىك، تىمەن، چەبدەس، كۆچلۈك. م: هارۋىنىڭ ئاتلىرى بەك دىداڭ ئىكەن.
دىز دەسمايە، ئاناپۇل، تېگى.
دىرايماق قۇ. تارتىشماق (بەدەن).
دىرەگسىز كېچىكمەي، تۇرمايلا، هايال قىلمايلا.
دىرىسىپ قالماق قۇ. هوشىدىن كېتىپ قېتىپ قالماق.
دىستە خ. پاشنا، ئاياق كىيىمنىڭ پاشنىسى.
دىسلىماق تىزلىماق، تىزىغا بېسىپ نىقتىماق.

دىغ قۇ. راسا سەمرىپ تۈلۈم بولۇپ كەتكەن. م: بۇ ئېشەك دىغ بوپ كېتىپتۇ.
دىغىرىماق ت. يايرىماق، يايراپ كەتمەك (ئىش ھايۋانلىرى-نىڭ ئۇزاققىچە ئوبدان بېقىلغان، ئۈنىڭ ئۈستىگە ئىشلىتىل-مىگەن ئەھۋالدا جانلىنىپ، روھلىنىپ كەتكەن ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ).
دىغىر-دىغىر قۇ. غىچىر-غىچىر. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

تاغلار يولى توپۇلۇق،
ھارۋالىرى دىغىر-دىغىر،
يېگى يارنى يار دېمەڭلا،
كونا يار يۈرەك-بېغىر.

دىگەلەش ئا. ھىساپلاش، خۇلاسىلاپ چىقىش.
دىڭگۈس قە. دىڭگۈك، ئاقساق. م: شىرەنىڭ پۇتى دىڭگۈس-لاپ قېپتۇ.
دىڭگىل قاش قە. تىك قاش، ئۈچلىما قاش.
دىم-دام چالا ئۇيىقۇلۇق ھالەت. م: سېنى قاچان كىرەر-كىن دەپ دىم-دام بولۇپ ئۇخلىيالمىدىم؛ ئاغرىق دىم-دام ئۇخلايدىغان بولدى.
دىم-دىراي قۇ. دەم. م: دىم-دىرايى ئىچىگە كىرىپ كەتتى — دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.
دېمىغىزا قىلماق قوساقنىڭ ئاچلىقىنى باسقۇدەك ئاز-تولا بىر نەرسە يېيىش.
دىمىغىنى قاقماق غ. "خېلىڭ! ھىما!" دەپ نارازىلىق بىلدۈر-مەك.

دىۋە پىچەك ئېتىزلىق ۋە ئوتلاقلاردا يۆگىشىپ ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت.

دىيەك قە. ئىرەك. م: ئىشكىنى دىيەپ قوي ــ ئىشكنى ئىرەپ قوي.

Altunoq

ر

راخاپ خ. مۇزغا شرنا قوشۇپ ياسالغان ئچىملىك.
راخاپچى خ. راخاپ ياسىغۇچى؛ راخاپ ساتقۇچى.
راگازا ئا. ئۆتكەن-كەچكەن گەپ-سۆزنى تەگەش.
رالاشماق ئا. كېلىشىپ ئىش قىلماق، بامەسلىھەت ئىش قىلماق، كېڭىشىپ ئىش قىلماق، ئەپلەشمەك.
رالىماق قۇ. بوزەك قىلماق، دەپسەندە قىلماق، ئاياق ئاستى قىلماق؛ پاسكىنا قىلۋەتمەك.
رام بولماق بوي سۇنماق، ئىتائەت قىلماق.
راۋات قۇ. ئۆتەڭ، چۇشكۈن. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
دۇنيانىڭ ئۇچى.
دۇنيا دېگەن ئەسكى راۋات،
مەن يول ئۆتكۈنچى.

راۋىتە قە. كېلىش-بېرىش، ئالاقە، مۇناسىۋەت. م: بىز ئىككىمىز راۋىتە قىلىشمايمىز؛ مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن راۋىتىم يوق.
رايىش يۇۋاش، قولغى يۇمشاق. م: رايىش بالا — يۇۋاش بالا.

رەج قە. ئۇششۇق. م: ھەي رەج، كىم ساڭا ناس دەۋاسىنى قىپتۇ؟!

رەللە ئىچى پۇشماق، قايغۇرماق.

رەم قىلىۋالماق ت. ئۆزىگە قارىتىۋالماق.

رەۋەت چىدام، تاقەت، رىغبەت.

رەۋەندە خ. ئاشلىق سودىگىرى.

روچىۋىن قۇ. چىۋىننىڭ بىر خىلى: قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

روچىۋىن بولسا كىشى،
قانات تاقاپ ئۇچسا كىشى.
دۇنيانى بىر چۆرۈلۈپ،
ئۆز خىلىنى تاپسا كىشى.

رودا قە. گاداي، نامرات، يوقسۇل، ھېچ نەرسىسى يوق، تۇرمۇشى ئېغىر (باشقا جايلاردا "رودو" دېيىلىدۇ).

روزانە قە. تۇرمۇش، تىرىكچىلىك. م: قىرسىق ئۆيلۈك ئەزانىڭ روزانىسى نەدىكى قىماۋاز لۈكچەكنىڭ قولىغا قالغىنىنى كۆرمەمسىلە!

روكۇلدىماق قە. توخۇنىڭ "روك - روك" قىلىشى. م: كاتەكلەردىن توخۇلار باشلىرىنى چىقىرىپ روكۇلدىشاتتى.

رويا ئا. ئادالەتسىزلىك، ئادىل بولمىغان ئىش، ئۇۋالچىلىق.

رويا پىقا چىقماق قە. ئەمەلگە ئاشماق، ئەمەلدە كۆرۈلمەك.

روياچىلىق ئا. "رويا"غا ئوخشاش.

رېزەندە غ. كىگىزچى ئارىسى.

رېپىدە قە. نان ياققاندا قولغا سېپىۋالىدىغان قولقاپ.

رىزە خ. نازۇك، نېپىز؛ جاپا كۆتىرەلمەيدىغان.

رىل **ئالماق** ئا. قايىل بولماق، تەن ئالماق.
رەپ-رەپ كونا، بۇرۇلغان، جۇلغى چىقىپ كەتكەن، رەزگى.

ز

زاخا تېگىش، چېقىلىش. م: بىزگە زاخا قىلمىدى — بىزگە چېقىلمىدى، تەگمىدى.

زاغ خ. قارغا.

زاكاۋەت زېرەك، ئۆتكۈر (كۆپرەك كىچىك بالىلارغا قارىتىلىدۇ).

زالالەت گاڭگىراپ قالماق، قايمۇقۇپ قالماق، تەمتىرەپ قالماق، ئېزىپ قالماق. م: نىمە قىلىشىمنى بىلمەي، زالا-لەتتە قالدىم.

زاقا ئا. ئازار، دىلنى ئاغرىتىش.

زاڭ خ. ئۇماچنى قويۇقراق ئېتىپ، تۆپىسىگە قورۇما سەي قويۇپ يەيدىغان تاماق. م: ھالۋىنى كۆپ يىسەڭ زاڭ تېتۇر (ماقال).

زاڭگا باسماق قە. بىر جايدا ئۇزاق يىللار يۆتكەلمەي تۇرۇپ قالغان نەرسىنى ياكى ئەر چىقماي تۇرۇپ قالغان قىزلارنى "زاڭگا باستى" دەيدۇ.

زاڭكار ت. پاسكىنا، مەينەت، كىر.

زاڭگۇل-زۇڭگۇل قە. ئۇششاق-چۇششەك، ئىكىر-چىكىر ئىشلار. م: ئۆي دىگەندە زاڭگۇل-زۇڭگۇل ئىشلار بولۇپ

تۈرىدۇ.
زال خ. گەپ ئۆتمەس.
زانانە ت. نازۇك، نەپىس. م: بۇ تولىمۇ زانانە قىز بوپتۇ. (بۇ سۆز باشقا جايلاردا "ھەزىلەك مىجەز" مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ).
زاۋۇت ت. قاتتىق قول، رىۋىمى قاتتىق. م: بۇ ئادەم بالىلىرىغا ناھايىتى زاۋۇت ئادەم.
زەر خ. ئالتۇن.
زەردار باي، پۇللۇق.
زەردەك سەۋزە.
زەگۈندە تامنىڭ ئۇلىغا، سۇپىنىڭ قىرغىقىغا، ئوچاق ئالدىغا ئورنىتىلغان ياغاچ.
زەللە قە. مېھماندارچىلىق ياكى نەزىر ـ چىراقتىن كۆتىرىپ كېلىنگەن ئاش.
زەمباقى قۇ. كۆك بىلەن يېشىل ئارىلىقىدىكى رەڭ.
زەن خ. خوتۇن.
زەھەر خالتىسى قۇ. ئاچچىقى يامان، جىلىخور.
زەي[1] قە. ئوقيانىڭ ياكى پاختا ئاتىدىغان دۇكاننىڭ كىرىچى.
زەي[2] خ. كىرىچ، ئۆچكە تېرىسىدىن تىلىپ ئىشلەنگەن شوينا. م: زەي قامچا ـ زەيدىن ياسالغان قامچا.
زەيپانە ئاياللارغا خاس بولغان، ئايالچە. م: زەيپانە مەسە، زەيپانە ئۆتۈك.
زەي رەندە خ. ئىشىك ـ دەرىزىلەرگە گۈل چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان رەندە.

AltunOq

زور ت. چېلىشچى، پالۋان.
زور چىقماق قۇ. يەڭمەك، غالىپ كەلمەك.
زورقىل غ. چېلىشچىلار سۆزى (قېنى، سەن زور قىل دىسە، سەن زور قىل دەپ چېلىشنى باشلاپ كېتىدۇ).
زۇلپۇك ت. ھەرە، بوغۇن. م: ئۇنىڭ قولىنى زۇلپۇك چېقىۋاپتۇ.
زۇلپىكەش خ. ئاياللارغا مەخسۇس چاچ سالغۇچى ئايال (كەسپ ئېتى).
زېدىقماق قە. زېرىكمەك، يالچىماق. م: دەۋا توغرىسىدا تولا يول مېڭىپ زېدىقاپ كەتكەن سادىق چەكەدى مىڭ-سىدىن ئېزىپ ئالا-جوقا سۆزلەيدىغان بولۇپ قېپتۇ.
زېرىپ ئىنچىكە ئىش (يىڭنە ئىشى) قىلىدىغان ئادەم، تىككۈچى.
زىب-زىب ت. بىر جايدا تۇرالمايدىغان (بالا).
زىبىز غ. پەقەت، زادىلا: ئۇ زىبىز ئۇنىمىدى.
زىبىلدىماق ت. بىر جايدا جىم تۇرماي سەكرەپلا يۈرمەك.
زىزىلمەك قۇ. ئەكىلمەك.
زىم-زىيا قە. تۇم. م: زىم-زىيا قاراڭغۇ كېچىدە ھېچنە-مىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

س

ساپا سۇپەت، ئېتىۋار، قىممەت. بىلىملىكنىڭ باھاسى يوق، بىلىمسىزنىڭ ساپاسى (ماقال).

ساپاق[1] قۇ. ساپ، نەرسىنىڭ سېپى.

ساپاق[2] قۇ. شۇم، شۇمتەك (باللارنى سەتلەش سۆزى: ۋاي ئۆلمىگۇر ساپاق).

ساپساپچى غ. ئالدامچى، ساختىپەز، ئالقانات؛ ئاچكۆز.

ساپقان قە. سالغا، تاش ئاتقۇچ.

ساپما خ. مونچىدا كىيىدىغان ساپما ئاياق.

سات ل. ياخشى پۇرسەت، قولاي پۇرسەت، ۋاقىت، چاغ. م: ساتىم تۇشۇپ بىر بارسام ئۇيمان كۆلگۈ — قولاي پۇرسەت كېلىپ قېلىپ، ئۇيمان كۆلگە بىر بارسام ئىدى.

ساتما قە. كەپە، ئالچۇق ياكى بارائ.

ساچقاق ل. بىلىق سانچىيدىغان ئارا ("سانچقاق" مۇ دېيىلىدۇ).

ساخال خ. لاي تامنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان شاخ تىكەن. (تۇرپاندا چىت دەپ ئاتىلىدۇ.)

ساخو قۇ. ئېلىشاڭغۇ، ساراڭ قېتىش، ئەخمەق، ھاماقەت.

سارا تاللانغان، ئاز ئۇچرايدىغان.

ساراغان شورلۇق يەرلەردە بولىدىغان كۆك قومۇشقا ئوخشاش بىر خىل ئوت.
سارسىلماق قۇ. خارلانماق، سەرسان بولماق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

مۇنـداقـمۇ بولۇرمەنـمۇ،
شۇم تەلەي بولۇرمەنمۇ.
سۆيگەن ياردىن ئايرىلىپ،
سار سېلىپ يۈرەرمەنمۇ.

سارسىماق ت. ۋاقىراپ دۈشـكەلـمەك، جېمىلـمەك، ئازار بەرمەك، ئازاپلىماق.
سارقىت زىـياپەتـتىن قايـتقانـدا ئالـغاش كەلـگەن تاماق، يىمەكلىك، زەللە.
ساقىت قىلماق ئادا قىلماق، ئېلىپ تاشلىماق، خالى قىلماق، خالاس قىلماق.
سارۋا ل. غونان تاي.
سارۋاڭ قۇ. پاخما، چېچىلاڭغۇ، جىڭگىلىماچ، پاخپىيىپ كەت-كەن. م: سارۋاڭ چاچ ـــ پاخما چاچ.
سارىغۇچ قە. ئايالـلار رومىلـىنىڭ بىر خىلى (لېـچەكـلىك رومال).
سازىكەپ قۇ. نېزىقغاق، قېيىدىغاق.
ساغىدىغنى ئاسماق غ. ئـۇرۇشـۇشـقا تـەيـيـارلانـماق، غەزەپلەنمەك.
ساغرۇغى خ. پاڭ، ساغرۇ، گاس (بەزى جايلاردا "سارو"مۇ دېيىلىدۇ).

ساغىلماق ل. سائچىلماق.
ساق هوشيار، سەگەك. م: سوتتىن ئاق، سېغىزغاقتىن ساق (ماقال).
ساقا[1] شارىك، باللار چېكىپ ئوينايدىغان شارسىمان تاش (بەزى جايلاردا "ساققا"مۇ دېيىلىدۇ).
ساقا[2] نائنىڭ گىرۋىكى. م: نائنىڭ ساقىسى كۆيۈپ كېتىپتۇ.
ساقاتقا كانا.
ساقاق[1] ل. بېلىقنىڭ نەپەس ئەزاسى ("ئايىقۇلاق"مۇ دېيىلىدۇ).
ساقاق[2] بىر خىل ئۆسۈملۈك. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئۆستەڭ بويىدىن چۆپ ئورسام،
تەگدىن ئولىسى ساقاق.
ئىككى يۇرت ئاتلاپ بېرىپ،
ئالغان خوتۇنۇڭ پوقاق.

ساقال تارغىغى خ. لوقما سالغاق، گەپكە قوشۇق سالغۇچى، ئاقساقال.
ساقتاش ل. ئامبارچى.
ساقسى ئالچۇ چۈشمەك غ. ئامەتى كەلمەك، تەلىيى ئوڭدىن كەلمەك ("ئوشۇغى ئالچۇ چۈشمەك"كە ئوخشاش).
ساققۇش بىر خىل قۇش.
ساقلىغا ئوت كەتمەك غ. جىددى ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماق.
ساڭقارا قۇ. سار.
ساڭقىماق قۇ. كۆزگە ئىلماق، ئەھمىيەت بەرمەك، ئېتىۋار بەرمەك، پىسەنت قىلماق. م: ئۇنداق نىمىگە كىم ساڭقىپتۇ!

ئۇ ھېچكىمنى ساڭقىمايدۇ.

ساڭگۈل-سۇڭگۈل ت. نەرسىلەرنىڭ رەتسىز-قالايمىقان ساڭگىلاپ تۇرغان ھالىتى؛ جۇلۇغى چىقىپ كەتكەن كىيىمنىڭ جۇل-جۇل ھالىتى.

سالا[1] بارماق قوللارنىڭ ئارىسى، يوچۇغى.

سالا[2] ت. دەۋەت، سايى.

سالپا سالپاڭ، ساڭگىلاپ تۇرغان. م: سالپا يۈز — گۆشلىرى ساڭگىلاپ خالتىلىشىپ كەتكەن يۈز؛ سالپا قۇلاق.

سالپا-ساياق قە. ماكانسىز، ئىگىسىز. م: نەدىكى سالپى-ساياق نىمنى تېپىپ كەپتىكەنمەن، قېچىپ كەتتى.

سالتاڭ[1] ت. تەنھا، يالغۇز؛ يۈكسىز، يۈك ئارتىلمىغان؛ قىسىر، بالىسىز. م: سالتاڭ ئات — يۈك ئارتىلمىغان ئات؛ سالتاڭ بايتال — قىسىر بايتال؛ سالتاڭ ئايال — بالىسىز ئايال.

سالتاڭ[2] ھارۋىكەشكە ياردەملىشىپ، قىغ ئۇسۇشۇپ ۋە توشۇشۇپ بېرىدىغان ياردەمچى ئىشچى.

سالجىماق غ. يۈرتتىن چىقىپ كەتمەك.

سالدار ل. ئانىسىدىن ئايرىپ باققان قوزا.

سالغۇ ل. ئېرىق-ئۆستەڭلەرگە سېلىنغان يالغۇز ئاياقلىق كۆۋرۈك.

سالما كەسلەنچۈكنىڭ بىر تۈرى.

سالۋار خ. بىر نەرسىنىڭ رەتسىز ساڭگىلاپ تۇرۇشىنى بىلدۈرىدىغان ھالەت ئىملىقى. م: سالۋار تۇماق — ئۇزۇن تۈكلۈك، تۈكلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان تۇماق (ئېغىزدا

Altun0q

"سالۋا تۇماق" دېيىلىدۇ. بۇ سۆز "سالۋىرىماق، سالۋىراتماق" دەپ ئۇرلىنىدۇ).
سالۋاسلىماق غ. قەدەمنى چوڭ ئېلىپ تېز ماڭماق، سالۋاسلاپ ماڭماق.
سالۋاڭ كۇ. پاخماق، چۇپۇرچەكلىنىپ كەتمەك.
سامانچى قۇ. ياۋا مۈشۈك.
سامبا خ. پىلە قۇرۇتىنى ئالىدىغان قاچا.
سان قۇ. ئەھمىيەت، ئېتىۋار، قىممەت.
سان تەگمەك پۇرسەت تەگمەك.
سانجىق ئوت چاتقاللىقلاردا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت.
ساندىكتاز كۇ. سۆگگۈلغۇچ، سۆگگۈت.
سانسالىماق قە. بۇلغۇشلىماق، دۇشكەلىمەك. م: سار چۈجىنى سانسالۋەتتى؛ بالامنى تولا سانسالاپ قورقۇنچاق قىلىپ قويدۇم.
سانىماق قۇ. سانىماق، ھىساپلىماق؛ قاراتماق، تاۋىماق. بەرگىنىڭنى ئازغا سانا؛ قاشقا سانساڭ كۆزگە، كىشىگە سانساڭ ئۆزگە (ماقال).
ساي خ. ھىلى، ھازىر. م: ساي كەلدىم — ھىلى كەلدىم ("سايا" مۇ دېيىلىدۇ).
سايات غ. ئوۋچى. م: قارچۇغىدەك بويۇڭغا، بولدۇم سايات، يار-يار.
ساياتىن خ. باياتىن، ھىلىلا.
ساياق[1] سەرگەردان، ئىگىسىز، ماكانسىز، يالغۇز، تەنھا، توپقا قوشۇلمىغان؛ ئىشىكمۇ-ئىشىك دوقۇرۇپ يۈرىدىغان. م:

ساياق ئىت ــ ئىگىسىز ئىت؛ سـاياق كالا ــ توپقا قوشۇلمىغان كالا. سـاياق يۈرگەن تاياق يەر (ماقال).

ساياق² ئايىـقى يېـنىك، چاققان؛ بىباش. م: ساياق بالا ــ چاققان بالا؛ ساياقتىق قىلماڭ يارىم، تۇشاق سالاي پۇتۇڭگا (لوپنۇر قوشاقلىرىدىن).

ساياگۇ دەريانىڭ سۈيى تارتىلىپ كېتىپ سايلاشـقان يەر، دەريا سۈيىنىڭ تېيىزلاشقان يېرى.

سايان تەرەپ، تامان، ياق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

قارلىغىم قارلىق سايان،
سەگۈنچـىگى سەرۋەڭ سايان.
زامانىنىڭ دۇشقارىدا،
سەن بىر سايان، مەن بىر سايان.

سايغاتماق غ. كالىنىڭ سايغاقتىن قېچىشى.

سايغاق¹ خ. ئۈچ چىشلىق كىچىك ئارا (بېـلىق تۇتۇشـقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ).

سايغاق² ل. كۆكۈيۈن؛ ئوقۇرۇق چىۋىنى (شەكلى ھەرىـگە ئوخشايدىغان، سارغۇچ قاراچىپار كېلىدىغان ھاشارەت بولۇپ، كالىنىڭ تۆكى ئىچىگە تۇخۇم سالىدۇ، لىچىنـكىسى كالىـنىڭ تېرىسى بىلەن ئېتى ئارىسـىدا ياشايـدۇ، يېتىلـگەن چاغـدا تېرىنى تېشىپ چىقىدۇ).

سايقى ئۈزۈم خ. ئۈزۈمنىڭ بىر خىلى ("ساياقـى ئۈزۈم" دەپمۇ ئاتىلىدۇ).

ساي كەلمەك غ. ياپسا كەلمەك، ئۇيغۇن كەلمەك، مۇۋاپىق كەلمەك، دەل كەلمەك.

سايلاتما قۇ. سايمۇەنلىك، لاپاس، قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئىشىك ئايلى سايلاتما،
سايلاتمىغا تاش ئاتما.
مەن سېنىڭ خىلىڭ ئەمەس،
قاش ـ كۆزۈڭنى ئويناتما.

سايلا ئۆزۈم خ. كۆك ئۆزۈم.
سايىسغا قارىماق غ. تەرزىنى تۈزمەك، ئۆزىنى ياساپ يۈرمەك. م: سايىسىغا قاراپ ماڭىدىغان ئادەم ـــ ياسانچۇق ئادەم.
سايىقى خ. ھىلىقى. م: سايىقى كىشى ـــ ھىلىقى كىشى ("سايتىنقى"مۇ دېيىلىدۇ).
سايىماق غ. تەڭ كۆرۈش، تەڭ ساناش. م: ئازنى كۆپكە سايىاش.
سەپ[1] قە. كېلىن بولغۇچى قىز ئۈچۈن تەييارلانغان ئۆي جاھازلىرى.
سەپ[2] پەم. م: پۇلنى سەپ بىلەن خەجلەش كېرەك.
سەپچى قۇ. قوغۇننىڭ بىر تۈرى.
سەت قۇ. ۋاقىت، چاغ، دەم. م: بىر سەتتىن كېيىن كېلەي؛ بىر سەت تۇرۇپ تۇر.
سەتكە كۇ. قوغۇنلۇقنى باقىدىغان كىچىك ساتما، كىچىك ئالچۇق.
سەچە خ. تورۇسقا ئېسىپ قويۇلىدىغان بىر خىل جاھاز (ئىچىگە سۈت قاچىسى ياكى باشقا نەرسىلەر قويۇلىدۇ).
سەدىلىك غ. خاسلىق، مىجەز، ئادەت، خۇسۇسىيەت.
سەرجان غ. ياغاچنى 50 ـ 60 س. م ئۆزۈنلۇقتا ھەرىدەپ

بولغاندىن كېيىن، يېقىلغۇ قىلىش ئۈچۈن كەسىلەپ، مەلۇم ھەجىمدە تىزىپ قويۇلغان ئوتۇن. م: قولۇڭغا بىر يىل ئەمەل تېگىۋىدى. ئەڭ ئاۋال مىنىڭ بېغىمغا سەرجان سالدىڭ.
سەرخۇش قۇ. ئېلىشاڭغۇ، ساراڭ چېلىش، تەلۋە.
سەرسۇك قۇ. بېشى قايغان، ھوشىنى يوقاتقان (تاغلىقلار سۆزى).
سەرمە قۇ. شىرەنىڭ تارتمىسى؛ سېرىتما.
سەرمە چاپان قۇ. سېرىتمىلىق چاپان (يېڭىدىن ياسالغان سۆز).
سەرىمەس غ. غەم يىمەس.
سەكسەن پاچاق خ. كەلكۈننى توسۇش ئۈچۈن ياسالغان ياغاچ قۇرۇلما.
سەكسەن پۇت خامان ياكى ئېتىز ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان نۇرغۇن پۇتلۇق ياغاچ تۇلۇق ("سەكسەن ئاياق"مۇ دېيىلىدۇ).
سەگ خ. ئىت.
سەگەنچۈك ئاسما بۆشۈك.
سەگلۈ سۇۋادان تېرەك. م: سەگلۈ تېرەك ("سەگە"مۇ دېيىلىدۇ).
سەگۈنچەك قۇچاچقا ئېيسىلىدىغان زىننەت بۇيۇمى قوشاقتا. مۇنداق كەلگەن:

قارا قاش باشتا بولۇر،
سەگۈنچىكى ساچتا بولۇر.
مەن يارىمنى كەچتە كۆرسەم،
ئەتىلىك ناشتا بولۇر.

سەگىدىمەك ت. پىنىكلەش، ئاغرىقتىن ساقىيىش. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

قۇرغۇي بولۇپ، لاچىن بولۇپ،
تاغنى ئەگىدىم.
يار دەردىدە كېسەل بولۇپ،
يىگى سەگىدىم.

سەگىكەرمەك قۇ. دىققەت قىلماق، سەزمەك، چۆشەنمەك.
سەگىكمەك خ. پەرق ئەتمەك، ئاڭقارماق.
سەلقىلىغ خ. ئۇستا، ماھىر. م: سەلقىلىغ ھۈنەرۋەن ــ ماھىر ھۈنەرۋەن، سەلقىلىغ ئەرتىس.
سەلكىن غ. سالقىن شامال، غۇر ـ غۇر شامال. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئارپا ـ بۇغداي سامانىنى
سەلكىن ئايرىيدۇ،
ئۇرۇق ـ تۇققان قېرىنداشنى
ئۆلۈم ئايرىيدۇ.

سەم قە. ئەس، خاتىرە. م: سەمىگە سېلىش ــ ئېسىگە سېلىش، جېكىلەش.
سەندى قۇ. سەتلەش، يامانلاش، ئۆچ كۆرۈش سۆزى. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

سىنىگدەك سەندىنى،
سەنمۇ دىمەسمەن،
قەن ـ ناۋات بەرسەڭ،
ھەگۈس يىمەسمەن.

سەنمەسلىك قۇ. تىنەنمەسلىك.
سەيلمەك تەرتىپكە سالماق، رەتلىمەك.
سەيما خ. بۇزۇق خوتۇن.
سەيناق خ. پىلە قۇرۇتى تېشىۋەتكەن پىلە غوزىكى. م: سەيناق يىپ — بۇزۇلغان غوزەكتىن چىققان يىپ.
سەينەك[1] تىرناق تۈۋىگە چىقىدىغان يارا.
سەينەك[2] بىر ياشلىق سەركە.
سوتۇق قۇ. ئاھاڭ، كۈي، ئۈن، ئاۋاز؛ قائىدە ـ نىزام. م: سوتۇغى يوق ئادەم — ناخشىغا ئاۋازى كەلمەيدىغان ئادەم. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

سەن مېنى ئۈردۈم دەمسەن،
سېپى يوق قامچاڭ بىلەن.
سەن مېنى سۆكتۈم دەمسەن،
سوتۇغى يوق ناخشاڭ بىلەن.

سوچى ۋاستىچى، ئەلچى، دەللال، دەللە. م: سوچى خوتۇن — ئەلچى خوتۇن.
سوخرۇن غ. ئىلگىرى كەلمەس، روناق تاپماس.
سوقان لەيلەك (بىر خىل قۇش).
سوراقلماق قۇ. سورىماق، سوداشتۇرماق.
سورانماق تەلەپ قىلماق، ئۆتۈنمەك، ئىلتىماس قىلماق.
سوقچىلان چىلاننىڭ بىر تۈرى ("چوك چىلان"مۇ دېيىلىدۇ).
سورۇق غ. تېپىلگەن غداينى خامانىدا سورۇپ تازىلاش ئىشى. م: بۈگۈن سورۇق سوردۇق.
سورۇقلۇق قۇ. سورۇقچىلىق، ۋەيرانچىلىق. قوشاقتا مۇنداق

كەلگەن:

قونتاجىنىڭ لەشكىرى،
قىلدى خەققە سورۇقلۇق.
سارسىلىشتى خالايىق،
ئۆي ـ ماكانى تورۇقلۇق.

سوغا ياغاچ چىلەك، ياغاچ تۇڭ. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

باغىڭدا گۈلۈڭ بولسام،
بۇلبۇلدەك تىلىڭ بولسام.
باققا سۇغا كىرگەندە،
سوغاڭدا سۈيۈڭ بولسام.

سوغات خ. پىشلاق (قېتىقنى ئۇيۇتۇپ، يېغىنى سۈزۈۋېلىپ، قالغىنىنى قايناتسا "سوغات" بولىدۇ).

سوغتانماق ت. توڭلىماق، توڭماق، ئۈششۈمەك (بەزى جايلاردا "سوقتۇنماق"مۇ دېيىلىدۇ).

سوغۇگۈل غ. تاغ باغرىدىكى چىمەنلىكلەردە ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك.

سوغۇن قۇ. ئىنىك ـ قوۋۇق ياكى دەرۋازىلارغا، دەرىزىنىڭ كۆزىنىگە ئوخشاش ئېچىپ قويۇلىدىغان كۆزنەك، تۆشۈك.

سوق قۇ. قىزىقچى، ھەزىلكەش، سوغاق گەپ قىلىپ قىزىقچىلىق قىلغۇچى.

سوقا[1] قۇ. چاي ئىچىدىغان كورۇشكا.

سوقا[2] يۇمۇلاقنىڭ ئەكسى. م: سوقا باش، سوقا قوغۇن ("سوققا"مۇ دېيىلىدۇ).

سوقا چۈشتى قە. ئارقا ـ ئارقىدىن، تۆپە ـ تۆپىلەپ. م:

سوغاق سوقا چۈشتى ــ كەينى ـ كەينىدىن سوغاق بولدى.
سوقا ـ سۆبەت قە. گەپ ـ سۆز، پاراڭ، پاراڭدىشىش، گەپلەشىش. م: سىرتتا بولۇۋاتقان سوقا ـ سۆبەتلەر ئۆي ــ ئىچىگە ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
سوققا غ. زەربە، دەككە.
سوقماتاش غ. تام سوقۇشقا ئىشلىتىلىدىغان تاش ئەسۋاپ (بۇ چويۈندىنمۇ ياسىلىدۇ).
سوقماق[1] خ. ئۇزۇم بىلەن ياڭاق مېغىزىنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدىغان تاتلىق يېمەكلىك.
سوقماق[2] غ. چىغىر يول، سوقماق يول.
سوقنەپەس قۇ. قىلىغى سەت، قىلىقسىز.
سوقۇر غ. قارىغۇ: ساق كۆز يىغلىسا، سوقۇر كۆزدىن ياش چىقار (ماقال).
سوكال قە. توكۇر، چولاق؛ ئۆتمەس، گال؛ مېيىپ. م: سوكال قۇيرۇق؛ سوكال پىچاق؛ سوكال ئادەم ــ مېيىپ ئادەم.
سۆكسەك قۇ. سۆكسۆك. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئالتاي ياتتۇق مىڭگاڭدا،
سۆكسەك بىلەن ئوت قالاپ،
كۆزنىڭ خۇمارى ئاقتى،
قۇمۇل يولىغا قاراپ.

سوكسوك[1] خ. قومۇش ئېگىزى.
سوكسوك[2] ئاتنىڭ سوكۇلداپ، قاتىراپ مېڭىش ھالىتى. م:

سوكسوك ئات — قېتىرغاق ئات.

سوڭدىماق غ. پۈتىنىڭ سوڭكى بىلەن چەيلىمەك، دەسسىمەك، چىڭدىماق. م: سوقىمىنىڭ نەم توپىسىنى دەسسەپ چىڭدىماق.

سولاشماق غ. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سۈسىزلىقتىن يۇمشاپ كېتىشى. كۆچمە: ئېزىلەڭگۈلىشىش. م: تولا سولاشماي، ئىشتىكرەك ماڭغىنا. بەزى ئېزىلەڭگۈ، مىس ـ مىس ئادەملەرنىڭ ئاتلىرىنىڭ كەينىگە بۇ پېئىلىنىڭ تومۇرى سۈپەت شەكلىدە قوشۇپ ئېيتىلىدۇ. م: ئابدۇرېھىم سولاش، تۇردى سولاش.

سوملىماق قۇ. پۈتۈنلىمەك، قىرلىماق، ياغاچىنىڭ تۆت تەرىپىنى ئوخشاش چوڭلۇقتا رەندىلەپ چىقماق (بۇ سۆز بەزى جايلاردا "يۇمشاق نەرسىلەرنى پومسلاقلاش" مەنىسىدە كېلىدۇ).

سومۇن قۇ. تىزىم، ئىسىملىك، رويخەت، تىزىم دەپتىرى (قۇمۇلدا ئالـۋاڭ ـ ياساق تۆلەيدىغان ئىسىملىك سومۇن دېيىلىدۇ).

سونجاق خ. پۈتىنىڭ سوڭكى.

سون ت. غەلىتە، يوچۇن، ئۆمسە. م: سونلا بىر ئادەم ئىكەن، سونلا قىلىقلارنى قىلمىساڭچۇ!

سونۇ قۇ. غەلىتە، ئەجەپ، يوچۇن، يات، ئۆمسە. م: سونۇلا گەپ قىلىدىغان بىرنىمىكەنغۇ؛ مەلىمىزگە سونۇلا بىر ئادەم كېلىپ قالدىغۇ.

سونۇر ل. سەھەر.

سونۇرقىماق قۇ. ئەجەپلەنمەك، ھەيران قالماق.

سونۇكەلمەك غ. نەقمۇ ـ نەق كېلىش، دەل جايىغا كېلىش.
م: بۈگۈن ئىش تازا سونۇ كەلدى.
سونون بۆلۆك ل. مۇسنىڭ باش بۇرنىدىن قىلىنىدىغان سوغا.
سوۋۇتقۇ قە. ياخشى گەپ ئىسستقۇ، يامان گەپ سوۋۇتقۇ (ماقال).
سويام قە. چارەك (15 سانتىمېتىرغا تەڭ كېلىدىغان ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى).
سويتۇپ كېتىش ياندىپ كېتىش، بىر ياققا ئېغىپ كېتىش. م: تاغار سويتۇپ كەتتى. ئۇ خىيالغا چۆمگەن ھالدا يەنە بىر ھازا بېشى سويۇتقان تەرەپكە ماڭدى.
سويلا تاياق چىۋىق.
سويلىماق تېز ھەم سىلىق ئۆزمەك؛ بوي تارتىپ كەتمەك.
م: گۈللەر كۆن تەگمەي سويلاپ كېتىپتۇ. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

تاغدىن چۈشتى تاغ بېلىق،
سودىن چىقتى ئاق بېلىق.
سويلاپ ـ سويلاپ ئويناشلار،
ھەيران قالسۇن خالايىق.

سويمەك ئا. بۇ "سويما" سۆزىنىڭ كىچىكلىتىلمىسى بولۇپ، كىچىك باللارغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.
سويۇم مال سويۇش ئۈچۈن ياكى گۆش ئېلىش ئۈچۈن بېقىلغان مال.
سۇخسۇر قوشماق ئۆردەك.

Altun0q

سۇزماق قۇ. ئۇسماق، قاچىلىماق. م: تاماقنى پىيالىگە سۇز-
ماق، بۇغداينى تاغارغا سۇزماق.
سۇسماق قۇ. "سۇزماق"قا ئوخشاش.
سۇلاقچى ت. مىراپ، سۇغا قارىغۇچى (سۇنىڭ بېشىدىن
ئېتىزلىقىچە بولغان ئارىلىقتا سۇنى تەكشۈرۈپ يۈرىدىغان
ئادەم سۇلاقچى دېيىلىدۇ).
سۇغان ل. غاز-ئۆدەكلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن سۇ ئۈستىگە
قۇرۇلىدىغان قىسماق.
سۇغۇلۇق سۇلۇق يەر.
سۇقلەت قۇ. يوق ئىشلارغا ئارىلىشىدىغان، چات كىرىۋال-
دىغان، مەمەدان.
سۇقلەت-سۆرۈن قۇ. سوغاق چىراي ھەم مەمەدان (ئادەم).
سۇقۇپ قويماق قۇ. يوشۇرۇپ قويماق، سۇقۇنۇپ كىرىۋال-
ماق—يوشۇرۇن كىرىۋالماق.
سۇقۇلۇشماق قۇ. كىشىنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالماق. م:
خەقنىڭ ئىشىغا نىمە سۇقۇلۇشۇپ يۈرۈيسەن؟ گەپكە سۇقۇ-
لۇشماي جىم ئولتۇرساڭچۇ!
سۇ قىلماق مالنى ياكى نەرسىنى يۇلغا ئايلاندۇرماق.
سۇڭگۇت قە. سۇڭگۈلىغۇچ (بەزى جايلاردا "سۇڭگۇچ"
مۇ دېيىلىدۇ).
سۇڭگۇتماق قە. شۇڭغۇتماق، ئوغۇرلۇقچە بەرمەك، بىر
نەرسە بېرىپ ئاغزىنى مايلىماق. م: ئۇ باشلىققا بىر شىشە
ھاراقنى سۇڭگۇتۇۋەتتى.
سۇلاق كۆل، كىچىك سۇ ئامبىرى (سۇ قىس جايلاردا ئاھا-

لىلەر ئىچىدىكى سۇنى ساقلايدىغان كۆل سۇلاق دەپ ئاتىلىدۇ).

سۇلتايماق غ. سالپايماق، روھى چۈشمەك، روھسىزلانماق.

سۇلۇ ل. چىرايلىق، گۈزەل. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

زىل كۆڭۈلنى خار قىلما،
كەڭ قوينۇڭنى تار قىلما.
ئۆزگىلەرنى يار قىلما،
يارىم سۇلۇ ياخشى قال.

سۇما خ. سۇرمە.

سۇمال قۇ. ئاغار. م: بۇغداينى سۇمالغا قاچىلاپ قوي.

سۇمۇق قۇ. زەمچە.

سۇنايلىماق پۇت-قولىنى ئۇزۇن سوزۇپ ياتماق.

سۇۋار غ. تامامەن، پۈتۈنلەي، ھەممىسى، جىمىسى، م: ئېتىزلىقنى سۇۋار سۇ بېسىپ كەتتى.

سۇۋاقچى قە. تامچى. كۆچمە: سالاچى.

سۇۋاي-سالتاڭ غ. بالىسىز، سالتاڭ؛ ئېغىرچىلىقى يوق.

سۇۋۇق خ. گەمە.

سۇيۇق قە. يېڭىلتەك، ئالدىراڭغۇ. م: سۇيۇق ئادەم— يېڭىلتەك ئادەم.

سۇيۇلتۇش قە. سۇيۇقلاندۇرۇش.

سۆجە ت. سۆڭگەچ، يانپاش.

سۆرە[1] قۇ. ئۆگزە، ئۆينىڭ تۆپىسى؛ تورۇس.

سۆرە[2] ل. ئوت-چۆپ دۆۋىلەنگەن جاي، لاپاس، قالىق، چەللە ("سۆرۈ"مۇ دېيىلىدۇ).

سۆرۈن سالقىن. م: سۆرۈن چىراي.
سۆرۈندىمەك سالقىندىماق، سەگىمەك.
سۆزەڭگىر قۇ. ياخشى گەپكىمۇ، يامان گەپكىمۇ ئۇنىمايدىغان، قىپىدىغاق ئادەملەر شۇنداق دېيىلىدۇ ("سۆزەمەل"مۇ دېيىلىدۇ).
سۆزەمەل قۇ. "سۆزەڭگىر"گە ئوخشاش.
سۆز سالماق ت. ئېغىز ئاچماق، ئوتتۇرىغا قويماق، تەلەپ قىلماق، ئەلچى قويماق.
سۆڭگۈچكۇ ل. بالاقچى.
سۆكە قە. ئاياللار قۇلىغىغا ئاسىدىغان ھالقىنىڭ بىر خىلى. م: سۆكە-مۇنچاق تاقىغان خېنىملار.
سۆككە قۇ. چاشقان تۈرىدىكى بىر خىل قان شورىغۇچ جانىۋار، شەپەرەڭگە ئوخشاپ كېتىدۇ.
سۆگەتگۈل تالگۈل.
سۆل[1] كۈچ، ماغدىر.: سۆللۈك ئادەم-كۈچلۈك ئادەم؛ سۆللۈك ئۇن-قۇۋەتلىك ئۇن.
سۆل[2] ھۆل، قۇرۇمىغان (مېۋە ۋە گۆش قاتارلىقلارغا نىسبەتەن)، خوتەندە "خام" مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. م: سۆل نان-خام نان. قۇمۇلدا چىقىشقاق، يېپىشقاق، يېقىملىق مەنىلىرىدە كېلىدۇ. م: سۆلى بار ئادەم-چىقىشقاق ئادەم.
سۆيۈنمەك قۇ. خوشال بولماق، شاتلانماق؛ تايانماق، يۆلەنمەك، پايدىلانماق.
سۇپۇتمۆرە قۇ. بۇرغۇ (قۇلۇلە قېپىدىن قىلىنغان كاناي).
سۇتلىگەن غ. سۇتلۇك ئوت.

سۇر قۇ. ئەپ، پەم، يول، ئىشنىڭ ئېپى-جېپى. م: بۇ ئىشنىڭ سۇرىگە كىرىۋالدى—ئىشنىڭ ئېپىنى تېپىۋالدى.
سۇرۇم ت. ئىشنىڭ ئېپى. م: ئۇلار ئىشنىڭ سۇرۇمىگە كىرىۋالدى (بۇ قۇمۇلنىڭ "سۇر" دېگەن سۆزى بىلەن ئوخشاش).
سۇرۇك قۇ. توپ، پادا، گۇرۇھ. م: مېلىمنى سۇرۇككە قوشتۇم، سايدا كىيىكلەر سۇرۇكى بىلەن يۇرۇيدۇ.
سۇز قۇ. سۇزۇك، قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

باغدىكى ماجان تېرەكنەك،
بويىڭىزنىڭ تۇزلۇكى.
باغدا پىشقان ئاق يېمىشتەك،
ئۆزىڭىزنىڭ سۇزلۇكى.

سۇزمە خالتىسى قىلىۋەتمەك غ. ئۇرۇپ مىجىغىنى چىقىرىۋەتمەك.
سۇزمەك قۇ. ئۇسسەك. م: سۇزگەك كالا، ئىككى قوشقار تازا سۇزۇشتى.
سۇزمە هۆل تۇ. چىلىق-چىلىق هۆل. م: كىيىمىڭ سۇزمە هۆل بولۇپ كېتىپتۇ.
سۇكە خ. سۇپا.
سۇكەن "خاپان"غا ئوخشاش.
سۇگۇن رەڭگى قارا، ئۆزى تىكەنلىك بىر خىل تاغ دەرىخى.
سۇڭگۇمەك شۇڭغىماق.
سۇلكەت قۇ. تەكەللۇپ.
سۇمەل قە. دورا سۈرىدىغان تاش. كۆچمە: گەپ ئۆتمەس،

خىجىل بولمايدىغان.

سۆمۆلەك ت. ئۇچمىنىڭ سۆيىنى قايىنتىپ، بىرئاز ئۇن چېلىپ پىشۇرۇلىدىغان، ھالۋىغا ئوخشاش تاماق.

سۆنگۆ غ. نەيزە، مىلتىقنىڭ نەيزىسى.

سۆۋەت قۇ. خۇش خەۋەر (ئاياللار يەڭگىگەلەردە خەۋەر ئېيتىپ بارغاننى سۆۋەت ئېيتىپ باردى دەيدۇ).

سۆيەم "سويام"غا ئوخشاش.

سۆزە قۇ. يالپۇز.

سېتمق ئاش قۇ. تاۋار ئاشلىق (بۇ بېيىدىن ياسالغان سۆز).

سېرى تەرەپ، تامان؛ تەك. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

بارچە ئالەم بىر سېرى،
يالغۇز ماڭا سەن بىر سېرى.
تەلپۈنۈپ قۇشتەك ئۇچارمەن،
ھەر زامان سېنىڭ سېرى.

سېرىتما ت. شىرەنىڭ تارتمىسى (بۇ سۆز باشقا جايلاردا "لاسو" يەنى چاپان ياكى سومكىلارنىڭ سېرىتمىسى مەنىسىدە كېلىدۇ. م: سېرىتما چاپان—لاسولۇق چاپان.

سېرىغ نەمدە قە. چالا قوساق، قەدىر ئەھۋال. م: سېرىغ نەمدە جان بېقىپ كېتىۋاتىمىز.

سېرىق تۆكى ئەتۆر ئۆرۈلۈپ كەتمەك غ. توگىغانلىقنى، مۇزلىغانلىقنى سۆپەتلەپ ئېيتىلىدىغان بىرىكمە.

سېرىق سەيۋى قە. ئۆزۈمنىڭ بىر تۈرى.

سېرىق - سۇرۇق قە. سېرىق (جۈپ سۆز).

سېرىق - سۇمۇل ت. سېرىق (جۈپ سۆز).

Altun Oq

سېرىق قار ھاۋا مۆتىدىللەشكەن ۋاقىتتا ياققان قار.
سېرىق قۇش قۇ. مۆشۈك ياپىلاق، ئۈكەر قۇش (تاغلىقلار سۆزى).
سېرىق ئەت تېرىنىڭ ئاستى، گۆش بىلەن تېرىنىڭ ئارىلىغىدىكى توقۇلما.
سېرىق ئىچىگە كىرىۋالماق قېتىغا كىرىۋالماق، ئىشەنچىگە ئىگە بولۇۋالماق.
سېسىق لويلا بىنالاردا ۋە يول بويلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت.
سېغىن چېچەكى نەمخۇش جايلاردا ئۆسىدىغان بىر خىل ياۋا چېچەك.
سېكىرگۈچ ل. چېكەتكە.
سېكىلەك[1] ت. جىلىت ئاچىدىغان پۇزا.
سېكىلەك[2] خ. چوكان (جوگان).
سېلىنچا كۆرپە.
سېۋەپخانا خ. مونچا.
سېيىماق بېگىز قولىنى چىقىرىپ تۇرۇپ سۆزلىمەك. م: ئۇ قولىنى سېيىپ تۇرۇپ بىرنىمىلەر دەۋاتىدۇ ("سايىماق"مۇ دېيىلىدۇ).
سىبۇجا قە. قىيىسىق، قىڭغىر. م: نىمە تۈز ئولتۇرماي، سىبۇجا ئولتۇرۇسەن! بۇ ئەدىيالنى تۈز سالماي، سىبۇجا سەپ قويۇپسەن.
سىپاق قۇ. سۇۋاق.
سىپەچ خ. تاج، سەللە.

سپته سىلىق (بەزى جايلاردا "سىپتا"مۇ دېيىلىدۇ).
سىپماق ت. سۇۋىماق.
سىرەڭ شالاڭ.
سىرتلىق ئۆرۈچ خ. گىسلەمىنىڭ يان تەرىپىنى تەڭشەپ تۆرىدىغان يىپ.
سىرتىق قۇ. خەۋەر، ئۇچۇر، ئىز-دېرەك. م: بالام يۇرتتىن چىقىپ كەتكىلى بەش يىل بولدى، ھېچ سىرتىغىنى ئالالمىدىم.
سىرغا قۇ. زىرە، قۇلاققا تاقايدىغان ھالقىنىڭ بىر خىلى.
سىركايا پىيالە، كىچىك چىنە.
سىركە ئاچچىقسۇ؛ ئۈزۈم سۈيىنى ئېچىتىش يولى بىلەن تەييارلىنىدىغان چۈچمەل ئېچىملىك؛ پىتنىڭ تۇخۇمى.
سىركە پىيازلىق قىلماق كۈشكۈرتمەك، ئېچىتماق.
سىركىسى سۇ كۆتەرمەسلىك گەپ ياكى چاقچاق كۆتۈرەلمەسلىك.
سىرلىشىپ قالماق ئا. "شىلىشىپ كەتمەك"كە ئوخشاش.
سىرلىما نوچا خ. تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال.
سىزما رەسىم؛ چىرتۇژ. م: ئىمارەتنىڭ سىزىسى— ئىمارەتنىڭ چىرتۇژى.
سىزماق تەپچىرىمەك، قاچىلارنىڭ دەز كەتكەن ياكى يېرىلغان يېرىدىن سۇ، ياغ قاتارلىقلارنىڭ تەپچىرىشى.
سىزىپ كەتمەك خ. ئورۇقلاپ كەتمەك.
سىقماق خ. قول بىلەن سىقىپ ياسىغان تېزەك.
سىقىق غ. ئازاپ، چەكلىمە.

سقىم غ. ئازاپ، جاپا.
سىمن غ. يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.
سكىنمەك قە. بەدەنگە ئۇششاق قىزىل ئۆرلەپ كەتمەك. م: بالا سىكىنىپ كېتىپتۇ.
سىگىر قۇ. بۇرجەك؛ دوقمۇش؛ تۆت كوچا ئاغزى.
سىمىقماق غ. قورۇلۇپ كىچىكلەپ كەتمەك. م: ھۆل قوناق سىمىقىپ قېپتۇ (باشقا جايلاردا "شىمىقماق، شۇمۇقماق"مۇ دېيىلىدۇ).
سىنجا خ. تامنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدىغان ياغاچ.
سىنچاي چىنە خ. سىركايا، پىيالە.
سىنچەك خ. بېدىش، قالىق، باراڭ. م: سىنچەك بولمىسا كاۋا ئۆگزىگە چىقمايدۇ (ماقال).
سىنچى[1] كىشىنىڭ چىراي-تۇرقىغا قاراپ خاراكتېرىغا باھا بەرگۈچى، تەھلىلچى؛ پايلاقچى.
سىنچى[2] ل. جەگە، لىم.
سىنچىلماق ئىنچىكىلىمەك. م: سىنچىلاپ قارىماق-ئىنچىكىلەپ قارىماق.
سىنماق قۇ. ئىشەنمەك (تاغلىقلار سۆزى).
سىۋىل قە. نازۇك، ئاجىز، قورقۇنچاغراق. م: ھەجەپمۇ جېنى سىۋىل بالا ئىكەنسەن!
سىيپاڭ قۇ. بەدەننىڭ بىر نەرسىگە سۈركىلىپ ياكى كۆكۈيۈن، ھەرىگە ئوخشاش ھاشارەتلەرنىڭ چېقىشى بىلەن يارا بولۇپ قېلىشى.
سىيلە قە. رەھىم، شەپقەت. م: سىيلە-رەھىم-رەھىم-

شەپقەت،

سيلىماق قە. غەمخورلۇق قىلماق، شەپقەت كۆرسەتمەك، كۆيۈنمەك. م: يامان كىشى سىيلىغاننى بىلمەس (ماقال).

ش

شاپ[1] خ. تېز، ئىتتىك: شاپ بولاق — تېز بولۇق.

شاپ[2] قىلىچ، ئۇزۇن پىچاق.

شاپ[3] چۆللەردە ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك.

شاپالداق قە. چىۋىن ئۆلتۈرىدىغان پالاق، چىۋىن پالىقى.
م: ئاباق تامغا ئېسىقلىق شاپالداقنى قولىغا ئېلىپ، "ۋاق-قىدە" بىرنى سالغان ئىدى، چىۋىن دەرھال ئۇچۇقتى.

شاپاللىماق قاناتلىرىنى ھۆرپەيتىپ قورۇغدانماق (ئۇچار-قاناتلارغا قارىتىلىدۇ).

شاپتۇل قاقماق كۆچمە: نارازىلىق بىلدۈرۈپ بويىنىنى تولغىماق، بويىنىنى سىلكىمەك؛ كۆرەڭلەپ ئۆزىنى كۆر-سەتمەك.

شاپتۇل مونىكى قە. شاپتۇلنىڭ يارماي قۇرۇتقان قېقى.
م: مونەك سالدۇق — شاپتولنى يارماي قاق سالدۇق.

شاتاۋا قە. گۆللۈك ماتا.

شاجا ئۆلپەت، شېرىك؛ خېرىدار.

شاخاپ خ. شاخ؛ تارماق.

شاخاپچە خ. تارماق. م: دەريا شاخاپچىلىرى — ئۆستەڭ تارماقلىرى.

AltunOq

شاخچە قاشا ئىشىكى (بەزى جايلاردا "چاقسا"مۇ دېيىلىدۇ).
شاخ مانىغۇچ قە. شاختىن شاخقا قونۇپ يۈرىدىغان بىر خىل كىچىك قۇش؛ بۇ بىر جايدا ئولتۇرالمايدىغان ئادەملەرگىمۇ تەقلىت قىلىنىدۇ (غۇلجىدا "بىر توغرام" دېيىلىدۇ).
شاخشا بويلۇق قۇ. تال بويلۇق، كېلىشكەن. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

تام باشىدا ئولتۇرادۇ،
شاخشا بويلۇق شا يىگىت.
ئاغزىدىن شەرۋەت تامادۇ،
شەرۋىتى ئالتۇن يىگىت.

شاخشارما قۇ. چۇل-چۇل، پاچاق-پاچاق، كۇكۇم-تالقان. م: ئوتۇننى يېرىپ شاخشارما قىلىۋەتتى.
شاخشاق قوي، كالىلارنىڭ تۇۋىقىنىڭ ئارقا تەرىپىدە بولىدىغان بىر جۈپ كىچىك كۆمۈرچەك؛ ئاغزى ئىتتىك، يىگىلەتەك. م: قوي پاچىقىنىڭ شاخشىقى؛ شاخشاق خوتۇن.
شاخشۇر قۇ. تاغ جىنسلىرىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن ھاسىل بولغان ئۇششاق تاشلار.
شاخنە شاتىراق. م: شاخنە قويۇۋەتتى — شاتىراقلىۋەتتى.
شاخنەك ئويماق.
شادا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولى؛ چاقىنىڭ گىرگۇسۇنى؛ قاشا (رىشاتكا). م: كۆمۈز شادىسى؛ چاقىنىڭ شادىسى؛ شادىلىق كارۋات — رىشاتكىلىق كارۋات. كۆچمە: شادا پاچاق (ئۇزۇن پاچاق).

شاراڭ-شۇرۇڭ ت. ئاغزى يېنىك، گەپنى تولا قىلىدىغان، ئاغزىدا بار، ئەمىلىيەتتە يوق كىشىلەر شۇنداق دەپ ئاتىلىدۇ.

شار-شار ت. بۇ، يامغۇرنىڭ تېز چۈشۈشى، سۇنىڭ تېز ئېقىشى، كىتاپنىڭ تېز ئوقۇلۇشىنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق سۆز. م: يامغۇر شار-شار قىلىپ شاقىراپ قۇيۇۋەتتى؛ مەسۇم ماقالىنى شار-شار شارىلداپ ئوقۇدى.

شارۇپ خ. مەنچاناق (قۇدۇقتىن سۇ تارتىدىغان ياغاچ قورۇلما).

شاغال ت. شېغىل تاش.

شاشماق غ. ئالدىرىماق، ھوۋلۇقماق، ئەندۈرىمەك.

شاقىلداق بىر خىل ئويۇنچۇق.

شاڭ[1] ت. ئۆتۈكنىڭ قونجىغا سېلىنىدىغان ياغاچ قېلىپ.

شاڭ[2] خ. ماتا، بۆز، يەرلىك رەخت.

شاڭغىر-شۇڭغۇر قۇ. جاراڭ-جۇرۇڭ، شالدۇر-شۇلدۇر، شىلدىر-شىلدىر. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

شاڭغىر-شۇڭغۇر قىلدۇرغان،
چاچتىكى تۇمار ئەمەسمۇ.
سىزنى بىزنى كۆيدۇرگەن،
قارىقاش يارلار ئەمەسمۇ.

شال ئېغىزدىن ئاققان سۇ، شۆلگەي (بەزى جايلاردا "شالۋاق"مۇ دېيىلىدۇ).

شالا قە. ئوچاقنىڭ ياكى مەشنىڭ شالاسى ("شالاسىن"مۇ دېيىلىدۇ).

شالدامچى ل. بوۋاقلارنىڭ ئالدىغا تارتىپ قويۇلىدىغان لاتا، شالداما، شالدۇرۇق.

شالدىرشاپ قۇ. ئۇچمە ياكى ئۆرۈك قاقىدىغان چوڭ داستىخان.

شالۇك "شال"غا ئوخشاش.

شالغۇچ قۇ. سەۋزە شالايدىغان (قىرىدىغان) سايمان، سەۋزە قىرغۇچ.

شالماق1 قۇ. قىرماق، ئاقلىماق (سەۋزىنى)؛ ئىلغا ئاغرىقنى ئىلماق.

شالماق2 قىيمىغا تۇز ئىلەشتۈرمەك.

شان ل. بەلگە. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

تەلۋىلەرنىڭ شانىغۇ،
ھەردەم يەرشان سۆزلىمەك.
بۇ ساڭا ئادەت بولامدۇ،
ئۆتكەن ئىشنى تەگىمەك.

شانا بۆز توقۇيدىغان دەستىگاھنىڭ ئۆرۈش يىپلىرىنى كۆتىرىپ-چۈشىرىپ تۇرىدىغان قىسمى. بۆزنى بۇزغان شادىسى، قىزنى بۇزغان ئانىسى (ماقال).

شانازكەتمەن قە. ئۇزۇنچاق، بۆرەكسىمان كەتمەن.

شاي قۇ. شاش، كۆندۈرۈلىگەن، توسۇن.

شاياردى قۇ. داۋراڭچى، پوچى.

شەپشەك شاللاق، بەڭۋاش، تەنتەك؛ بەتخۇي. شەپشەك ئات — بەتخۇي ئات.

شەپشۈك قۇ. چىپىلغاق، شوخ، چاپتىكەش.

شەددە ل. ئۈلۈكلەر بېشىغا (قەۋرە بېشىغا) بەلگە قىلىپ تىكىلگەن ياغاچ.
شەر قۇ. بارىكاللا، رەھمەت، بەللى.
شەر-شەر قۇ. بارىكاللا: ھەشقاللا، رەھمەت ("ھەششەرە" مۇ دېيىلىدۇ).
شەرۋاز قۇ. ئەسكەر. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئاللىسىەي شەرۋازەي،
ھازىر بولۇڭلار.
كەلسە دۈشمەنلەر،
باتۇر بولۇڭلار.

شەشۈك خ. پىشىك.
شەللەك قۇ. گۆشنىڭ چاندىرى (بەزى جايلاردا "شەللەت"مۇ دېيىلىدۇ).
شەللەك گويەك خ. چاچتەگگە.
شەلگا قۇ. گالۋاڭ، ھاماقەت.
شوپۇق غ. مىتىكوت بولۇپ، ئوشۇق ئىششىپ كەتكەندە، تۆگە يۇڭىنى شاكاراپقا چىلاپ شوپۇق ئېتىپ تاڭىدۇ.
شۆپۆك ت. پىياز، ئالما قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ پوستى، شاكىلى. م: پىياز شۆپۆكى، ئالما شۆپۆكى، گازىر شۆپۆكى.
شوت-شوت قە. ۋالاقتەككۇر.
شوتا ئات خ. ئۈچ ئات، شوتىغا قوشىدىغان ئات.
شوچا قۇ. بىرخىل تاماق (گۆش، كۆكتات، پىنتوزا قاتارلىق نەرسىلەرنى شورپىدا پىشۇرۇپ، دورا-دەرمەكلەرنى تېتىتىپ تەييارلىنىدۇ).

شورا تامنىڭ كەمتۈك يېرى (توساق تامنىڭ بۇزۇلۇپ، ئادەم
ئۆتىدىغان بولۇپ قالغان يېرى).
شوركا چىشى بۆدىنە (بۆدىنىنىڭ مىكىيىنى).
شوخا قە. جىگدىنىڭ تىكىنى، تىكەن. قوشاقتا مۇنداق
كەلگەن:

شوخىلىق جىگدىگە چىقسام،
يىرتىلدى چاپانلىرىم.
سىزنى ئىزدەپ يول يۈرۈپ،
يېرىلدى تاپانلىرىم.

شوخلاچۆپ قە. شوخلا سېلىپ ئېتىدىغان چۆپ (تاماق).
شوداڭ غ. ئىنچىكە، ئېگىز، توغرىسىغا يوغىنىماي، ئىگىزىگە
ئۆسكەن ھەرقانداق نەرسە.
شورلاق قۇ. شورلۇق، شور چىقىدىغان يەر.
شورلاڭ ئا. "شورلاق"قا ئوخشاش.
شورۇق ت. بادىرا، خادا ياغاچ.
شوغۇرتما ت. سېرىما، تارتما.
شوغۇر-شوغۇر ناھايىتى كۆپ.
شوم قۇ. داۋراڭ.
شومچى قۇ. كۆز-كۆزچى، دامدامچى، داۋراڭچى.
شوم قىلماق قۇ. كۆز-كۆز قىلماق، داملىماق.
شوينابەل قۇ. نازۇك، ئاجىز: بېلى بوش، بوشاڭ، ئېزىلەڭ-
گۈ، جاپادىن قاچىدىغان، ئاقنانچى.
شۇپۇر قۇ. شاخ-پۇتاق (كېسىلگەن).
شۇپۇر ئېغىز غ. گەپ توشۇغۇچى.

Altun Oq

شۇپۇلڭ ئېغىز ت. گەپ تاپقاق.
شۇدايماق ق. لوڭگىدە چىقىپ قالماق، گەۋدىلەنمەك، يالىڭاچلىنىپ قالماق. م: قاتتىق ياققان مۆلدۈردىن كېيىن، كۆممەقوناقلار يالىڭاچلىنىپ شودىيىپ كېتىپتۇ.
شۇدىبار چىداملىق؛ بىچارە. م: بەكمۇ شۇدىبار ئايال ئىكەن، شۇنچە دەرت-ئەلەمگە چىداپ، يەنە ئۆرە يۈرۈۋاتىدۇ.
شۇراڭقا قۇ. "شاخشۇر"غا ئوخشاش.
شۇرداق قە. زىننەت، بېزەك.
شۇرلىما قۇ. كۆممەقوناق.
شۇرلىماق قۇ. چالا كۆيدۈرمەك. م: قوناق شۇرلىماق.
شۇشماق غ. مايسىرىماق؛ بالىلار شۇشاپ كەتتى — بالىلار مايسىراپ كەتتى.
شۇغۇنۇتتە قۇ. شۇ يەردە.
شۇڭغۇتماق خ. قۇناق ئۇنىدىن قىلىنغان بىرخىل تاماق (قۇناق ئۇنى سۇيۇق يۇغۇرۇلۇپ قايناۋاتقان سۇغا سىقىپ شۇڭغۇتۇلۇپ ئېتىلىدۇ).
شۇمبا خ. كەكە ياكى كەتمەننىڭ دەستە ئۆتكۈزىدىغان تۆشۈكى.
شۇنا خ. جىگدە شېخى.
شۆرلىمەك قۇ. ئاختۇرماق، مالتىماق.
شۆلتەڭلىمەك قۇ. ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلىمەك، كاپشىماق.
شۆپتۆر قۇ. پوق-سۆدۆكلەرنىڭ سېسىق پۇرىقى (پاسكىنا ئادەملەرنى "شۆپتۆر" دەپ تىللايدۇ).
شۆدە ت. قاسماق (ماي سۇرتۇلگەن جايغا توپا قونۇپ

ھاسىل بولغان قاسماق شۇدە دېيىلىدۇ). ھارۋىنىڭ قازىنىنى شۇدە باغلاپ كېتىپتۇ.
شۇرمەل غ. ئەتىيازدا دەريادا ئېرىپ ئاققان مۇز.
شۇشە بىر خىل خۇشپۇراق ئوت.
شۇللە غ. شويلا.
شۇمشەرىمەك شۇمشەيمەك.
شۇمشۇك قۇ. گېلىگە ئامراق، ئاچكۆز.
شېتىلە غ. شوخ، قىزىقچى.
شىلىمەك كېسىپ ئاجراتماق (گۆشنى سۆڭەكتىن ئاجراتماق).
شىپ قۇ. تورۇس.
شىپا ت. سۆز-ھەرىكىتى نازاكەتلىك، تۇرمۇشى، ئىش-پائالىيىتى رەتلىك، پۇختا ئادەم شىپا ئادەم دېيىلىدۇ.
شىپاق كەش قە. ساپما ئاياق.
شىپشىدار قۇ. ناھايىتى زىچ، ناھايىتى قويۇق، ناھايىتى قېلىن. م: شىپشىدار دەرەخلەر.
شىپشىر قۇ. نۇرغۇن (ھەم كۆپ، ھەم زىچ — مىغ-مىغ ھالەتنى بىلدۈرىدۇ).
شىپىلداق شىپ-شىپ كۆز (كۆزى ھەمىشە شىپىلداپ تۇرىدىغان ئادەم).
شىدار قۇ. قويۇق، زىچ؛ ئۆسكۈلەك، بىر تۇتاش.
شىداق خ. ئاۋاق، ئورۇق.
شىدىشاپ قە. كىرلىك، يوتقان-كۆرپىلەرنىڭ كىرلىكى.
شىر كاۋاك، پورنىڭ ئەكسى. م: شىر ياغاچ، شىر چامغۇر.
شىراغول قۇ. جاھىل، گەپ ئۆتمەس، قېلىن.

شراق ت. پاچاق؛ مىلتىقنى ئاتىدىغان چاغدا تىرەپ تۇرىدىغان ئاچا ياغاچ. م:قويىنىڭ شىرىقى؛ شىراقلىق مىلتىق.

شىرشىم ئانچە قۇرۇپ كەتمىگەن، يېرىم قۇرۇق. م: شىرشىم ئوتۇن.

شىرلا قۇ. شىللە، گەجگە، پاتاك.

شىش قۇ. ئاغامچا توگۈنلىرىنى يېشىدىغان مۈڭگۈز ياكى ياغاچ زىق. بالىنىڭ ئىشى ئىش بولماس، ئوغلاق مۈڭگۈزى شىش (ماقال).

شىشى ئا. ماتا، خام.

شىغىلداق غ. يېڭىلتەك. م: شىغىلداق ئايال.

شىكىشىن قۇ. بوغداي، تېرىق قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ دان ئالماي قالغان قالدۇقى.

شىڭتايىتماق دىڭگايىتماق. م: ئاتلار قۇلاقلىرىنى شىڭتايىتىپ تېپىرلاشتى؛ كېيىكلەر ئەتراپقا شىڭتىيىپ قارايتتى.

شىڭگىل بىر ساپاق ئۈزۈمنىڭ كىچىك شاخچىلىرى. م: بىر شىڭگىل ئۈزۈم.

شىلتاڭ ئاتماق پو ئاتماق، چوڭ گەپ قىلماق.

شىلدىپ غ. ئۆسۈملۈكتىن ئىشلەنگەن يامغۇرلۇق يېپىنچا.

شىلگەي خ. خالات، شالدۇرلۇق.

شىلۋە قۇ. تاغدا ئۆسىدىغان قارىقاتقا ئوخشاش ئۆسۈملۈك.

شىلىشىپ قالماق قاسقاندا پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىكلەرنىڭ ئوبدان پىشۇرۇلماي قېتىپ قېلىشى (بەزى جايلاردا "شىرلىشىپ قالماق"مۇ دېيىلىدۇ).

شىمشانماق قۇ. تىمىسقىلىماق، مارىماق، ئىشىكتىن بېشىنى

تېقسپ قارىماق، بېشىنى سوزۇپ دەممۇ ـ دەم قارىماق.

شىمىقماق قۇ. قورۇلماق، ئورۇقلىماق، سوغۇلىماق، سۈيى قاچماق. م: بىر ئوكۇل بىلەنىلا ئۇنىڭ ئىششىقى شىمىقىپلا كەتتى.

شىنە ل. شىرنە، ۋارىنا، مۇراببا.

شۇاق قۇ. ساسلىق، چىملىق.

شۇەر قۇ. ئېغىلنىڭ چىلەسى، قىغ، سۈيدۈكنىڭ ئارىلاشمىسى.

شۇەرلىك سازلىق.

شۇەكچى ت. گەپ تاپقۇچى، گەپ توشۇغۇچى.

شۇجىماق قۇ. قوگىچە سۈرۈلۈپ ماگماق (بۇ سۆز كۆپىنچە مېگىشى چىقمىغان بوۋاقلارغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ، غۇلجىدا "سىبجىماق" دېيىلىدۇ).

شۇىرغاق قۇ. چارۋا ماللارنىڭ تۆيىغى ئىچىدىكى سۆگەك.

غ

غاپ ئەتمەك خ. كاپ ئەتمەك، هاپ ئەتمەك.
غاپشماق قۇ. هاۋشىماق. م: ئىتلار غاپشىيدۇ، گادايىنى كۆرسە.
غاتالڭ قە. غاتاڭدەك ئادەم — كۆتەكتەك ئادەم.
غادىر-سۇكۇر قە. ئاختۇرماق، ئوبوسكا قىلماق. م: ھەممە يەرنى غادىر-سۇكۇر قىلىپمۇ جەسەتنى تاپالمىدى؛ ئۆيگە بېسىپ كىرىپ، ھەممەيلەننى غادىر-سۇكۇر قىلدى.
غارال خ. قوتاننىڭ شادىلىق ياغاچ ئىشىگى (قاشا ئىشىك).
غارغالتا ل. پورت، ماتۇ، كېمە توختايدىغان يەر.
غارىشتامال ل. شەپەرەڭ.
غاز تاپان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، دەريا ۋادىلىرىدىكى ئوتلاقلاردا ئۆسىدۇ ("سۇغۇر ئوت"مۇ دېيىلىدۇ).
غاز قوغۇن خ. قوغۇننىڭ بىر تۈرى.
غاز ئوت غ. بىر خىل چىرايلىق ئوت. م: سەن بىر زامانلاردا غاز ئوتتەك چىرايلىق ئىدىڭ.
غاش قېرى، قاتتىق. م: سەۋزىلەر غاش بولۇپ كېتىپتۇ.
غاشا قۇ. قاشا.
غالجاق قۇ. كېپىسكىنىڭ چىشىسى.

Altun Oq

غالچەك سۇ بويلىرى ۋە يول بويلىرىدىكى نەم جايلاردا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت.
غالدىران قامۇش ل. ئېگىز ئۆسۈپ قۇرۇپ قالغان، بورا توقۇلىدىغان قومۇش.
غالمۇس-غۇلمۇس قۇ. شالاپ-شۇلۇپ.
غالۋارىماق غ. پاي-پېتەك بولماق، ئالدىراپ-تېنەپ يۈرمەك.
غالىس ل. ئۇستۇن، يۇقۇرى، قالتىس. م: غالىس كەل-مەك — ئۇستۇن كەلمەك، بېسىپ چۈشمەك.
غاۋۇر-غوۋۇر غ. ۋاراڭ-چۇرۇڭ (پاراڭ ئاۋازى).
غايلىماق قۇ. چەتنىمەك. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

مىلتىق ئوقى يامان نىمە،
ئۇ يان-بۇ يان غايلىماس.
يىراقتىكى يار كەلگىچە،
يۈرەك-بېغىر پايلىماس.

غاينۇق قۇ. ئارغۇن (كالا بىلەن قوتازنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىققان شالغۇت كالا).
غەپسە فە. بەك، ناهايىتى، هەجەپ. م: غەپسە يوغان ئادەم ئىكەن.
غەجەپ قۇ. خەتكۈچ، خەلچەك.
غەچچەي ئا. چار ئوت، سۇتلۇك ئوت.
غەرەك قۇ. ۋاراق.
غەزىنەت خ. تاپا-تەنە.
غەلەپ خ. غىلاپ.

غەلەت قۇ. يالغان، ساختا. م: غەلەت سۆز قىلماق، كۆزنى غەلەت قىلماق ــ ساختا قىلماق، كۆز بويىماق.

غەمزە قە. ناز، جىلۋە، قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

> ئىشىق ئوتىۇغىنى تۇتاشتۇرۇپ،
> كۆيدۈردۈڭ مېنى.
> جىلۋە قىلىپ، غەمزە قىلىپ،
> ئۆلتۈردۈڭ مېنى.

غەنجۇ قە. غالجىر. م: غەنجۇ ئىت ــ غالجىر ئىت.

غوپ-غوپ ت. بوش كېلىپ قالماق. م: چاپان ئۇچامغا غوپ-غوپ كېلىپ قالدى.

غوپ-غوپىلاڭ ت. بوپبوش، بوش.

غوجام چاڭگىلى قىلماق قە. ھەممىگە چات كېرىۋالماق، مونوپول قىلىۋالماق.

غوجا كۆرسۇن خوجايىنغا ياكى باشلىققا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن، ياخشى ئىشلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ قىلىشقا خۇشتار ئادەم. م: ئازا غوجا كۆرسۇن ئىمىكەنسەن، غوجا كۆرسۇنلۇك قىلمىساڭچۇ!

غوجىتام غ. بەلتام.

غوجىكا قە. كۆيوغۇل بولغۇچى قېيناتىسىنى شۇنداق دەپ چاقىرىدۇ.

غورا قاپاق قە. توك، قوپال مۇئامىلىلىك كىشىلەرنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان بىرىكمە.

غورۇ ت. "غارال"غا ئوخشاش.

غودۇراڭغۇ قە. كوت-كوت، غوڭشىغاق.

غودۇرىماق خ. كوتۇلدىماق.
غوراپ خ. خام ئۈزۈم.
غورۇلداي غورۇلاي (بىر خىل قۇش).
غوزو ل. مەگگەن، بۇغداي پاخىلى، ئۈيە.
غوگۇلداق قە. غوگۇلداپ ئاۋاز چىقىرىدىغان ئىچى كاۋاك بىر خىل ئويۇنچۇق.
غول قۇ. ئۆستەڭ، دەريا، ئېقىن؛ تەكتى، ئەسلى؛ دۈمبە. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئۈلۈغ - ئۈلۈغ سۇنى كەچتىم،
يەنە بارمۇ غول.
ئاسان قىلغىن پەرۋەردىگارىم،
مەن يالغۇز ئوغۇل.

غولى خ. زادى، پەقەت، ھەرگىز.
غون قۇ. قوغۇن (قوغۇننىڭ قىسقارتىپ ئېيتىلىشى).
غۇجۇر قۇ. غەزەپ؛ غەيرەت؛ ھاياجان.
غۇجۇرى كەلمەك قۇ. تەسىرلەنمەك، قاينىماق، غەزەپلەنمەك، ھاياجانلانماق.
غۇجۇم خ. سىپىدىن ئاجراپ كەتكەن ئۈزۈۋاق ئۈزۈم.
غۇچچۇق ل. قىچىق، غىجىق.
غۇدۇرۇڭ - چۇتۇرۇك قىلماق قۇ. سۇرۇپ توقاي قىلماق (تۇرپاندا "غۇدۇرۇڭ - سۇپۇرۇك قىلماق" دېيىلىدۇ).
غۇدۇق - بۇدۇق غ. دۇدۇقلىماق. م: ئۇ غۇدۇق - بۇدۇق قىلىپ گەپ قىلالماي قالدى.
غۇرتەك[1] خ. شوخ بالا (بۇ سۆز قەشقەردە "شۇمتەك"

مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ).

غۇرتەك قە. يۇتۇم، ئۇتلام (مىقدار سۆز). م: ئۇنىڭ گىلى قىسىلىداپ، بىر-ئىككى غۇرتەك ئاتقۇسى كەلىدى — بىر ئىككى يۇتۇم هاراق ئىچكۇسى كەلدى.

غۇلاجىماق غ. غۇلاچلىماق. م: كەتمەننى غۇلاجىپ چاپ.

غۇلدا خ. توقماق، كالتەك.

غۇلغۇر قۇ. چولاق قۇلاق.

غۇلغۇن قە. توپ. م: ئۇ قەدىسىمنى چوڭ-چوڭ يۆتكەپ، غۇلغۇندىن تېزلا ئايرىلىدى-دە، تۆت كوچا دوقمۇشىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، چوڭ يولغا چۈشتى.

غۇلغۇي قە. غۇل-غۇلا، توپىلاڭ، مالىمان، ئەنسىزلىك. م: غۇلغۇي كۆتەرمەك — توپىلاڭ چىقارماق.

غۇم خ. دەرت، تۇگۇن؛ كىنا، ئاداۋەت.

غۇملىماق خ. دەرد ئېيتىش، كوتۇلداش.

غۇمۇكلەشمەك قە. بىرلەشمەك، تىل بىرىكتۈرمەك. م: ئۇ ئاباق بىلەن غۇمۇكلىشىپ، ئۇلارغا قارشى يېڭى سۇيىقەستلەرنى تەييارلىدى.

غۇنچا قۇ. گۈل لوڭقىسى (ساپالدىن گۈل چىقىرىپ ئىشلەنگەن).

غۇيياڭشىماق قە. غۇيۇلدىماق.

غىجىر قۇ. ئىچى تار، مىجەزى ئوسال، تەرسا.

غىدىرا قۇ. هىجىر، تاۋاق.

غىمىس-غۇمۇس قۇ. شالاپ-شۇلۇپ (تاماقنى تېز يېگەندە ئېغىزدىن چىقىدىغان تاۋۇشنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق سۆز).

غىپچا خ. جۇۋازىنىڭ ياغ چىقىدىغان تۆشۈكىگە تىقىپ قويىدىغان ياغاچ.
غىتمەك قە. زەيپانە مىجەز ئادەم.
غىجەك ھايۋانلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى يەيدىغان قۇش. ئېشەك ئۆلۈۋاتسا كۆتىنى غىجەك چوقۇپتۇ (ماقال).
غىجەك قارتماق توگۈپ تىترىگەنلىكنى بىلدۈرىدىغان بىرىكمە.
غىجىم پۈرلۈم، بۆرتمە. م: غىجىم رومال، بۆرتمە شال، غىجىم دۇخاۋا.
غىجىملانماق قە. پۈرلۈشۈش، قاتلىشىپ كېتىش. م: ئەتىكەن كەيگەن كۆينىگى غىجىملىنىپ كەتتى.
غىدىق قۇ. قىچىق؛ غىدىغلاش — قىچىقلاش.
غىدىڭ-يىدىڭ قۇ. ئېتىراپ قىلىشقا، ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بولۇپ ئېغىز ئاچالماي قالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق سۆز.
غىرتىلداق كېكىرتەك، بوغۇز.
غىرمۇدۇن غ. يىغلاڭغۇ (بىر نەرسىنى بانا قىلىپ، ئورۇنسىز يىغلايدىغان بالىغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ).
غىل تېيىلغاق. م: غىل مۇز — تېيىلغاق مۇز؛ يوللار غىل بولۇپ كېتىپتۇ (بەزى جايلاردا "غىلتاڭ" دېيىلىدۇ).
غىلام-غىلام قۇ. لۆم-لۆم (ھالەت ئىملىقى). م: ئۇ ماڭا غىلام-غىلام قاراپ قوياتتى.
غىلتاڭ خ. تېيىلغاق؛ ھەممىسى، پۈتۈنلەي، ساپلا. م: بۈگۈن يىغىنغا غىلتاڭ ئەرلەر كېپتۇ — بۈگۈن يىغىنغا ساپلا ئەرلەر كېپتۇ.

Altunoq

غىلجىق قۇ. ئەلەس كۆز، ئالغاي.
غىلجىڭ غ. نايناق، ناز.
غىلجىڭلىماق غ. نايناقلىماق، ناز قىلماق، غەمزە قىلماق.
غىلدىرەك غ. غالتەك (باللار ئويۇنچۇغى)؛ تۆمۈر ھالقا (ئويۇنچۇق).
غىلدىرغۇچ ت. قىيىقچە، بوغۇرساق قىلغاندا، خېمىرنى كېسىدىغان چىشلىق غالتەك.
غىمسا[1] قۇ. يوشۇرۇن، پىنھان، بۇلۇڭ-پۇشقاق، خىلۋەت.
غىمسا[2] ت. تار يول.
غىمسىماق قۇ. ھەۋەس قىلىش، قىزىقىش، ياخشى كۆرۈش.
غىنچە خ. ئىتنىڭ بويىنىغا باغلاپ قويىدىغان كالتەك.
غىنجۋاغ غ. چانا ياغىچىنى ئاتقا تاڭىدىغان ئاغامچا.

ق

قاپ قۇ. يالغان. راست گەپنىڭ چېچىكى قاپ گەپ (ماقال).
قاپاق چۆمۈچ غ. نوگاي.
قاپاق ئۆيقۇسى خ. پىلە قۇرۇتىنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئۇخلىشى.
قاپاق ياردى قە. قىش پەسلىدىكى مەۋسۇملەرنىڭ بىرى، بۇ "دەلۋە" مەۋسۇمىدىن كېيىن كېلىدۇ. يېڭىچە 1-ئاينىڭ 20-، 21-كۈنلىرىدىن باشلىنىپ، قىش پەسلى مۇشۇ مەۋسۇم بىلەن ئاياقلىشىدۇ.
قاپالاڭ قۇ. غالجىر.
قاپتۇرغا غ. قاپچۇق (پۇل قاپچۇغى).
قاپتىلغا ئالماسلىق نەزىرىگە ئالماسلىق، ئىرەن قىلماسلىق، پەرۋا قىلماسلىق (بۇ "قاپتال" سۆزىدىن كېلىپ چىققان).
دۇنيانى سۇ بېسىپ كەتسە، ئۆدەكنىڭ قاپتىلغا كەلمەپتۇ. (ماقال).
قاپچىغاي ئا. كارىدور؛ ئىككى تاغ ئارىلىقىدىكى ئۇزۇن كەتكەن تار ئارىلىق. م: خېشى كارىدورى — خېشى قاپچىغايى (بەزى جايلاردا "تارلاق" دېيىلىدۇ).
قاپقۇش ل. شىشە (پانار چىراقنىڭ شىشىسى).

قاپلاڭغۇ قۇ. تۈت ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغان يەر.
قاپىلاق قۇ. قۇلاقچا (تاغلىقلار سۆزى).
قاپىلاڭ غ. يالغانچى، ئالدامچى.
قاتاڭشىماق قە. قېرىپ مۇنۇپ قالغان ئادەم ياكى مېۋە بەر-
مەيدىغان بولۇپ قالغان دەرەخلەرگە شۇنداق دېيىلىدۇ.
قاتاڭغۇر غ. قاتمال، ئورۇق.
قاتىماق قوشماق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

قارا ـ قارا قاشلىرىڭغا،
قاتساڭچۇ مېنى،
كىرپىكڭنى ئوقيا قىلىپ،
ئاتساڭچۇ مېنى.

قاتىم غ. قىساس.
قاچار قۇ. مەگىز. م: قىزىل قاچار ــ قىزىل مەگىز. قوشاقتا
مۇنداق كەلگەن:

يار سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ،
مېنگەنى دۇلدۇل.
قاچارلارى قىزىل ئالما،
ساچلارى سۇمبۇل.

قاچۇرا قۇ. قارىغاي (تۇرپاندا "قوچۇرا" دېيىلىدۇ).
قاچىماق كۇ. قىسماق، تولغىماق، بۇرىماق، قايرىماق.
قادا خ. قاردا مۇز قىرىندىسى بىلەن قېتىقىنى شىرنىغا ئارد-
لاشتۇرۇپ تەييارلىنىدىغان ئىچىملىك (مۇز قىرىندىسى قارغا
ئوخشايدىغانلىقى ئۈچۈن "قادا" دەپ ئاتالغان).
قادىغاللىماق قە. دېۋەيلىمەك، ھۆرپىيىپ كەلمەك. م: ئەر-

كىنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قادىغاللاپ كەلدى.
قارا ئەتكۈلۈك قۇ. قارىلىق (ماتەم بەلگىسى).
قارا تاپشۇرماق ئا. قىز تەرەپكە تويلۇق تاپشۇرماق.
قارا باسماق نەس باسماق، تەلەي قاچماق.
قارا بۇيا چوچـۇك بۇيا.
قاراچى[1] خ. تىلەمچى، قەلەندەر، ئىشىكمۇ-ئىشىك يۈرىدىـغان تىلەمچى.
قاراچى[2] ل. پۇقرا، ئاددى خەلق.
قارا خىيال قە. يامان نىيەت، بۇزۇق خىيال.
قارا سانىماق خىيانەت قىلماق.
قاراسۇ غ. سازلىق سۈيى؛ بۇلاق سۈيى.
قاراسگەك ل. چىۋىن.
قارا غازاڭ ئا. ئورۇكـنىڭ بىر تۈرى.
قارىغان تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى.
قاراق ل. كۆز قارىچۇغى.
قارا قاراق ل. كۆزقارىشى.
قارا-گۆجۈر قۇ. تەۋەككۈل، قارام، قارىسىغا.
قارا يىتىم قە. ھېچنىمىسى يوق، تۇغۇلۇپلا يىتىم قالغان.
قارتا ئاتنىڭ توغرا ئۈچىيى (كۆتەن بېشى).
قارساق قۇ. تۈلـكە جىنسىغا كىرىــدىغان بىر خــىل ھايۋان ("قارا تۈلكە"مۇ دېيىلىدۇ).
قارغۇ ياپلاق قۇ. شەپەرەڭ، نامازشام قارغۇسى (بەزى جاي-لاردا بۇ سۆز "ھۇۋقۇش" مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ).

قارو قۇ. قارغۇ، كور.

قارىشقۇ ل. بۆرە، قاشقىر. م: ئارىسالدا ئىشەككى قارىشقۇ يەپتۇ (ماقال).

قارىقاش قە. قوغۇننىڭ بىر تۈرى.

قارىمۇق[1] قە. ئاق قوناققا چۈشىدىغان قارا كۈيە.

قارىمۇق[2] بۇغدايىنىڭ ئارىسىدا ئۆسىدىغان ئۇرۇغى قارا ئۆسۈملۈك. بۇغدايىنىڭ بانىسىدا قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ (ماقال).

قازاق پېشىن غ. كەچ پېشىن.

قاسماق يوغان-يوغان چىشلەپ يىمەك. م: ئىتلار سامسىنى ئىككى قاساپلا يۇتۇۋەتتى؛ ئۇ قولىدىكى ناننىڭ يېرىمىنى ئىككى قاساپلا يەۋەتتى.

قاشاڭ خ. يۈزى قېلىن.

قاش-قاپىغىغا قارىماق تەلمۈرۈشنى بىلدۈرىدۇ.

قاشقا دەسسىمەك قە. ئىشنى ئوڭمىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

قاشقانچۇق غ. باللار ئوينايدىغان پوكزەك ئويۇننىڭ بىر تۈرى.

قاشقىنا قۇ. "قاش، يان" سۆزىنىڭ كىچىكلىتىپ ئېيتىلىشى. (قاشغىنەمۇ دېيىلىدۇ). قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

تاشلاپ كەتسەڭ كەتكىنىڭنى،
ئۇنۇتمىغايمەن.
ئەمدى كەلسەڭ قاشقىنامغا،
يولاتمىغايمەن.

قاشلىق سۇرمە.

قاشلىق ئوت ئوتلاق، ئېتىز قاتارلىق نەم يەرلەردە ئۆسىدىغان

بىر خىل ئوت.

قاشلىماق قە. قىر سالماق، قاش سالـماق. قوشاقتا مۇنـداق كەلگەن:

ئېرىقىڭغا سۇ كەلدى،
چۆرىسىنى قاشلىۋەت.
يېڭى يارىڭ مەن بولاي،
كونىسىنى تاشلىۋەت.

قاغدالما غ. جىق ئىش كۆرۈپ تەجرىبىلىك بولۇپ كەتكەن كىشى (سەلبىي مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ، "قاغجالما"مۇ دېيىلىدۇ).

قاق قۇ. تاغلاردا چوڭ تاشلارنىڭ ئويۇلۇپ كۆلچەك بولۇپ قالغان يېرى.

قاقرام قە. قېقىر، تېتىر. م: ئاپپاق قاقرام شورلۇق ئېـتىزلار.

قاقما ل. مىتىن (تاش چوقۇيدىغان ئەسۋاپ).

قاقلاق قە. ئالدىراشچىلىق، بېسىقچىلىق، تېنەشچىلىك.

قاقلاي-سوقلاي خ. قېـقىـلىـپ-سوقۇلۇپ. م: ئۇ بالا ئاتا-ئانـىسىدىن كىچىك قېلىپ، قاقلاي-سوقـلاي كۈن كەچۈردى.

قاڭتايماق قە. كەينىگە يۆلۈنـۈپ ياتماق. م: ئۇ پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىگە قاڭتايغىنىچە تورۇسقا تىكىلىپ، ھە دەپ تاماكا چېكەتتى.

قاڭدىماق خاڭدىماق، چىڭـدىـماق. م: ئۇ ئىلاجىسىز كوچا قاڭداپ تۇننى تاڭغا ئۇلىدى.

قاڭغۇر قو. قۇڭغۇراق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

زەم بىلەن زەنجىرسى ئالتۇن بىلەن پەنجىرسى،
جىڭغىراپ ئۇن كېلىدۇ قىز بېشىدا قاڭغۇرسى.
قاڭغۇرۇقنى ماڭا بەر قەلەم قىلاي، ئەلەم قىلاي،
قايسى قىزنى ئالسىڭىز شۇڭا بېرىپ سالام قىلاي.

قاڭقىرا سۇلۇق، سازلىق جايلاردا ياشايدىغان، ئۇزۇن تۇمشۇق، ئۇزۇن پاچاق قۇش.

قاڭقىرىماق قۇ. تېنىمەك، سەرسان بولماق (بەزى جايلاردا "قاڭغىرىماق" دېيىلىدۇ).

قاڭقىغاق ئا. پۇرژىنا.

قالاق قۇ. ياغاچ قوشۇق؛ هور چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قازاننىڭ چۆرىسىگە قويۇلىدىغان چەمبەر.

قالغايتا قۇ. چاققاق ئوت.

قالقا سايە، كۆلەڭگە.

قالقان ت. مۇداپىئە ئۈچۈن قورغان تامنىڭ ئۈستىگە ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە تىزىلغان كېسەك قۇرۇلما.

قالۋاق ئا. قالپاق.

قالىق ئا. چەللە، لاپاس.

قان چىچىشماق قاتتىق ئۇرۇشقانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

قاندىماق قۇ. قانغا بويىماق، قانلىماق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئۇرۇمچىنىڭ چېرىگى،
ئاتلىرىنى يالدايدۇ.
تۆمۈرنى ئۆلتۈرۈپ،
نەيزىسىنى قاندايدۇ.

قاۋاش قاماش، قاپساش. م: توخۇنى ئۆيگە قاۋاش، ئىتنى ئۆيگە قاۋاش.

قاۋاماش قۇ. ياغ چېكىلگەن كاكچا (نان).

قاۋۇشماق ل. جەم بولماق، بىر يەرگە يىغىلماق، م: بىز ئاتا-بالا، ئۇرۇق-تۇققانلار قاچانمۇ قاۋۇشارمىز؟

قايچا خ. جۇۋازنىڭ كالا سۆرەيدىغان ئاچا ياغىچى.

قايراق كىچىك تاغ، ئېدىر؛ بىلەي.

قايرىماق غ. بىلىمەك، ئارقىسىغا ياندۇرماق. م: پىچاقنى قايرىماق، قوينى قايرىماق.

قەددى گۇۋا غ. قېرىپ ھالىدىن كەتمەك. م: قەددى گۇۋا بولۇپ قالدى ــ قېرىپ تېنىلا قالدى.

قەستە قىلماق قۇ. ئەمەل قىلماق، ۋاپا قىلماق، گېپىدە تۇرماق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

قارا ئۆينىڭ مۆگگۈزىنى
غىرجىڭگە دەستە قىل،
ئەر بولساڭ بىلگىنى باغلاپ،
دىگەن گېپىڭگە قەستە قىل.

قەل-قامشىق قۇ. قاملاشقان. م: قەل-قامشىغى يوق ئادەم ــ قاملاشمىغان ئادەم.

قەللاپ خ. ئالدامچى.

قەلىي قۇ. سەي (قورۇلغان سەي).

قەن خ. قاسساپلارنىڭ گۆش ئاسىدىغان ئىلگۈچى.

قوپارغا پىشاڭ (تۆگمەن تېشىنى قوپۇرىدىغان كالتەك). م: تۈز غا كۆنگەن ئىت قوپارغا ئاستىدا ئۆلەر (ماقال).

قوپقا - موپقا قۇ. قوپال، يىرىك، توك.

قوتايماق ت. دۇغدايماق، تۈگۈلمەك، دولىسىنى قورۇۋال-ماق. كۆچمە: ئېغىر كۆرمەك، قىممەت كۆرمەك. م: ماۋۇ ئېشەك يۈكنى كۆتىرەلمەي قوتىيىۋالدى؛ ماۋۇ چاپاننى 30 كويغا ئال دىسەم، سەل قوتىيىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

قورتماق قۇ. لاي سۇ ياكى قويۇلۇپ كەتكەن سۇيۇقلۇق.

قورمال قۇ. بەگلىكنىڭ ئورمان-زىرائەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغۇچى بەگ.

قورۇق قورۇق تام؛ جاڭزا ياكى بەگلەرنىڭ يېزا خوجىلىغى.

قورۇل مىلتىقنىڭ نىشانغا ئالىدىغان بەلگىسى؛ مۇداپىئە ئىستىھكامى، قەلئە.

قوزى چۆش غ. چۈشتىن ئىلگىرىكى يەنى چۈشكە يېقىن قالغان چاغ.

قوزى يۇلتۇز ھەمەل يۇلتۇز، 3-ئايدىن باشلاپ كۆرۈنىدىغان يۇلتۇز بولۇپ، بەزى جايلاردىكى ئۇيغۇر دىخانلىرى مۇشۇ يۇلتۇز كۆرۈنگەن مەۋسۇمنى يېڭى يىلنىڭ باشلىنىش ۋاقتى ھىساپلايدۇ (بۇ قەدىمى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ يىل ھىساپلاش ئۇسۇلىدىن قالغان ئادەت).

قوساق يېشى قە. يالغان ياش.

قوشاغ بىر بىرىگە چېتىپ باغلانغان باغلاق.

قوشاغدىماق قوزىلارنى ئاغامچا بىلەن بىر بىرىگە چېتىپ باغلىماق.

قوشام ئا. چىت، چىتلاق. م: قوغۇنلۇقتا يۇلغۇندىن قوشام تارتتۇق.

قوشام تام خ. يۇلغۇن بىلەن توقۇپ ياسالغان تام.
قوشقاۋاق قۇ. شاكىلىدىن ئاجرىتىلمىغان دان.
قوشلاش ئىككى ئېقىننىڭ قوشۇلىدىغان يېرى.
قوشلاق قە. قوش، جۈپ.
قوشماق جۈپ؛ قوشكىزەك؛ بىر خىل ئويۇننىڭ نامى.
قوشۇق سالماق قە. گەپ قىستۇرماق، لوقما سالماق.
قوشۇق نان ت. جەۋەندە (ئاق ئۇنـغا قوناق ئۇنى ئارىلاشـتۇرۇپ يېقىلغان نان).
قوشۇماچ ل. بوقۇسا، ساپان ("قوش"مۇ دېيىلىدۇ). م: قوش ھەيدىمەك ـــ ساپان بىلەن يەر ئاغدۇرماق.
قوغ قۇ. قوقاس (كىسۇل ئارىلاش ئۇششاق قوغ ئوت دېيىلىدۇ).
قوغاچ خ. ئۈستى ئوچۇق نو؛ تۈگمەننىڭ سۇ چۈشىدىغان نورى ("قوغاش"مۇ دېيىلىدۇ).
قوق قۇ. قۇۋۇق، ئىشىك، دەرۋازا.
قوقلاق غ. ئانىسىغا ئەگىشەلمەيدىغان كىچىك قوزا.
قوڭارماق قۇ. ئۆرۈك رەڭ تۈزمەك.
قوڭغاق قۇ. يېڭى تۇغۇلغان قوزىنىڭ مايىقى.
قول توپ قە. قول بىلەن ئېتىپ تورغا چۈشۈرۈپ ئوينايدىغان توپ.
قولتۇقماچ غ. ئىككى قولتۇقتىن ئۆتكۈزۈشكە لايىق قىلىپ باغلانغان باغلاق (كۆپىنچە يۇدۇلىدىغان ئوتۇن شۇنداق باغلىنىدۇ).
قولتۇقىدا ئىسسىنماق باشقىلارنىڭ ھىمايىسىدە جان باقماق.

AltunOq

قولتۇقىغا سۇ پۈركىمەك شىلىماق. "پۇتىغا ھۆل خىش قويماق" دىگەن بىرىكمىگە ئوخشاش.
قول سىلكىمەك ۋازكەچمەك؛ قول ئۈزمەك.
قوللاپ خ. گىرە، كىرەچە.
قوللانما غ. قولداما (تاماق).
قولۇشتۇق ل. مۇھەببەت، سۆيگۈ.
قولى ئەمگەكلىك قۇ. قولى ئەگرى — ئوغرى.
قولى شور قولىدىكى نەرسىنى ھەدىسە بۇزۇپ-چېقىپ قويىدىغان ئادەملەرنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان بىرىكمە.
قولى كۆكسىدە ئىتائەتمەن؛ "قارشى ئېلىش"، "ئالقىشلاش" مەنىلىرىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. م: بىز تەرەپكە بارسىڭىز، قولۇم كۆكسۈمدە.
قولى گۈل قە. قولىدا ھۈنىرى بار.
قولى گىرى غ. قولى گال.
قولى ئۈزۈك يوقسىزلىق، نامراتلىق.
قولىنى كۆسەي، چېچىنى سۈپۈرگە قىلماق بىر ئىشنى جاپادىن قورقماي، جانپىدالىق بىلەن ئىشلەشنى سۆپەتلەشتە قوللىنىلىدىغان بىرىكمە.
قول يۇماق قە. بىرەر ئىش-ھەركەت ياكى ئادەمدىن ئالاقە ئۈزمەك.
قوناشماق قە. يۈرۈشمەك، ئەپلەشمەك، قولاشماق، ئوڭۇشلۇق بولماق. م: بۇلارنىڭ ئىشى قوناشماپتۇ؛ گەپكە گەپ قوناشمىدى؛ ئىشلىرىمىز ناھايىتى قونۇشۇپ كەتتى.
قوناق بەرمەسلىك غ. گەپنى سەۋرىچانلىق بىلەن ئاڭلى-

ماسلىق. م: ياندىكى ئۆيدە ئىككى ئايال بىر بىرىنىڭ گېپىگە قوناق بەرمەي، غەزەپ بىلەن ۋاقىراشماقتا ئىدى.
قونداق[1] مىلتىقنىڭ دەستى (ياغاچ قىسمى).
قونداق[2] توخۇ، كەپتەرگە ئوخشاش قۇشلار قونىدىغان بالداق.
قوناق قىلماق غ. مېھمان قىلماق، كۈتمەك، قوندۇرماق.
قونچا قە. خۇنچە، تەخسە. م: قونچىلاپ چاي تۇتتى — چىنىنى تەخسە ئۈستىگە قويۇپ چاي تۇتتى.
قوۋۇشماق قۇ. يېپىشماق، جۈپلەشمەك، جەم بولماق.
قوۋۇق خ. مالنىڭ دوۋۇسونى.
قوۋۇقچى ت. ئىشىكباقار، دەرۋازىۋەن.
قوۋۇل قە. قەرز، بېرىم. م: قەرز-قوۋۇللىرىنى تۆگەتتى.
قوي-كىشە خ. قوي-پوي.
قويۇش بەرمەسلىك قۇ. ساقايماسلىق، ئوڭلانماسلىق. م: كېسىلىم ھېچ قويۇش بەرمەيۋاتىدۇ.
قويۇغاش پولو.
قۇتاتماق بەركەت بەرمەك، ئەسقاتماق، پايدا بەرمەك، ئۈنۈم بەرمەك، كارغا كەلمەك.
قۇچماق قۇ. ئېرىشمەك، ئالماق، ئىگە بولماق، قولغا چۈشۈرمەك.
قۇدۇغۇي قۇ. قۇدا، قۇداغۇي.
قۇرا ت. يۇڭ ياكى پاختا يىپتا توقۇلغان ياپىلاق ئاغامچا.
قۇراق قە. قۇراشتۇرۇلغان. م: قۇراق چاپان، قۇراق كۆرپە.
قۇراللىق قۇ. مەرگەن.

قورام قە. يوغان تاش (قۇرام تاش).
قۇرامساق قە. ئاتا-بوۋىسىدىن قېپقالـغان كونا نەرسلەر. م: ئۇنىڭ ئاتىسىدىن قالغان قۇرامساقلىرى كۆپ.
قۇرتقا ل. ئانىسىنىڭ ئانىسى، مومـىسى. م: چىمەن قۇرتقا، ئايشە قۇرتقا.
قۇرما ئا. چوگراق، ئۆي شەكلىدىكى كەپە.
قۇرماتام ئۈستىگە لاي سۇۋالغان قاشاتام.
قۇرۇت-قۇمۇرلۇق قۇ. قۇرۇت-قوڭغۇز، قۇرۇت-قۇمۇرسقا.
قۇرۇقشمال كۇ. دەرەخنىڭ چالا قۇرۇپ قېلىـشى.
قۇرۇق هارۋىنى ئەپقاچىدىغان قە. قۇرۇق پـو ئاتـماق، ئاغزىدا شەهەر ئالماق.
قۇز[1] قە. قۇزغۇن، يىرتقۇچ. م: سىيخـىنىڭ بېغىغا قۇز كەلـمەس (ماقال).
قۇز[2] خ. تەسكەي.
قۇشلىماق ت. قۇشنىڭ بېشىـنى سـلاپ كۆنـدۇرۇۋالـماق. كۆچمە: بېشىنى سىلىماق، ياخشـلىق قىلـماق، خەيرىخالىق قىلماق، ئەكىلەتـمەك، بەزلـمەك. م: ئالـدىـدا قۇشـلاپ، كەينىدە مۇشتلايدۇ — ئالدىدا ماختاپ، كەيـنـدە تىلـلايدۇ (تەمسىل)؛ پاتەمخان ئەتىدىن كەچكىچە بالىسىنى قۇشـلاپ ئولتۇرىدۇ.
قۇلاق غ. سۇ ئۆلچىمى (كـىچىك بىر ئېرىق سۇ ”بىر قۇلاق سۇ“ دېيىلىدۇ).
قۇلاق قاقماق غ. ئاڭلىماق. م: ئۇ سۆزۈمگە قۇلاق قاقمىدى.
قۇلاق قېقىشماق ئۆزئارا ئۇقۇشۇۋالماق.

قۇلاقنىڭ تۈپىسىنى قېقىۋەتمەك سەگەك بولماق، ھوشيار بولماق.
قۇلاقۋاغ ھارۋىنىڭ قۇلىغىنى بويۇنتۇرۇققا چاتىدىغان تاسما باغ.
قۇلاي ل. يىڭناغۇچ.
قۇلىغى تۆشۈك قۇلىغى ئۇزۇن، ھەممىدىن خەۋەردار ئادەملەرنى سۈپەتلەشتە قوللىنىلىدىغان بىرىكمە.
قۇلماق پىۋا ئىشلەشكە ئىشلىتىلىدىغان ئۆسۈملۈك ۋە ئۇنىڭ مېۋىسى (پىجۇخۇا).
قۇما قە. كەپتەرخانا، كەپتەر ياتىغى (بۇ سۆز خوتەندە كەپتەر، توخۇ قاتارلىقلارنى سولاش ئۈچۈن تالدىن ياكى ياغاچتىن ئاراچ-ئاراچ قىلىپ ياسالغان يازلىق كاتەكنى بىلدۈرىدۇ).
قۇماق تازىنىڭ يارىسى ئۈستىدىكى ئاپپاق نەرسە، باش كېپىكى.
قۇمباش قۇ. گەپدان، گېپى تولا.
قۇمتېلى قۇ. "قۇمباش"قا ئوخشاش.
قۇمچاق خ. پاقا.
قۇمچاقيۇتقمىنى خ. پاقىيوپۇرمىغى.
قۇمچۆچەك قۇ. گېپى تولا، گەپدان.
قۇمدىن يىپ ئەشمەك خام خىيال قىلىشنى، ھىلە-مىكىر ئىشلىتىشنى تەسۋىرلەشتە قوللىنىلىدىغان بىرىكمە.
قۇمساق ئا. قۇم ئارىلاش. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

قۇمساق يەرگە تاۋۇز تېرىدىم،
پىلەكلىرى تۈز.

سويملىرى پىشىپ قېپتۇ،
يارىم كېلىپ ئۈز.

قۇمسالىڭ ”قۇمساق“قا ئوخشاش.

قۇمقازى غ. گېپى چۇۋالچاق، گېپى تولا.

قۇمۇلاڭ خ. قۇملۇق، قۇمسال يەر.

قۇنت غ. ئەستايىدىل، ئىنچىكىلەپ. م: قۇنتلاپ ئىشلىدى — ئىنچىكىلەپ ئىشلىدى.

قۇندۇزوت بىر خىل ئوت.

قۇۋ[1] ت. قۇرۇپ چېكىگە يەتمەك. م: قۇرۇپ قۇۋ بولماق.

قۇۋ[2] قە. ياپىلاق قىلىپ توقۇلغان ئىشتانباغ.

قۇۋانماق شاتلانماق، خوشال بولماق.

قۇۋۇرماق قۇ. بىلمەك، سۈركىمەك، غىردىماق. م: پىچاقنى قۇۋۇرۇش — پىچاقنى ئىتتىكلىتىش ئۈچۈن، ساپال-قاچىنىڭ تۈۋىگە غىرداش، سۈركەش، بىلەش.

قۇيرۇق چۆرىگۈچ كىشىنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغۇچى.

قۇيرۇق سېلىپ يۈرمەك ئىشنى چالا قىلىدىغان ئادەملەرنى سۆپەتلەشتە قوللىنىدىغان بىرىكمە. م: سىلىنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئايىغى قاچان ئۈزۈلگەن، ھەر كۈنى قۇيرۇق سېلىپ يۈرگەنلىرى يۈرگەن.

قۇيقۇلاش قۇ. ئۆكلەش.

قۇيماق[1] قە. بۇ سۆز قۇمۇلدا چەلپەك، تۇرپاندا پۆشكەل دەپ قوللىنىلىدۇ.

قۇيماق[2] خ. تۇخۇم تۇغماق. م: چارمېكىيان بىرنى قۇيدى.

قۇيمۇچ قۇ. ساغرا، كاسا (”قۇيمۇش“مۇ دېيىلىدۇ).

Altun Oq

قۇيمۇچۇق قۇ. تۇغۇر ("قۇيمىچاق"مۇ دېيىلىدۇ).
قۇيۇت ئۇغۇت.
قۇيۇچ قە. پولات، گالىڭ؛ كۆچمە: قۇۋۋەت. م: ئاتىلارغا بوغۇز بېرىپ پۇتلىرىغا قۇيۇچ باغلايلى.
قىيىشماق قۇ. تۇتاشماق (ئوت تۇتاشماق). م: ئوتۇن ھۆل ئىكەن، ھېچ قىيىشمايۋاتىدۇ.
قېتمقى ئۇيۇماسلىق كۆڭلى قانائەت تاپماسلىق، ئېمىن تاپماسلىق.
قېرىسال خ. قېرى-چۆرى، قېرىپ كۈچىدىن قالغان كىشى.
قېرىم خەندەك، ئاكوپ، ئورەك. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

كۆتەل بېشى تەيشىگدە،
تەسكەن ئوتۇن چاپتۇق بىز.
قېرىم بىلەن شەھەر سوقۇپ،
ئوتتۇرىسىدا ياتتۇق بىز.

(بۇ سۆز خوتەندە "قېيىم"، كۇچادا "قېزىم" دېيىلىدۇ).
قېسىرماق قۇ. قاسراق، قوۋزاق، پوست، شۇپەك.
قېقىندى چەتكە قېقىلغان، تاشلانغان، تاشلاندۇق، داشقال. م: جاھان قېقىندىلىرى — جەمىيەت داشقاللىرى.
قېيغاچ قۇ. قارا ياغاچ، قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

قېيغاچ يوپۇرماغى،
قاتمۇ - قات بولارىكەن،
خەقنىڭ يۇرتىغا بارسا،
مۇساپىر بولارىكەن.

قىتراتماق قىمىرلاتماق، مىدىراتماق. م: ئىگىگىنى قىترىتىپ

جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى.
قىتلانىماق ئا. ئۈگەنمەك، كۆنمەك، ئادەتلەنمەك. م: قىتلانـ
مىغان پىچاق ــ تېخى ئىشلىتىلمىگەن پىچاق.
قىپچا قۇ. گۈل بەرگى. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئىگىز تاغنىڭ بېشىدىن
سىيرىلدىم تۈزگە،
قىزىل گۈلنىڭ قىپچىسىدەك
ئېگىلدىم سىزگە.

قىچا چىچىلىپ كەتمەك ئۇرۇش ـ جېدەلنىڭ كۆپىيىپ كەتـ
كەنلىكىنى، ئاداۋەتنىڭ كۈچىيىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.
قىدام كەكە چولـدۇسى يوق كەكە. ئاز قىزغا ئەر تاپماق ــ
قىدام كەكىگە ساپ تاپماق (ماقال).
قىرتۇ قۇ. ئورۇق، ئاۋاق.
قىرتىش قۇ. يۈز ـ چىراي.
قىرتىشلىماق قۇ. غىردىماق. چاچنى ئۇستۇرا بىلەن بىر قېتىم
چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر قىرىش.
قىرچاڭغۇ جىق ئىشلەتكەنلىكتىن ئورۇقلاپ كەتكەن، قىرچەـ
لىپ كەتكەن، قاشاڭ. م: قىرچاڭغۇ ئېشەك.
قىرچىلما قۇ. "قىرچاڭغۇ"غا ئوخشاش.
قىرچىلماق "قىرچىلما"نىڭ مەستەر شەكلى.
قىرغىن قۇ. دىدەك، تېجىمەل، كۆك، قۇل.
قىرقىچاچ قۇ. بالىنىڭ قوساقتىكى چېچى.
قىر ـ قىر قۇ. كـۆپ، تولا، مىغ ـ مىغ. م: بازاردا قىر ـ قىـر
ئادەم، قىر ـ قىر مال.

قىرلىق قۇ. گەۋدىلىك، بويلۇق، بەستلىك.
قىرماق قۇ. قازان تۇۋى، قازاننىڭ تېگىگە چاپلىشىپ قالغان تاماق يۇقۇندىسى (بەزى جايلاردا "قىسماق"مۇ دېيىلىدۇ).
قىرنداق ت. "قىرماق"قا ئوخشاش.
قىرمىزاق قۇ. تەكچە.
قىرىچە بولۇپ يۇرمەك قېيىداپ يۇرمەك، تەتۈر قاراپ يۇرمەك، ماي تارتىپ يۇرمەك.
قىرىچە تەگمەك قاتتىق تەگمەك. م: ئۇنى ئىزدەپ كەلگۈچىلەرگە قىرىچە تەككەنلىكى... ("قىرىچە-يېنىچە تەگمەك"مۇ دېيىلىدۇ).
قىرىق سۇيى قە. بوۋاق بالىنى قىرىق كۈن بولغاندا يۇيىدىغان سۇ.
قىرىم يەرلىك ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن خۇرۇم.
قىر يېغى قۇ. چوڭ غەۋغا، قاتتىق ئۇرۇش.
قىز كۆرۈش قە. توي پۈتۈشكەندىن كېيىن، توي بولۇشتىن ئىلگىرى قىزنى كۆرۈش نامىدا قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە يىگىت تەرەپتىن بىرمۇنچە كىشى بېرىپ بىر كۈن مېھمان بولۇپ كېلىش (شۇ كۈنى قىز كۆرۈنۈش بېرىدۇ).
قىزىل غ. چەشلەنگەن بۇغداي.
قىزىلاك ئا. ئۆرۈكنىڭ بىر تۈرى.
قىزىل بىجەش بىر خىل كۆكتات.
قىزىل قۇلاق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، يول بويلىرى، ئېتىزلىقلاردا ئۆسىدۇ ("شوخىلەك"مۇ دېيىلىدۇ).
قىزىل كۇس قە. ئەتىياز پەسلىدىكى مەۋسۇملارنىڭ بىرى

بولۇپ، يېڭىچە 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ ، 21 ـ كۈنلىرىدىن باشلىنىدۇ. بۇ مەۋسۇم "چوكانتال" مەۋسۇمىدىن كېيىن كېلىدۇ، يەنى ئەنئىياز پەسلىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مەۋسۇم ھېساپلىنىدۇ.

قىزىلمۇچلۇق قە. ئۈششۈقلۇق، مۇتىھەملىك.

قىز مېلى غ. تويلۇق.

قىسالڭ ت. جىلغىنىڭ تار يېرى.

قىسرەمدى غ. قىسىر كالىنىڭ موزىيى، قىسرەمدى، موزاي (بۇ سۆزنىڭ ئەسلى "قىسىر ئەمدى—قىسىر ئەمگەن موزاي").

قىسماق ئا. قۇشقاچ تۇتىدىغان توزاق.

قىسىل ئا. بوغاز (جۇغراپىيىلىك يەر تۈزۈلۈشى).

قىسىم قە. زۇلۇم، سىقىق، سىقىن.

قىسىناق "قىسماق" پېشلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى. م: بالىلىرىمغا قىسىنىپ بۇ تاماق گېلىمدىن ئۆتمىدى.

قىش-قۇرۇن قە. قىش ۋاقتى. م: قىش ـ قۇرۇندا توقاينىڭ جاڭگىلىدىن ئوتۇن ئەكەلمەك ئاسان ئىش ئەمەس (بەزى جايلاردا "قىش ـ قۇرۇ" مۇ دېيىلىدۇ).

قىشقىل غ. كىسلاتا. م: قىشقىللاش ـ كىسلاتالاشتۇرۇش.

قىغ-قات كۇ. قىغ ـ پېغ، قىغ. م: پاخالىغا قىغ ـ قات ئارىلاشتۇرۇپ ئوغۇت ياساش.

قىقۇ-ماچۇ قۇ. ئولاش ـ چولاش.

قىقراپ كۆلمەك قە. ماختانچاقلىق بىلەن كۆلمەك.

قىلچاق ئا. بوقۇسىنىڭ ئاستى ياغىچى بىلەن ئۈستى ياغىچىنى چېتىپ تۇرىدىغان ياغاچ.

قىلچىق قىلدىن ئىنچىكە، تىۋىتتىن تومىراق كېلىدىغان

تۆك.

قىمدىماق ت. باستۇرماق، باستۇرۇپ قويماق، ئىچكە پۆكۈپ قويماق. م: يوتقانىنىڭ چۆرىسىدىن سوغاق كىرىۋاتىدۇ، قىمداپ قويغىنە ــ باستۇرۇپ قويغىنە.

قىناق غ. قىناشتىن ھاسىل بولغان ئىز، يول.

قىنىماق غ. سۇنى جىراپ بىر ئىزغا چۈشۈرۈپ قويماق. م: ئۆتنى پۈلسە، تۈتىشىدۇ، سۇنى قىنىسا ماڭىدۇ (ماقال).

قىياق قۇ. قىيا، قىيپاش. م: ئىشىك قىياق ئوچۇق تۇرۇپتۇ.

قىياق-ئىجرىق قۇ. ئوت-چۆپ.

قىيمقلىق ئەگرىلىك؛ تەرسالىق. م: قىيىق ئادەم ــ تەرسا ئادەم.

AltunOq

ك

كا پادىشا ياساۋۇلى، قوغدىغۇچى، قورۇقچى. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئىستلىرىڭنى دوغا ياراتتىڭ،
مۇشۇكلىرىڭنى كا.
ئىشىگىڭدىن ئالدى چۇجىنى،
قانتى يوق سا.

كاپكاپ خ. مامكاپ.
كاتۇ خ. ساندۇقلۇق كارۋات ("كات" مۇ دىيىلىدۇ). قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئۆستەڭ بويىدا كاتو،
زەينەپخان دۇتا چاتو.
زەينەپخان دۇتا چاسا،
ئەلنىڭ ئاغزى هاڭ قاتو.

كاج تالاشماق قە. كاجلىق بىلەن تالاشماق. م: ئارتۇقچە كاج تالىشىپ ئولتۇرماي، ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى.
كاجۇۋا[1] قە. سۆكەن — ئارتما سۆەت (توكاڭ).
كاجۇۋا[2] خ. ئاشلىق ساقلايدىغان ئۈستى ئوچۇق ساندۇق.
كاچكۆل قە. قىش ۋاقىتلىرى مۇزلىغان كۆل ۋە دەريالار-

دىن سۇ ئېلىش ۋە بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن ئېچىلغان تۆشۈك.

كاداك قۇ. ھارۋا ئىزى (باشقا جايلاردا "كاتاك" دېيىلىدۇ).

كار خ. ئىش. كارغا چىقماق — ئىشقا چىقماق.

كارسان قۇ. كارساك، ياغاچتىن ئىشلەنگەن چوڭ تاۋاق (قۇمۇلدا ساپالدىن ئىشلەنگىنى "كارسان" دېيىلىدۇ).

كارگەر ئىشچى، تېخنىك، ھۈنەرۋەن.

كاساك قوراي غ. كاسىنى ئۆسۈملۈكى. م: سېنىڭ پاسىلىڭ ئاۋۇ كاساك قورايىنىڭ ئۈتتۇرى، مۇنۇ ئارىلىقمۇ مېنىڭ!

كاسكا كاسكاس، تولا گەپ قىلىدىغان ئادەم.

كاسۋال ئېكەك (قۇمۇلدا "كارىمگال" دېيىلىدۇ).

كاشا غ. قۇرا، يۇڭدىن ئىشلەنگەن ياپلاق ئاغامچا.

كاككۇك سايرىدى خ. ياز پەسلىدىكى مەۋسۇملارنىڭ بىرى بولۇپ، يېڭىچە 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلىنىدۇ.

كاكىلىماق قە. توخۇم تۇغماق (توخۇنىڭ تۇغۇشىغا قارىتىلىدۇ). م: توخۇ كاكىلىدى — توخۇ تۇغدى. كۆچمە: قۇچىقىغا ئالماق. م: زەينەپخان كەچكىچە بالىسىنى كاكىلاپ ئولتۇرىدۇ.

كاڭكا[1] خ. چوڭ سېۋەت.

كاڭكا[2] ت. كاللەك، مونەك. م: لەغمەن كاڭكا بولۇپ قېپتۇ.

كاڭكىلىماش ت. مونەك، كاڭكا. م: پولو كاڭكىلىماش بولۇپ قېپتۇ.

كالا ـ كۆتە قە. مۇجمەل، تۇتۇق.

كالاك غ. ئەگرى، قىڭغىر ـ سىڭغىر، ئېگىلىپ كەتكەن، ماي-

ماق. م: ھارۋىنىڭ چاقى كالاڭ بولۇپ قېپتۇ.
كالان خ. چوڭ، كاتتا.
كالتساق قە. قىسقا قونچىلىق ئاياق. م: پۇتىدىكى كالتىساقنىڭ سىرتىغا لاي چاپلىشىپ، ئىچىگە سۇ تولۇپ قالغان ئىدى.
كالچاڭ چوڭ، يوغان، كېلەڭسىز. م: كالچاڭ ئېغىز ـــ يوغان ئېغىز؛ كالچايماق ئاغزىنى يوغان ئاچماق؛ كالچىيىپ ئولتۇرماق ـــ كېرىلىپ كېلەڭسىز ئولتۇرماق.
كاللىپەز زاسۇيپەز.
كاللىگىر ئا. پاشنا. م: ئۆتۈكۈمنىڭ كاللىگىرى چۈشۈپ قالدى.
كاللىماشاڭ ئېلىشىپ كەتكەن، قالايمىقان، ئىگىز-پەس، ئوڭغۇل-دوڭغۇل.
كالۇ خ. تۇگمەننىڭ چاقپىلىكى تۇرىدىغان جاي (باشقا جايلاردا "كويلا" دېيىلىدۇ).
كالۇ بېشى خ. تۇگمەننىڭ نورىغا سۇ چۈشىدىغان جاي.
كامال خ. گىلەمنىڭ ئۆرۈشلىرىنى يۆرۈشتۈرىدىغان كالتەك.
كانار خ. گىلەمنىڭ چۆرىسىدىكى پارالىلىل سىزىقلارنىڭ ئارىسى.
كانتۇ قۇ. ئوغرى. م: كانتۇ مۈشۈك.
كانجا قە. توڭ سۇ. م: كانجىلىماق ـــ ئېتىزغا توڭ ياتقۇزماق.
كاندىك قە. پارچە، بۆلەك، كىچىك ئېتىز. م: بىر كاندىك يەر ـــ بىر ئېتىز يەر.

گان ئوچاق خ. تاماقنى پىشۇرۇپ بولۇپ نان ياقىدىغان ئوچاق.
كانىينى كەرمەك غ. ۋاقىراپ-جاقىراپ سۆزلىمەك.
كاھ قۇ. ئاتنى كەينىگە شوخشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىملىق سۆز (بەزى جايلاردا "ساھ" دېيىلىدۇ).
كەپ[1] قۇ. قېلىپ (كېسەك قېلىپى)؛ يەڭلىك (نان ياقىدا قولغا سالىدىغان).
كەپ[2] ل. تور توقۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ ئەسۋاپ.
كەپە قۇرغاق، تاشلىق يەرلەردە پىلەك تارتىپ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك ("كەبىر"، "بۆرە سويىمىسى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ).
كەپىش ئا. خام كېسەك.
كەتىل قە. دۇمبىگە ئارتىپ نەرسە توشۇيدىغان سايمان. م. دۇمبىلىرىگە كەتىل بىلەن يوغان تاش تۈز ئارتىلغان.
كەتمەك قە. بوۋاقلارنىڭ چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ مېڭىشى. م: رەنا قىز چوڭ-چوڭ كەتەيدىغان بولۇپ قېپتۇ.
كەتمۋال قە. يىتىم ئاقساقال ("كېتمۋال" مۇ دېيىلىدۇ).
كەچتە-پاتتا قە. كەچتە، كەچ ئەتراپىدا، كەچقۇرۇن.
كەرگە قۇ. كىگىز ئۆينىڭ ياغاچ شادىلىق تېمى.
كەك قۇ. ئۆچ، ئىنتىقام، ئاداۋەت، تەنە. م: يامان خوتۇن ئوسەكچىل كېلىدۇ، يىتىم بالا كەكچىل (ماقال).
كەڭكى قۇ. دانلىق زىرائەتلەرنىڭ چارىدىن كېيىنكى قالدۇق قىسمى.
كەلپىغۇن قۇ. "كەپە" گە ئوخشاش.
كەلگىندى قو. كەلگۈچى.

كەمچەك ل. كەمچەن ئۆلچەم، سۇيۇقلۇق ئۆلچىگۈچ.
كەمشۈك ئاغزى مايماق، مايماق ئېغىز: چىشسىز بولغانلىقتىن، كالپۇكلىرى ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ھالەت.
كەنە خ. گىلەم دۇكىنىنىڭ ئۇستى تەرىپىدىكى ياغاچ.
كەيلۇك قۇ. كالا بىلەن قوناقنىڭ چېتىلىشىدىن تۇغۇلغان بىرىنچى ئەۋلات بودا.
كوتىرناق قە. بىر قېتىم چىقىپ كېتىپ قايتىدىن ئۆسكەن تىرناق.
كوچا قە. بۇغداي ياكى قوناق يارمىسىدىن تەييارلانغان سۇيۇق تاماق (بەزى جايلاردا "كۆچە"دېيىلىدۇ)
كودەي ل. قومۇش.
كوراچ نان قە. تاشتەك قېتىپ كەتكەن نان (قۇرۇپ تاراقشىپ كەتكەن جۇۋىمۇ كوراچ جۇۋا دېيىلىدۇ).
كوسا قە. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پۇتاق، يوپۇرماق ياكى چېچەك چىقىرىدىغان تۈگۈرچەك يېرى، بىخ.
كوساتماق قە. تۇغماق، بوشانماق.
كۆكۈر ت. سۇدان، سۇ قاچىسى.
كوكۇنە تىرناق گۆشلىرىنىڭ يېرىلىشى.
كوكۇنچىلىق غ. ئۇششاق-چۈششەك خىزمەت؛ ئاۋارىچىلىق.
م: بەش بالىنىڭ كوكۇنچىلىقى بىلەن ئۆتۈۋاتىمىز.
كوكىرام غ. سۇنىڭ ئېگىزلىكتىن چۈشىدىغان جايى.
كوككالاك قۇ. "كاككا" غا ئوخشاش.
كولدۇر غ. پەرق ئېتىش ئىقتىدارى كەم بولغان، ئويلىماي ئىش قىلىدىغان ئادەم.

Altun0q

كولما ياغاق خ. پوستى قېلىن، مېغىزىنى پىچاقتا كولاپ ئالىدىغان ياغاق.
كوۋا قە. موزدوزىنىڭ چەم — كۆنلەرنى سوقۇپ تۈزلەيدىغان، چىڭىتىدىغان ئەسۋاۋى. كوۋا بۇرۇن — بۇرنى كوۋىغا ئوخشايدىغان ئادەم. م: قاتارنىڭ ئالدىدا كوۋا بۇرۇن، كالاكۆز، قارا ساقال، يوغان قورساق بىرسى ئاتلىق مۈكچىدەپ كېتىپ باراتتى.
كويلا قە. "كالو" غا قاراڭ.
كۇتكويلۇق قە. سۇرۇشتە قىلماق، كوچىلىماق. م: بۇ ئىش كىشىلەردە ئېنىق گۇمان پەيدا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئانچە كۇتكويلۇق قىلىشمىدى.
كۇتلا غ. نەق، دەل. م: كۇتمۇ-كۇت — ئوپ-ئوخشاش.
كۇررەك قە. كۆكتۆش، يالاڭتۆش.
كۇرسۇك ئىت، بۆرىلەرنىڭ كۆيلىگەن ھالىتى. م: كۇرسۇك ئىت، كۇرسۇككە كىرگەن ئىت، كۇرسىغان ئىت (بەزى جايلاردا "كۇسۇك" دېيىلىدۇ).
كۇسكا چاشقان ل. چاشقاننىڭ بىر خىلى.
كۇس-كۇس ئۇششاق سۆز، غەيۋەت-شىكايەت.
كۇكۇن نەۋرە خ. چەۋرىنىڭ بالىسى.
كۇڭ قۇ. دېدەك، تېجىمەل، قۇل ئايال.
كۇلاڭ ل. ئوچاقنىڭ كۇل چۈشىدىغان يېرى.
كۇلۇڭ "كۇلاڭ" غا ئوخشاش.
كۇنۇس خ. پىخسىق، بېخىل.
كۇۋۇك كەپتەر كاتىكى.

كۆپچمەك كۆپمەك، ئششماق، ئۆرلمەك. م: ئۆنىڭ يۈز ـ كۆزى كۆپچپ قېپتۇ؛ دەريانىڭ سۈيى خېلى كۆپچۈپتۇ.
كۆپسمەك قۇ. ئەزۋەيلمەك، ئەدەپ كەتمەك، سەكرەپ كەتمەك (خاپا بولۇپ).
كۆپۈك[I] قۇ. ئاچچىق، دەرت.
كۆپۈك ت. ماغزاپ.
كۆپۈنكى قۇ. كۆپتۈرمە، دۆڭگە، بۆرتمە. م: كۆپۈنكى ئەينەك.
كۆتەكباش قە. پۈچەك باشاق (بەزى جايلاردا "كۆلتۈكباش" دېيىلىدۇ).
كۆتەل قۇ. بەل (تاغنىڭ)، داۋان.
كۆتۈرۈم قۇ. قۇچاق، يۇدۇم. م: بىر كۆتۈرۈم ـــ بىر قۇچاق.
كۆتۈك قۇ. پادىچىلارغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققى.
كۆتۈەللك قۇ. قۇشقۇن.
كۆتىرەم ئورۇق، ئاجىز. م: كۆتىرەم بولۇپ قالماق ـــ ئورۇقلاپ ئاجىزلىشىپ كەتمەك، ئاتلار كۆتىرەم بولۇپ قېلىپ، تىرنىنمۇ تارتالمايدىغان بولۇپ قالدى.
كۆتىنىڭ پىرىسى تۇتماق رەنجىپ قېيىدىماق، تەتۈر قاراپ يۈرمەك.
كۆجۈن قە. ئاۋات، توپ، زىچ، قويۇق (بەزى جايلاردا "كۆجۈم" دېيىلىدۇ). م: كۆجۈن مەھەللە ـــ توپ، ئاۋات مەھەللە.
كۆچە قۇ. خوتۇن، رەپىقە. م: كۆچىلىرى ئامانمۇ ـــ رەپىقە-

لىرى ئامانمۇ؟

كۆچە قايىنماق قۇ. پاتىپاراق بولماق، قالايمقانلاشماق، پۇ-قۇرلاپ كەتمەك.

كۆچكۈن قاتتىق جىسىمنىڭ يېرىلىشى، پارچىلىنىشى. م: قار كۆچكۈنى، تاغ كۆچكۈنى.

كۆچۈرمە ئېرىق خ. يول ياكى جىلغىنىڭ ئۈستىدىن ئۆت-كۈزۈلىدىغان كۆتەرمە ئېرىق.

كۆچ يول غ. چارۋاماللارنى يايلاقتىن قىشلاققا ياكى قىشلاقتىن يايلاققا كۆچۈرۈلىدىغان يول (لىنىيە).

كۆرپىچەك خ. بالا كۆرپىسى، يۆگەك.

كۆرتە قۇ. كۈدە؛ سۇدان (باكالاشكا).

كۆركۈتمە ل. كوزا-كوزاڭ، كۆز-كۆز.

كۆرگە ل. چۆلدە ئۆسىدىغان يانتاقسىمان بىر خىل ئۆسۈم-لۈك.

كۆرۈشمەك قۇ. ئۇنىۋم بەرمەك، پايدا قىلماق. م: بۇ كېسەلگە ھىچقانداق دورا كۆرۈشمىدى (بەزى جايلاردا "كىرىشمەك" دېيىلىدۇ).

كۆزگۈنەك ل. كۆكىنەك (جاغالىۋاي تىپىدىكى بىر خىل قۇش).

كۆزىگە ئەلگەك كېيىۋالماق كۆزى ساق تۇرۇپ كۆرمەي قالغانلىقنى، تونۇماي قالغانلىقنى سۈپەتلەشتە قوللىنىلىدۇ.

كۆزىگە ماي تولماق ھاللىنىپ قالماق.

كۆسەك كۇ. كېۋەزنىڭ مايسا دەۋرىدىن كۆسەك تۇتۇش دەۋرىگىچە بولغان دەۋرى.

كۆشۈك كۈلادىن توقۇلغان تور قاپ (تاغار).
كۆشۈگە قۇ. پەردە، چىمىلدىق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

يىغلىماڭ قىز، يىغلىماڭ قىز،
تويۇڭىز بولدى.
ئالتۇن گۈللۈك كۆشۈگە،
ئۆيىڭىز بولدى.

كۆك[1] قۇ. كۆكتات؛ كۆكەمە، ئۆششۈق. م: كۆك چۆچۈرىسى؛ نىمىدىگەن كۆك بالا — نىمىدىگەن ئۆششۈق بالا.
كۆك[2] قۇ. قىشلىقى قاچىدا ئۆستۈرۈلگەن مايسا. م: كۆك مەشرىپى (بۇ مايسا بىيىت بىلەن بىراۋغا تۇتۇلسا، شۇ كىشى ئۇنى ئېلىپ مەشرەپ قىلىپ بېرىدۇ؛ ئۇ يەنە بىر كىشىگە تۇتىدۇ، شۇنداق قىلىپ بۇ مايسا ئەتىيازغىچە ئايلىنىدۇ. بىيىتتە مۇنداق كەلگەن:

گۈل ـ چېچەكلەرگە ئوراپ كۆكنى تۇتتۇم ئالسىلا،
دۇنيا دىگەن كارى چاغلىق يىراقىنە قويسىلا.

كۆك ئانا مومىسىنىڭ ئانىسى.
كۆكەر ل. سۇ قاچىسى، سۇدان (تۇرپاندا "كۆكۈر" دېيىلىدۇ).
كۆك ئەمەن يول بويلىرى ۋە ئېرىق بويلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت.
كۆك پىشت ئا. ئورۇكنىڭ بىر تۈرى.
كۆك تاشقا ھىنمەك مەقسەت ـ مۇرادىغا يەتمەك.
كۆكتالغۇ قە. توك ـ توك قۇش.
كۆكچى كۆكتات تېرىغۇچى دىخان.

كۆك چېچەك ئېتىزلىق، يول بويلىرى ۋە جىلغىلاردا ئۆسىدىغان بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى.
كۆكسار سارنىڭ بىر خىلى.
كۆكسۇ قۇ. يۆتەلگەك، زىققا، كاناي ياللۇغى.
كۆك سۇيى قە. بۇغداينى كۆكلىتىش ئۈچۈن قويۇلىدىغان تۇنجى سۇ.
كۆكسىمەك غ. گەپ تالاشماق، گەپ تەگەشمەك، ئەزۋەلىمەك.
كۆكلىمەك[1] تىكمىچىلەرنىڭ رەسمىي تىكىشتىن بۇرۇن بەلگە سىلىش ھىساۋىغا شالاڭ تىكىپ قويۇشى.
كۆكلىمەك[2] ت. ئاسمانغا كۆتىرىلمەك. م: گۆلەڭگۈچتە كۆكلەپ ئۇچماق، ئۇچار قاناتلار كۆكلەپ ئۇچماق ــ ئىگىز ئۇچماق؛ سەكرىمەك.
كۆكنار ئەپيۇن.
كۆك ئۇچەي ئا. ۋاقىراپ سۆزلەيدىغان (ئادەم).
كۆكۈشكەن قۇ. كەپتەر.
كۆكۆيشى مىراپ، سۇ باشقۇرغۇچى. ئاتالغ كۆكۆيشى بولغىچە، ئۆيۈڭ سۇ بېشى بولسۇن (ماقال).
كۆكىمەك غ. تەگمەك. م: ئۇنىڭغا كۆكەپ قان قىزارتىشنىڭ ھاجىتى يوق.
كۆكىنەك قۇ. جاغالۋاي تىپىدىكى بىر خىل قۇش، بېيىتتە مۇنداق كەلگەن:

تام بېشىدا ئىككى پاختەك.
ئوتتۇرىسىدا كۆكىنەك

Altun Dq

كۆك ئىنەك سۈتى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە كىسەلنى داۋالاش ئۈچۈن ئىستىمال قىلىنىدىغان ئىشەك سۈتى "كۆك ئىنەك سۈتى" دېيىلىدۇ. م: كۆك يۆتەلگە كۆك ئىنەك سۈتى ئەم بولىدۇ.

كۆكيار ل. ياۋا ئىشەك.

كۆگە قۇ. ياغاچ كۆيۈندىسى، ياغاچ كۆمۈر، قازان قارىسى. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

قۇم قازان تۇتىقان بىلەن،
قولۇمدا يوقتۇر كۆگىسى.
يار ئۈچۈن يىگەن تاياقنىڭ،
دولامدا يوقتۇر يارىسى.

كۆگەل قۇ. ئەركەك ئۆردەك.

كۆگەن سېغىن ۋاقتىدا بىرقانچە ئوغلاق ۋە قوزىنى قوشۇپ باغلايدىغان باغلاق.

كۆگەشمەك كۆگەنگە باغلىماق.

كۆڭلى چىگىلمەك كوڭلى ئاغرىماق. م: كوڭلىڭىز چىگىلگەدەك بىر ئىش بولغانمىدى؟

كۆڭلى سۇيۇق شاللاق، گېپىدە تۇرمايدىغان، ئالىقاپ. م: ھە، مېنى شۇنچە كۆڭلى سۇيۇق قىز دەپ چاغلىدىڭىزمۇ؟ مەن ئانداق گېپىدە تۇرماي يېنىۋالىدىغان قىزلاردىن ئەمەس!

كۆڭۈل تاۋارەن غ. خاتىرجەم. خالىغىنىچە.

كۆل قۇ. گۈلدۈرماما.

كۆلەڭگۈچ قۇ. كۆلەڭگە، سايە.

كۆلۈك ئۆلاق، ئىش ھايۋانلىرى.
كۆلۈگەچ ل. شولا. م: ئاينى كۆلۈگەچى — ئاينىڭ شولىسى.
كۆمەك[1] جەمەتلىك، بالا ـ چاقىسى يېپىلغان.
كۆمەك[2] غ. ياردەم. م: كۆمەكلەشمەك — ياردەملەشمەك.
كۆمەل تاش كۇ. ئىشلەنمىگەن تەبىئىي تاش (بەزى جايلاردا "تاختاتاش"، "شىبەنتاش"نى كۆرسىتىدۇ).
كۆنەك قە. كۆنگەن. ئۈگەنگەن، ئادەتلەنگەن، كۆندۈرۈلگەن (بەزى جايلاردا "كۆنۈك"مۇ دېيىلىدۇ).
كۆنەلگۈلۈك ئا. كۆنەلگە، قېتىق ئىچىنقۇسى.
كۆندۈ قۇ. ئېدىر ئارىلىقىدىكى يامغۇر سۈيى ئاقىدىغان چوڭ جىلغا.
كۆندۈك قۇ. سېغىزدىن ياسالغان ساندۇق، ئىچىگە ئاشلىق ياكى كىيىم ـ كېچەك سېلىنىدۇ.
كۆۋە ئا. كۆرپە.
كۆۋلىگۈچ ل. ئات، ئېشەك، خېچىر ئېغىنايدىغان يەر.
كۆيە ئا. ياغاچ كۆمۈر، ياغاچ كۆيۈندىسى.
كۆيەك قە. مۇھەببەت، سۆيگۈ، ئىشق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئۆينىڭ ئارقىسى خامان،
شامال ئۇچۇرار سامان.
نادان باللار بىلمەيدۇ،
ھەممىدىن كۆيەك يامان.

كۆيدۈرمە قاش قۇ. ياسىما قاش، قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

قارا قاشىم بار مېنىڭ،
كـۆيـدۈرمە قاش لازىم ئەمەس.
بىر ئاداشىم بار مېنىڭ
ئىككى ئاداش لازىم ئەمەس.

كۆيۈكۈش ئىچ-ئىچىدىن كۆيۈكۈپ يىغلىماق.
كۆيۈم كۆيۈنۈش. م: سېنىڭ بالىغا كۆيۈمۈڭ يوق؛ كۆيۈمى يوق تۇققـانـدىن يات ياخـشى، ئىسسىقى يوق كاڭدىن كات ياخشى (ماقال).
كۇتاەك ئۆي قۇ. بىر ئېغىزلىق ئۆي.
كۇجە قۇ. شاڭ، ئىسرىق.
كۇچتۇڭگۇر ت. كۇچلۇك، كۇچكە تولغان. م: ئۇ ناھايىتى كۇچتۇڭگۇر ئادەم.
كۇج سالماق قە. كۇچ سەرپ قىلماق، تىرىشماق.
كۇرە ت. ھويلا، قورا.
كۇرەك[1] قۇ. ياخشى پىشقان، چىرايلىق، كېلىشكەن، قامـلاشقان: ئەجەپ كۇرەك قوغۇن ئىكەن؛ كۇرەك ساڭزا — ئوخـشىغان ساڭزا.
كۇرەك[2] قە. تاغاق (ئادەمنىڭ دولا سۆڭىكى. م: نېمىز پەشمەتنىن ئۇزۇن قەددىنىڭ ئىككى كۇرىكى داردىيىپ چىقىپ تۇراتتى.
كۇرەك تۇماق قە. تاشلانمىغان تۇماق.
كۇرەك جۇۋا غ. تاشلانمىغان جۇۋا، ئۆك جۇۋا.
كۇرك جۇۋا.
كۇركى يىپشىلمەك تۇتۇلغان كەيپى ئېچىلىپ كەتمەك.

كۆرمەك يوپۇرمىغى شالغا، مۇۋسى تېرىققا ئوخشايدىغان ئۆسۈملۈك (بەزى جايلاردا "كۆمەك"مۇ دېيىلىدۇ).
كۆرۈك يۇلغۇنغا ئوخشايدىغان چاتقال تىپىدىكى ئۆسۈملۈك.
كۆزەيمەك يەڭگىللىمەك، بالا تۇغماق، بوشانماق.
كۆشۈك خ. يوشۇرۇنىدىغان جاي.
كۆلتۈك قار غ. كۆلگە ئوخشاش يۇمشاق ۋە بىر يەرگە توپلىنىپ قالغان قار. م: كەتمەن بىلەن كۆلتۈكلەرنى چاناپ يول ئاچتى.
كۆلدە كۆمەچ بولماق قە. پايپېتەك بولماق. م: ئەتىدىن كەچكىچە كۆلدە كۆمەچ بولۇپ ئىشلىسەڭ، يە خېنىم رازى بولمىغان، يە بېگىم.
كۆلگۈنچەك جىق كۆلىدىغان.
كۆلگۈن چىراي كۆلۈپ تۇرغان چىراي.
كۆنچەك قە. ياقا. م: ئىچ كۆينىگىمنىڭ كۆنچەكلىرى يىرتىلىپ كەتكەن.
كۆنچۈك قە. "كۆنچەك"كە ئوخشاش.
كۆنچىچەك ل. ئاپتاپپەرەس، ئايغا باقار.
كۆن دىسە كۆزى، ئاي دىسە ئاغزى بار ئاياللارنىڭ ناھايىتى چىرايلىقلىقىنى سۈپەتلەشتە قوللىنىلىدىغان بىرىكمە.
كۆن يۇرۇش قۇ. جەنۇپ.
كۆيەك غ. قوچقار ۋە تېكىلەرنىڭ ئالدىغا تارتىپ قويۇلىدىغان كىگىز شالدۇرۇق.
كۆيمەسلىك قە. چىداپ تۇرالماسلىق، تاقەت قىلماسلىق.

م: خىيالنى ئاياغلاشتۇرۇشقىمۇ كۈيمەستىن، چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ياتاققا كىرىپ كەشنى سىلىشقىمۇ كۈيمەي كارۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ئۇيقۇغا كەتتى.

كۈيمۈنۈش قۇ. شۇغۇللىنىش، ئەمەك بولۇش.

كۈيىباش قارا كۈيە (كۆمەقوناقتا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك).

كۈيۆ ئەر (خوتۇن كىشىنىڭ ئېرى). م: سىڭلىمنىڭ كۈيۆسى.

كېپىلماق قو. تولا يىغلىماق (بالا)؛ تولا گەپ قىلماق. م: ھەجەپ كېپىلىغاق بالىكەن — ھەجەپ يىغلاڭغۇ بالىكەن؛ ھەجەپ كېپىلاپ كەتتى — ھەجەپ تولا گەپ قىلىپ كەتتى.

كېچىرىملىك غ. ئەپۇچان.

كېر غ. جەدە بىلەن تورۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاتنىڭ تۈسى — رەڭگى.

كېرەجىمەك قۇ. ئىشكنى توساپ تۇرۇۋالماق (باشقا جايلاردا "كېرەلمەك" دېيىلىدۇ).

كېزو غ. گېزەكچىلىك، نۆۋەتچىلىك.

كېسەر قە. كەسكىن ئىش قىلىدىغان ئادەملەرگە قويۇلىدىغان لەقەم. م: تۇيغۇن كېسەر، ئابدۇرېھىم كېسەر.

كىسسە ئا. غەيۋەت ـ شىكايەت.

كېككەيمەك غ. غورۇرلانماق، تەكەببۇرلانماق.

كېكىتمە قۇ. تەنە، ھەجۋى، ياپىتا گەپ. م: كېكىتىپ گەپ قىلماق — تەنە بىلەن تەككۈزۈپ گەپ قىلماق.

كېلەپ خ. مالنى تېز سەمرىتىدىغان بىر خىل ئوت.

كېيىنلىك كەلگۈسى، ئىستىقبال، ئاقىۋەت. م: ئانا ئولتۇرسا-

Altun0q

قوپسا بالىسىنىڭ كېيىنلىكىنى ئويلايدىكەن.
كى قو. سۆز ئاخىرىغا قوشۇلۇپ ئېيتىلىدىغان تەكەللۇپ قوشۇمچىسى. م: يىسلەكى، كىرسىلەكى، دىسلەكى، قىسلاكى.
كىپىت قە. دائىرە، كۆلەم، تۇرق. م: يۈزىنىڭ كىپىتى سەل كىچىكرەك بولسىمۇ، لېكىن چوڭ روشەن كۆزلىرى ئەتراپىغا ئىنتىلىپ-ئىنتىلىپ قوياتتى.
كىتە-مىتە خ. ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار، چەككە-چۇككە ئىشلار.
كىچىك بەھەك خ. يىللىق قۇرۇتىنىڭ ئۈچىنچى قېتىم ئۇخلاش ۋاقتى.
كىن ئاداۋەت (بىراۋغا دىلدا ساقلانغان خاپىلىق، نارازىلىق). م: كىن ساقلىماق ـــ ئاداۋەت ساقلىماق.
كىرتىك كوماك، كەمشۈك، كەمتۈك: كىرتىك چىنە ـــ كەمتۈك چىنە.
كىرىشەك ل. تاڭلاي.
كىرىش تاسما غ. تىللاش سۆزى.
كىشى-قارا بىر كىم، بىراۋ.م: كىشى-قارا كۆرۈپ قالمىسۇن.
كىشى قويماق ئەلچى قويماق.
كىشىگە قۇ. موتىۋەرلەرنىڭ داستىخىنىدىن ئاشقان تاماق.
كىلتان خ. دەرىزىنىڭ قانىتىنى تىرەپ تۇرىدىغان تۆمۈر ئىلغۇچ.
كىلمەك غ. يىپنىڭ بىر ئۇچىنى تارتىش بىلەنلا يېشىلىپ كېتىدىغان قىلىپ باغلانغان بىر خىل باغلاق. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: پاكار تاغ يايلاقتا يارىماس، قىسقا يىپ كىلمەككە

("كىرمەك"مۇ دېيىلىدۇ).

كىلىت قۇ. ئاچقۇچ، قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

تۆمۈر قەپەز ئىگىز يەردە،
كىلىتى بەگدە.
ئىچىدىكى چارىسىزنىڭ،
گۇناسى نەدە.

كىمىرلەنمەك پۇچۇلماق، يېيىلمەك. م: دېڭىز شامالىلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن كىمىرلەنگەن تاقىر دۆڭلۈك.

كىنىمەك غ. ئەسلىمەك، سېغىنماق، ياد ئەتمەك.

كىنۇە ئا. كىرپە.

گ

گالزاڭ ئەقىلسىز، دۆت.
گاجاڭ غ. ماڭقا.
گاداي خ. كۆچـمە: ئادەم، كىـشى (بۇ، "ئادەم" دېـگەن سۆزنىڭ كىچىكلىتىلمە، ئەكىلەتمە ياكى چۆكۈرمە ئاتىلىشى).
م: ئاۋۇ گاداي ـــ ئاۋۇ ئادەم...
گارا قۇ. پاسكىنا، قاسماق. م: كۆينەكنىـڭ ياقـىسى گارا بولۇپ كېتىپتۇ.
گاراق ت. خۇدىنى بىلمەسلىك، ھوشسىزلىنىش. م: گاراق مەس ـــ قاتتىق مەس.
گاراڭ گاڭگىراق ـــ گاڭگىراپ قالـغان، بىخۇتلۇق؛ گاس ـــ قۇلۇغى ئاڭلىماس بولۇپ قالغان.
گازىن كۇ. يەملىك، دانـلىق، بوغۇزلۇق؛ كەپـتەر توخۇغا ئوخشاش جانىۋارلارنىڭ گېلىدىكى دانلىغى. م: كەپتەرنىڭ گازىنى ـــ كەپتەرنىڭ دانلىغى.
گاستاڭ ئا. ئاپتاپپەرەسنىڭ گەردىشى (بېشى).
گاس چىقماق قە. نەرسىلەرنىڭ يارامسىز، سۈپەتسىز بولۇپ چىقىشقا قارىتىلىدۇ. م: ئىشلەنگەن مەشلەر ئون كۈن ئوت قالسىمۇ ئالقانى ئىستالمايدىغان گاس چىقتى.

گاشات قۇ. غەم، ئەندىشە. م: بۇ ئىشتىن تولا گاشات قىلماڭ.

گاڭ ـ گالاس قۇ. گاراڭ، گاراخ، باش ئايلىنىش. م: بېشىم گاڭ ـ گالاس بولۇپ قالدى ــ بېشىم گاراڭ بولۇپ قالدى؛ قۇلىقىمنى گاڭ ـ گالاس قىلىۋەتتى ــ قۇلىقىمنى گاراڭ قىلىۋەتتى.

گالۋاڭ دۆت، ھاماقەت، كومشا، ئېلىشاڭغۇ.

گالۋاڭ قىلماق ئېلىشتۇرماق، قايمۇقتۇرماق، ئەخمەق قىلماق.

گەجگە سۇ بۇغدايغا قويۇلىدىغان ئىككىنچى قېتىملىق سۇ.

گەجگىلىمەك غ. قايتىلىماق (ئاختارمىغا بىرىنچى قېتىم قويۇلغان سۇدىن ئانچە ئۆتمەي يەنە سۇ قويۇلسا، "گەجگىلىدى" دېيىلىدۇ).

گەز سۇتكە ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ قازان تېگىگە يېپىشىپ قالغان قالدۇغى.

گەزلەشمەك كۇ. ئۇچراشماق، م: كوچىدا ئۇنىڭ بىلەن گەزلىشىپ قالدىم.

گەزنە قە. نان ياقىدىغان رېپىدىنىڭ بىر تۈرى (ھەمەڭ نان ياقىدىغان دۈگىلەك رېپىدە).

گەكسى غ. قېلىن، تەمەخور، داپشاق.

گەڭگىلىمەك ت. ئىككى پۇتىنى نۆۋەت بىلەن دەممۇ ـ دەم كۆتىرىپ ماڭماق.

گەللە قۇ. گەدەن، گەژگە.

گەلۋۇر قۇ. قېلىن، يۈزى قېلىن (تىللاش سۆزى).

گەم[1] قۇ. دەرت، ئاغرىق.
گەم[2] قە. تۇتۇق. م: ھاۋا گەم ئىدى.
گولمۇش گومۇش، پاگقۇش.
گويا مەلھەم دورا (يەل ئاغرىقلىرىغا چاپلاپ داۋالايدىغان دورا).
گۈك غ. غوم. م: قوسىغىڭدا گۈك ساقلىما.
گۈگگا[1] خ. شارپا.
گۈگگا[2] غ. غۇۋا، تۇتۇق، ئېنىق بولمىغان.
گۈك-مۈك خ. پاراگلىششىش، ھال-مۈك ئېيتىششىش. م: گۈك-مۈك ئولتۇرايلى — پاراگلىشىپ ئولتۇرايلى، گۈك-مۈك ماگايلى — پاراگلاشقاچ ماگايلى (بەزى جايلاردا "گۈگۈر-مۈگۈر" دېيىلىدۇ).
گۈلا خ. گۈلە، ئۆرۈك قېقى.
گۈم بولماق ت. ھالاك بولماق، ئۆرۈلۈپ چۈشمەك، يىقىلىپ چۈشمەك.
گۈندا خ. ئەتلەسنىڭ ئۆرۈشلىرى ئۆتكۈزۈلگەن چوك ياغاچ.
گۆدەگە قۇ. ئۇگدا. م: ئۇ گۆدەگىسىگە چۈشتى — ئۇگدىسىغا چۈشتى.
گۆدىش تاپماق قۇ. ئەپ تاپماق، كۆنۈكمەك.
گۆسمە قۇ. غەيۋەت-شىكايەت.
گۆكۈ ل. بېلىق تۇتىدىغان قارماق.
گۆلەك غ. دەريالارنىڭ چۆگلەپ، ئاقماي تۇرۇۋالىدىغان يەرلىرى، قاينام.

Altun0q

گۆلمۇ ل. بىلىق تۇتىدىغان تور.
گۆمۈرۈلمەك كۆمتۈرۈلمەك، ئۆيۈلۈپ چۈشۈپ كەتمەك.
گۆپسەيمەك غ. ئىششىپ قالماق، كۆپشىپ قالماق.
گۇدرەت قۇ. گۇمان، شەك. م: كۆڭلۈمگە گۇدرەت چۈشتى — كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى.
گۈرەن كۆپۈرمەك يۈز-بويۇنلىرىنى قىزارتماق، قىپ-قىزىل قىزىرىپ بوغۇلماق، ئاچچىقى كەلمەك.
گۈر-گۈر غ. لاپ ئارىلاش سۆزلەيدىغان، چوڭ سۆزلەيدىغان.
گۇلەش خ. سۆرەلمە، هورۇن.
گۇلەمشۋا قۇ. گۇلى هەمىشە ئېچىلىپ تۇرىدىغان بىر خىل گۇل.
گۇلدان قۇ. تەشتەك، گۇل تەشتىكى.
گۇلدۇرمە خ. كىچىك شاقىراتما. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئىگىز تۆگىمەنگە نو قويدۇم،
پەس تۆگمەنگە گۇلدۇرمە.
هەرقانچە ئەلەم تارتساڭ،
دۈشمىنىڭگە بىلدۈرمە.

گۇلگۇم قۇ. زەپىرەڭ.
گۇلگۇن قۇ. زاراڭزا چېچىكى.
گۇلچى ئا. ئۈرۈكنىڭ بىر تۈرى.
گۇن ل. چوڭقۇر، تېرەن (باشقا جايلاردا "نۇر" مەنىسىدە كېلىدۇ. م: چىرايىنىڭ گۇنى يوق — چىرايىنىڭ نۇرى يوق.
گېزەرمەك يۈزىنى قىلىن قىلماق.

گېزەك غ. نۆۋەت. گېزەكلىشىپ ئىشلىمەك — نۆۋەتلىشىپ ئىشلىمەك.

گېلىكتەمەك ل. گىرە سېلىپ تۇتماق.

گىجىك ت. قاشاڭ، ھەركەتتى سۇس. م: ئۇ ناھايىتى گىجىك ئىش قىلىدۇ.

گىجىڭلىماق ت. ئىككىلەنمەك، بىر قارارغا كېلەلمەسلىك، بىر يەرگە كېلەلمەسلىك.

گىچا ڭلاتماق خ. كۆز-كۆز قىلماق.

گىدە خ. بۇدرە، بۇجغۇر.

گىدىگەي غ. ھاكاۋۇر، گىدەيگەك.

گىردىيىپ قالماق غ. ئورۇقلىغانلىقتىن ياكى ئاغرىقتىن كۆزى ئولتۇرۇشۇپ كەتمەك.

گىرۋى قۇ. قىرغاق، ئۇپۇق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

كۈن چىقار گىرۋى بىلەن،
يارلار چىقار جۈپتى بىلەن.
ھەممە خەق جۈپتى بىلەن،
مەن ئۆزەم يىگانىمەن.

گىرى ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدىغان؛ سەرالىق.

گىلاڭ قۇ. تىك يار.

گىلدىڭ لىڭشىق، لىڭشىيدىغان: گىلدىڭ باش—لىڭشىق باش.

گىلىگتاڭ قە. تايىنى يوق: گىلىگتاڭ گەپ — تايىنى يوق گەپ.

گىلىماق قۇ. خىيال قىلماق، ئويلىماق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

كەتتى ئۆستەڭ ياقىلاپ،
تاش بىلەن قۇمنى شاناپ.
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
كۆڭۈلدىكى يارنى گىلاپ.

(بۇ سۆز بەزى جايلاردا "كىلىمەك" شەكلىدە قوللىنىلىدۇ).
گىنا ت. ئاداۋەت، كەك. م: ئۇنىڭ گىناسى قاتتىق.

ل

لاپاسلىماق پايپاسلىماق، ئالدىراپ ئىتتىك ماڭماق.
لاپچۇق پاناق. م: لاپچۇق بۇرۇن — پاناق بۇرۇن.
لاپچىن ل. يوپۇرماق.
لاپخور لاپ ئۇرغۇچى، لاپچى، چوڭ سۆزلىگۈچى.
لابدۇر ت. ئۇستى-بېشى پاسكىنا، كىيىم-كېچەكلىرى پاراكەندە ئادەملەر "لابدۇر" دېيىلىدۇ. م: ئانىسى لابدۇر خوتۇن، بالىسى شىلدىر شىكەر دېگەن تېپىشماق تالىنىڭ شۇگلىرى بىلەن ئۈزۈمگە تەمسىل قىلىنىدۇ.
لاپەندى ت. كالاڭپاي، پالاكەت.
لاپسايىماق قە. سالپايماق، بوششىپ كەتمەك.
لاپشاڭ قە. سۇس، زەئىپ، سولاشقان.
لاتا ئاشىق قە. يۇرتمۇ-يۇرت كېزىپ يۈرىدىغان، ھە دېسە ھۇ دەيدىغان ئادەم.
لاتا كۇسكۇس قە. بېلى بوش، جاپادىن قورقىدىغان، بوشاڭ.
لاتىكەش قە. بوشاڭ، ئېزىلەڭگۈ.
لاخسا قۇ. خاماندىن سامان قاچىلايدىغان، ئاتقا تارتىپ توشۇيدىغان چوڭ تور قاپ (تاغچىلار سۆزى)؛ تويماس.

لاسكات خ. ئايال‌لارنىڭ يەڭسىز جىلىتكىسى (بۇ سۆز "ۋاسكات" مۇ دېيىلىدۇ). قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

لاسكىتىمنىڭ يېڭى تار،
ئاق بىلىكەم قانداق پاتار.
بىزنى كۆيدۈرگەن خېنىم،
ئاخشىمى قانداق ياتار.

لاشىن ل. ئات ـ ئۇلاق باغلايدىغان خادا، موما ياغاچ.
لاغلا قۇ. ئېسىلىپ قالغان، زەمبىلگە ئوخشاش قوسىغى ساڭگىلاپ قالغان (سىمتاناپ ياكى تورۇسلارنىڭ ۋادەك ياغاچلىرى قوساق سېلىپ ئېسىلىپ قالسا "لاغلا" بولۇپ قېپتۇ دېيىلىدۇ).
لاغلى ل. تاغار.
لاقا ـ لۇقا خوجۇن ـ قاچا، يۇك ـ تاقىغا ئوخشاش نەرسىلەر.
لاقسا قۇ. "لاخسا" غا ئوخشاش.
لاقۇ ل. سىرتىدا قاسىرىغى بولمايدىغان بىر خىل بېلىق. بۇنداق بېلىق تارىم دەرياسىدا كۆپ بولىدۇ ("لوخو" مۇ دېيىلىدۇ).
لاكات قە. بوش، بوشاڭ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان.
لاڭشىق قە. تۇراقسىز، تۇتۇمسىز.
لاڭقا[1] ئورۇق ۋە ئېگىز: لاڭقا ئات ـــ ئورۇق ۋە ئېگىز ئات.
لاڭقا[2] غ. غورۇنىڭ ئىككى چېتىدىكى ياغاچ.
لاڭگۇڭ خ. ئەپكەش.
لالاق قۇ. ئەكنايناق، قىلىقسىز (تولاراق باللارغا قوللىنىلىدۇ، لەقەم بولۇپمۇ كېلىدۇ. م: ھاشىم لالاق، نىياز لالاق).

Altunoq

لالاي بوشاڭ، لۆم ـ لۆم. م: تازا لالاي بىرنىمىكەن.
لالايماق بوشاشماق، بوشاڭلىق قىلماق.
لالو قۇ. زەمبىل.
لانتا قۇ. بولقا.
لاي پاچاق قە. ئاددىي، ساددا؛ لابدۇر، لەقۋا.
لايپاس مىجىق، لۆم ـ لۆم، سۆرەم پالاس، ئېزىلەڭگۈ، قاشاڭ. چاپسانغا بار، لايپاسقا يوق (ماقال).
لايچى ل. سۇيۇق پاتقاقتا ياشايدىغان بىر خىل بېلىق.
لايداڭ خ. لايلىق.
لاي غىلاپ خ. كىرەككە كەلمەيدىغان، ئەسقاتمايدىغان. م: ئۇ ئەسقاتماس بىر لاي غىلاپ ئىدى.
لايلىماچ لايلىما؛ لايلىماچ توسما.
لايلىماق قۇ. قىيىدىماق، ئاچچىقلىماق، ئۇزاققىچە توختىماي يىغلاپ كەتمەك (بوۋاقلارغا قارىتىلىدۇ). م: بۇ بالا لايلاپ كەتتى. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئالال يارىم بۇ يايلاقنى،
قانداق يايلايسەن.
ئۆزەڭ ئويناپ، ئۆزەڭ كۈلۈپ،
كىمگە لايلايسەن.

لاي يىگەك ل. لاي يەيدىغان بىر خىل بېلىقسىمان جانىۋار.
لەپەكسىز قە. بىر يەردە شۈك ئولتۇرالمايدىغان. م: ئۇ باققا بۇيرۇسا تاققا، تاققا بۇيرۇسا باققا چاپىدىغان لەپەكسىز، ئىش خوشياقمايدىغان هورۇن ئىدى.
لەپپىتە قۇ. دىككىدە، دەرھال، شۇ ئان، تېزدىن. م: لەپپىتە

بىرىپ كېلەيلى.

لەپسەڭ قە. لەپ ـ لەپ، لەپىلدەپ. م: ئۇششاق لەپسەڭ قار چۇشۇشكە باشلىدى.

لەپشىرىن ت. يا تاتلىق، يا ئاچچىق ئەمەس بىر خىل تەم.

لەپكەگدىمەك غ. سامانىنى داندىن ئايرىماق.

لەتخور خ. داۋىخور، دەشنەم يىگەك؛ لەت بولسا كۆڭلى ئارام تاپىدىغان ئادەم.

لەتمە قۇ. باراڭ؛ لاپاس.

لەت ئېشتمەك خ. "لەت يىمەك" كە ئوخشاش.

لەت يىمەك قە. ئاھانەت ئاڭلىماق، دەككە يىمەك، ئازار يىمەك، سۇنماق. م: لەت يىگەن كۆڭلىگە هاي بەردى. بىردىن كۆڭلى لەت يەپ، پۇت ـ قولىدىن ماغدىر كەتتى.

لەڭ غ. كەڭ، ئۇلۇغ. م: ئېشىك لەڭ ئوچۇق تۇرۇپتۇ.

لەڭگۇت غ. ئانىسىنى ئېمىدىغان قىسرەمدىنىڭ بۇرنىغا ئۆتكۈزىدىغان چۇلۇك.

لەڭ ـ لۇڭ غ. يەر تەۋرىگەندىكى ھالەت، باشنىڭ بىردە ئېگىز، بىردە پەسلىك هىس قىلىشى (ھالەت ئىملىغى). م: بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا ئۆينىڭ ئىچى لەڭ ـ لۇڭ بولۇپ كەتتى.

لەلە قۇ. گۇمۇش، پاكقۇش، ئەقىلسىز، دۆت، لەقۋا (بۇ سۆز غۇلجىدا "لەللە" دىيىلىدۇ).

لەلەڭلىمەك غ. لاغايلىماق.

لەلشو قۇ. ئالجىغان، دۆت، لەقۋا.

لەيلەپ قالماق قە. ئاشكارا بولۇپ قالماق، كۆرۈنۈپ قالماق، ئوتتۇرىغا چىقىپ قالماق.

لوبدۇر قۇ. "لابدۇر" غا ئوخشاش.
لوجا غ. لەش، سۇدا ئېقىپ كەلگەن ئەخلەت، غازاڭ، چاۋاغا ئوخشاش نەرسىلەر. م: ئازگاللار كۆلدەك لىق تولۇپ، سۇ ئۈستىدە ئەخلەت ـ لوجىلار لەيلەپ تۇراتتى؛ سۇگۇچكە لوجا توشۇپ قېپتۇ؛ پۈتۈننى لوجا ـ چاۋا چىرماپ ئالدى.
لوغۇلدىماق غ. لاۋۇلدىماق، يېلىنجىماق، م: قىزىل چوغدەك لوغۇلداپ تۇرىدۇ.
لوقۇراپ كۆيمەك لوپ ـ لوپ كۆتىرىلىپ كۆيمەك.
لوك خ. ياغاچ قۇلۇپنىڭ تۆمشۇغى.
لوكا تۆگىنىڭ ئۆركىشى. م: تۆگە لوكىسىدەك تىزما تاغلارنىڭ چېكى يوقتەك كۆرۈنەتتى.
لوكتا قو. تۆگە.
لوكدان خ. ياغاچ قۇلۇپ.
لولاڭ[1] قۇ. ئېلىشاڭغۇ، كەلسە ـ كەلمەس، قالايمىقان. م: لولاڭ سۆزلىمەك ــ قالايمىقان سۆزلىمەك.
لولاڭ[2] قە. خورازنىڭ بىر تۈرى (مېڭىشى يورغا ئاتنىڭ مېڭىشىغا ئوخشايدۇ).
لولاڭ[3] ئا. تېتىقسىز، بەتتام، ئازغان، لاۋزا؛ ئاينىغان. م: لولاڭ قوغۇن ــ لاۋزا قوغۇن، ئازغان قوغۇن.
لولاڭچى قە. ئاياللارنى ئەگەشتۈرىدىغان كىشى، ئاياللارنىڭ ئارقىسىدىن قاترايدىغان كىشى.
لولاڭلىماق قۇ. ئالجىماق، قالايمىقان سۆزلىمەك.
لومودى[1] قۇ. تاسىمچى، تېپىشتۇرغۇچى، دەللال، دەللە.

لومودی[2] يالاقچى، تەخسكەش.

لومودىلىق يالاقچىلىق، تەخسكەشلىك؛ تاسمىچىلىق، دەللاللىق.

لوۋيا ل. جاڭدۇ (پۇرچاقنىڭ بىر تۈرى).

لويلا غ. كۆيدۈرۈپ شاخار چىقىرىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك. م: ئاتاڭ نىمە ــ لويلا، ئاناڭ نىمە ــ چويلا (ماقال). بۇ سۆز بەزىلەردە "جاڭدۇ" نى بىلدۈرىدۇ.

لۆجە قە. "لوجا"غا ئوخشاش.

لۆكەن ل. ئۆركەش، لوكا.

لۆڭلىمەك قۇ. دۆۋىلىمەك، قوپۇرماق، توپلىماق.

لېپەز ت. ئىشتاننىڭ باغ ئۆتكۈزىدىغان يېرى.

لېپىر[1] قۇ. كونا، ئەسكى-تۈسكى، لېپىرساتتى ــ كونا ئەسكى-تۈسكىلەرنى ساتقۇچى.

لېپىر[2] ت. سۆگەت چىۋىقىنىڭ پوستىدىن ياسالغان نەيچە، پېپى.

لېچەك ت. قوناق بېشىنى ئوراپ تۇرىدىغان پوست (كۆچمە مەنىدىكى سۆز).

لىقشىپ ئاغرىماق قۇ. سانجىپ ئاغرىماق. م: يۈرىكىم لىقشىپ ئاغرىيدۇ.

لىڭشىق قۇ. ئارسالدا، ئىككىلەنگۈچى، تۇراقسىز.

م

ماتىماق بىرەر نەرسىنى بىر بىرىگە تاڭماق، باغلىماق؛ ياغاچ ماتىرىيالنى نەملەپ، قىزىتىپ، بىرەر نەرسىگە تېڭىپ ياكى باستۇرۇپ ئېھتىياجلىق شەكىلگە كىرگۈزمەك.

ماتاق چىۋىن قۇ. ئات-ئۇلاقلارنىڭ كۆزىگە قونۇۋالىدىغان ئۇششاق چىۋىن.

ماتال خ. سوغا (ياغاچ چىلەك)؛ ياغاچ تور.

ماتىچى قۇ. پاھىشە ئايال.

ماچگۇجۇ قۇ. ۋاراڭ-چۇرۇڭ.

ماخار قۇ. پاناق بۇرۇن.

ماختۇم قۇ. ماختانچاق.

مادىخدا غ. ئارىسالدىلىق، ئىككىلىنىش. م: مادىخدا بولماق — ئارىسالدى بولماق، ئىككىلىنىپ قالماق.

مارالقۇلاق بىر خىل ئۆسۈملۈك.

مارداق قۇ. كىچىك، كىچىككىنە، مەدەك. م: كېپىنىڭ چوڭلۇغىنى بۇ مارداقنىڭكى — ئۆزى كىچىككىنە تۇرۇپ، كېپىنىڭ چوڭلۇغىنى بۇ مەدەكنىڭكى.

ماز كونا پاختا.

ماز بولماق ت. ئامراقلىق كەلمەك. مەسلىگى كەلمەك. م:

Altun Oq

ئۇ بالىسىنىڭ قىلىقلىرىغا ماز بولۇپ كۈلۈپ كەتتى.

مازۇز بولماق قۇ. پەخىرلەنمەك، ماختانماق، مەسلىكى كەلمەك. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

قاش قاراسى مەندە دەپ،
قاشىڭغا مازۇز بولمىغىن.
بارچە دۆلەت مەندە دەپ،
دۆلەتكە مازۇز بولمىغىن.

ماسقىراتماق ت. مەسخىرە قىلماق، زاڭلىق قىلماق، شاڭخۇ قىلماق.

ماشاش ل. خام گۆشنى پارچىلىماق.

ماشاق غ باشاق، بۇغداينىڭ بېشى. قوشتا يوق، ماشاقتا يوق، خاماندا بار (ماقال).

ماش چۆپ قە. ئۈستىگە ماش سېلىپ ئېتىدىغان چۆپ (تاماق).

ماشقاق قۇ. پاچاق، پاقالچاق.

ماقات ل. قەۋرە. م: مەرەمخانىنى ماقاتى — مەرەمخانىنىڭ قەۋرىسى.

ماك بولدى خ. ياڭاق پوستىدىن ئاجرالدى (ياڭاق پىشتى).

ماگدا قۇ. تاپسا، پەگا.

ماگغال چوغدان.

ماگغىلماق ئاستا بولسىمۇ، مىدىرلاپ مېڭىپ تۇرماق. ئالدىرىغان يولدا قالار، ماگغىلىغان ئۆيگە بارار (ماقال).

مالامەت ل. بىراۋنى قارىلاپ، ئەيىپلەپ ئېيتىلغان سۆز. م:

مالامەت قىلماق ــ قارىلىماق، ئەيىپلىمەك.

مالتىلىماق ئاختۇرماق، ئىلىشتۇرماق، قوچىماق. م: يانچۇقنى مالتىلىماق، ساندۇقنى مالتىلىماق، تاماقنى مالتىلىماق.

مال ـ مىكەت خ. مال ـ ۋاران.

ماناسقان غ. تۇتەك، تۇمان. م: ئادەم قىرىغاندا، ھەممە نەرسە ماناسقان ئارىسىدا تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ.

ماناق قۇ. كىچىدە ئات ـ ئۇلاقلارنى ئوتلاققا ئىلىپ چىقىپ باقماق. م: ئاتلارنى ماناققا ئىچچىقىپ كەتتى.

مانان[1] قوناقنىڭ ياكى قومۇچىنىڭ پۆپۈكى.

مانان[2] تۇمان، چاڭ ـ توزان.

مانتۇ دوپپا قە. سىدام دوپپا.

مانتىماق قۇ. "ماتىماق" قا ئوخشاش.

مانجار ل. تاربوغۇزدىكى ئىقىن سۇغا سىلىپ قويۇپ بىلىق تۇتىدىغان تالدىن توقۇلغان تەتۈر ئىغىزلىق سىۋەت.

مانجا سىمكار، ھۆنەرۋەنلەرنىڭ ئىش ھەققى.

ماچتا كىمىنىڭ موما ياغىچى.

مانجىت يەڭنىڭ بوغما ئاغزى. م: مانجىتلىق يەڭ ــ بوغماق يەڭ.

ماندار يۆگۈمەچ تىپىدىكى ئۆسۈملۈك. ماندارلىقتا ئات ئۆلمەس، ئەمەنلىكتە ئەر (ماقال).

مايتۇق ت. قىڭغىر، مايماق.

مايتۇق ـ سايتۇق قىڭغىر ـ سىڭغىر، مايماق ـ سايماق.

مايداڭ قۇ. چاقچاق؛ غەلۋە ـ غوۋغا. م: ئۇ مايداڭ كۆتەر ـ مەيدۇ؛ دۆڭ مەلىدە مايداڭ چىقىپتۇ.

مەتۇ قە. ئەقىلسىز، كالۋا. دۆت.
مەجىگە قۇ. باشكا، كەپتەر بالىسى.
مەرئا خ. بوز يەر، قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

يېڭى ئۆستەڭ چاپتۇق بىز،
مەرئا يەرنى ئېچىشقا.
گۈللۈتۈشچۈن ۋەتەننى،
مول ھوسۇللار ئېلىشقا.

مەردەشمەك قۇ. باغلاشماق، شەرتلەشمەك.
مەردەك ئېيىق كۈچىكى.
مەزۇر كۆرمەك. قە. كەچۈرۈم قىلماق، ئەيىپكە ئالماسلىق، ئەپۇ قىلماق.
مەغۇل بولماق قە. مەشغۇل بولماق.
مەرگەن چىش خ. ئوغرى چىش.
مەزىت قۇ. مەزمۇت، چىڭ، بەك.
مەسقى قۇ. مەسخىرىۋاز، قىزىقچى، ھەيىيار، يۇمۇر (تاغلىقلار سۆزى).
مەشرۇ قۇ.لايىقىدا تىكىلگەن بىر يۈرۈش كىيىم.
مەككچامۇر خ. ياڭيو.
مەڭدىمەك ھاڭ ـ تاڭ بولماق، تېڭىرقاپ قالماق، گاڭگىراپ قالماق.
مەڭگىسەر قۇ. ئۇنۇتقاق؛ ئالدى ـ كەينىگە يېنىپ ئىش ئاينىتالماس.
مەڭلەشكەن كۆكەرگەن، كۆكىرىپ قالغان. م: يامغۇردا قېلىپ مەڭلىشىپ كەتكەن ھەم ئۈششاق، ھەم قۇرۇق

جىگدىلەر.

مەلەك ئا. دەخلى قىلماق، ئاۋارە قىلماق؛ مەشغۇل بولماق.
م: ۋاقتىمــنى مەلەك قىلما؛ ماۋۇ ئىش بىلەن مەلەك بولۇپ
قالدىم.

مەلتۈك خ. كەمتۈك.

مەممەم ت. پاھ، پاھ؛ ئاپچىقلاش ۋە ھاياجانلىنىش ۋاقتىدا
قوللىنىدىغان ئىملىق. م: مەممەم، بۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ.

مەندىر قۇ. مۆلدۈر. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

قار بىلەن مەندىر يېغىپتۇ،
كەلمە يارىم ئىز بولۇر.
ئاخشام كېلىپ ئەتە يانساڭ،
بارچە خەققە سۆز بولۇر.

مەنزەر قە. بالىخانا (ئاددى سېلىنغان ئىمارەتنىڭ ئىككىنچى
قەۋىتىدىكى ئۆي).

مەنىلىك تالاشماق خ. بەس تالاشــماق. م: سەن مەنــدىن
مەنىلىك تالاشما.

مەيزاپ خ. ئۈزۈم سۈيىدىن ياسالغان ئىچىملىك.

موتەر قۇ. تۆگىلەرنى باشقۇرغۇچى (مەنسەپ نامى).

موتماق قە. چىمدىماق.

موخەك قە. كېكىرتەك، بوغدىيەك.

موخوليا قىلماق قۇ. قايمۇقتۇرماق، گاڭۋاڭ قىلماق.

مورۇشۇ ئا. ئۈرۈكنىڭ بىر تۈرى.

موللاۋى ئا. ئۈرۈكنىڭ بىر تۈرى.

موللىقوپقاق قە. باللار ئويۇنچۇقى.

مولۇكۋاش قۇ. پاخما باش.

مونەك قە. ئۇرۇقچىسى ئېلىنمىغان شاپتۇل قېقى.

مونوخەي قۇ. قارانچۇق.

مويەكچە ل. چوتكا.

مۇت خ. بىكار، ھەقسىز. م: مۇت كىنو—ھەقسىز قويۇپ بېرىلىدىغان كىنو.

مۇجۇق قۇ. بوسۇغا (تۇرپاندا ئۇلگۇجەك مۇجۇق دېيىلىدۇ).

مۇرۇللۇغ ل. ۋەدىلەشكەن، باغلىنىپ قالغان.

مۇز ل. مۇڭگۈز.

مۇغال خ. باشلام.

مۇقۇدىماق ت. ھەددىدىن ئارتۇق چارچاپ كەتمەك.

مۇقۇلداشماق قۇ. تىل بىرىكتۈرمەك.

مۇڭقۇي قۇ. شىلىم، كۆچمە: دۆت، كالۋا.

مۇڭىيىپ قالماق زېرىكمەك، مۇڭلانماق.

مۇلغۇي ل. موزدوزنىڭ شىلىمى.

مۇم خ. جىك، راست. م: مۇم خوتەنلىك—جىسىق خوتەنلىك.

مۇمپۇق قۇ. سىر بەرمەيدىغان كىشى.

مۇمسىق پىخسىق، بېخىل.

مۇمۇن ھومايىغاچ.

مۇنۇپ قالماق قۇ. "مۇنىيىپ قالماق" قا ئوخشاش.

مۇنىيىپ قالماق قە. قېرىپ ھېچنەرسىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان، تاغدىن-باغدىن سۆزلەيدىغان بولۇپ قالماق.

Altunoq

مۇيات قۇ. يادىگار، ئەستىلىك، خاتىرە.
مۇياتلىق قۇ. ئەتىۋار، ئىسسىل، كۆڭۈلدىكىدەك. م: بۇ ياخشىراق نانلارنى مۇياتلىق مېھمان كېلىپ قالسا قوياي دەپ ئايرىم ساقلاپ قويدۇم.
مۇيىم-تۇيىم ئەپلەپ-سەپلەپ. م: بۇ ئىشنى مۇيىم-تۇيىم قىلىپلا ئۆتكۈزۈۋەتتى.
مۆرىن قۇ. دەريا.
مۆڭ دۆت، كالۋا، دۆۋەڭ.
مۆڭگمەك غ. مۆڭمەك (ئات-ئۇلاغلارنىڭ مىنىش، يۈك ئارتىش ۋە هارۋىغا قوشۇشنى رەت قىلىپ قارشىلىق بىلدۈرۈشى).
مۇدۇك خ. كىچىك، ئىخچام.
مۇشۇك ياپىلاق قە. هۇقۇش.
مۇكۇرۇ قۇ. ئاۋاق، جىۋەك، ۋىجىك.
مۇكۇل-تېقىل ت. رەتسىز، تەرتىپسىز؛ قاتىلاڭلىق، ئالدىراشلىق.
مۇنۇچ خ. ۋىيەي، پاھ (ئاياللار قوللىنىلىدىغان ئىملىق سۆز).
مۇنۇرىمەك قۇ. تاشقى مۇھىتنىڭ-سوغاق هاۋا ياكى سۇنىڭ تەسىرى بىلەن پۈت ياكى قولنىڭ توڭۇپ ئاغرىش هالىتى. م: پۇتۇم توڭۇپ مۇنۇرەپ كەتتى.
مۇنۇكۇم خ. يۇۋاش، بىچارە. م: بۇ بەك مۇنۇكۇم ئادەم.
مىتەۋىلەشمەك خ. يوسۇنلاشماق، زوكۇنلاشماق، دىيىشمەك.
مىت قىلماسلىق غ. مىرلاپمۇ قويماسلىق.

متكوت قە. قايرىلىپ كەتمەك. م: ئۇنىڭ پۇتى متكۇت بولۇپ كېتىپتۇ.
مراقۇل قۇ. ئاتباقار. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئىشىك ئالدى ئانار گۈل،
ئاتنى باغلاڭ مراقۇل.
ئۈچ كۈن بولدى كەلمىدىڭ،
يارىم ساڭا ناماقۇل.

مرىڭ خ. يىغلاڭغۇ. م: تازا مرىڭباش بالىكەن!
مسلىمياڭ غ. ئېزىلەڭگۇ، سولاش، لەقۋا.
مسىل خ. پاخال؛ پاخالدا ياسالغان كۆرپە؛ پاخال تۆشەك.
مش خ. مۇشۇك (بۇ سۆز كوپىنچە كېرىيەدە قوللىنىلىدۇ).
مشە ت. تۇكى قىرىۋېتىلگەن ئاشلاق تېرە. م: مشە خالتا.
مشمرىق خ. چىددىماس، يىغلاڭغۇ.
مڭەر قۇ. پۇتۇن بەدەن، ئۆگە-ئۆگىلەر. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

مەتنىياز دەپ قىچارسام،
سڭار كۆزلۈك ئەر چىقتى.
ئارقارلارنى قويلۇشۇپ،
مڭەرلەردىن تەر چىقتى.

مڭگەن قە. كورا.
ملجىڭ غ. ئەزمە. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

ملجىڭ ئادەم سۆز بۇزار،
قىڭغىر هارۋا يول بۇزار.

ملجنگنى ئەزمە يېگىدۇ،
ئەزمنى بەزمە يېگىدۇ.

ملىك قە. چىشنىڭ يىلتىز تەرىپىدە چىشنى كۆتىرىپ تۇرىدىغان گۆش ئارىلىغىدىكى بوشلۇق.
منەپتەكۈن قە. دەم ئالىدىغان كۈندىن باشقا كۈنلەر.
منىك ئات منىدىغان ئات.
ميانە خ. يامان، يېقىمسىز. م: ميانە ئادەم — يېقىمسىز ئادەم.
ميانسال خ. سۇلۇق، يوغان، كۆك شاپتۇل.
ميىق ئېغىزنىڭ بۇرجىگى. م: ميىغىدا كۈلمەك.

ن

ناچاق قۇ. نازۇك، زەئىپ، ئاجىز، ئىنچىكە.
ناچا خ. چۆرنەك، كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ چۆرنىكى.
ناچا كۆز قە. كىچىك كۆز. م: ناچىدەك كۆزى نۇرلاندى.
ناچۆكۈچ قۇ. چەككۈچ، تۆككۈچ.
ناخۇش خ. ئورتاھال، چۈچۈمەل. م: ناخۇش ئانار — ئاچچىقمۇ ئەمەس، تاتلىقمۇ ئەمەس، ئورتاھال ئانار.
نسات ل. نەسىھەت. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئالتىنچى ئايدا ياز بولۇپ،
تۇتقان يارىم ئۇچۇپ كەتتى غاز بولۇپ.
ماڭا نسات قىلماڭلار تۇققانلىرىم،
كېتەدىمەن كارگانلارغا باش بولۇپ.

ناگازگۈل كۇ. نەغەزگۈل (چىغىر تىماقتىن يوغانراق بولىدۇ).
ناگىلا غەمكىن، مەيۇس؛ تۇتۇق، غۇۋا. م: بەزىلىرى ناگىلا، بەزىلىرى خوشال ئىدى؛ ئايدىڭ ناگىلا كۆرۈنەتتى؛ دوستلىرىمىز خوشال، دۈشمەنلىرىمىز ناگىلا.
نامارغۇ قۇ. نەمخۇش. م: نامارغۇ يەر — نەمخۇش يەر.
نامرات-چۇمرات نامرات، كەمبەغەل، ئاجىز-ئورۇق.
نامۇزۇن ل. تەمسىز، لەززەتسىز، تېتىقسىز.

ئانتاختا ع. نان يېسىلايدىغان تاختا.
نە خ. ئۇچار ـ قاناتلارنىڭ ئەركىكى (كۆپىنچە كەپتەرگە ئىشلىتىلىدۇ).
نەدىن ئارا قۇ. نەدىندۇر، قاياقتىندۇر (بىراۋنىڭ كۈتۈلمەگەندە، بىئەپ چاغدا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ). م: بۇ نەدىن ئارا كەلدى، ئادەمنى ئېلىشتۇرۇپ.
نەمتېپە قىلماق قە. چالا ـ بۇلا نەمدىمەك. م: ئۆيدە يېگۈدەك ئاشلىق بولمىغانلىقتىن، چىلان يوپۇرمىغى ۋە توك چىلان بىلەنلا نەمتېپە قىلىپ يۈرەتتى.
نەيزۇ ت. يايپاڭ قارا چىنە.
نوپ قۇ. ئىش ـ كۈش.
نوپۇق قۇ. يوشۇرۇن، مەخپى. م: گەپنى نوپۇقراق ئېيتىپتۇ.
نور تامچا.
نوغۇچ ل. يىپ ئايرىش تاياقچىسى.
نوغۇچ ئاياق قە. ئىنچىكە، ئۇزۇن پۇت، شادا پاچاق.
نوقاتچىلىق ئا. ئالدىراشچىلىق، بېسىقچىلىق. م: بۇ ئىش تازا نوقاتچىلىق ۋاقتىدا كەلدى.
نوقانچى خاماندىن ئاشلىق تىلىگۈچى تىلەمچى. نوقانچىنىڭ كۆزى يامان، سۇخەنچىنىڭ سۆزى (ماقال).
نوكەش نور: تۆمۈر نوكەش ـــ تومۇر نور.
نوگاي قە. قاپاق چۆمۈچ.
نومۇتلۇق قۇ. ئۇمىتسىزلىك.
نوۋەر ياشلىق، قىرانلىق. م: ئۇ چاغلاردا تازا نوۋەر ۋاقتىم

ئىدى.

نۆتۈرىمەك قۇ. كاڭگىرىماق، گاڭۋالاشماق.

نېمىرغا قۇ. نەمخۇش؛ نېمىرغا يەر—نەمخۇش يەر.

نىخ خ. مىقدار سۆز. م: يىپنىڭ بىر نىخى، ئۈچ نىخلىق يىپ.

نىلقا قۇ. بوۋاق، نارىسىدە. م: نىلقا بالا—بوۋاق بالا، نارىسىدە بالا.

نىمشەك قە. ئېغىرلىق ئۆلچىمى (ئىككى جىڭغا تەڭ).

ھ

ھاپ ئېغىزنىڭ تېز ئېچىلىپ ـ يېپىلىشىنى ئىپادىلەيدىغان ئىملىق سۆز. م: ھاپ ئەتمەك، ھاپ قىلماق.
ھاپپاق شاپىلاق؛ ھاپپاقىلماق ـ شاپلاقلىماق. م: ئەركىن تىزىغا ھاپپاقلاپ، بىردەم ئالدىغا، بىردەم كەينىگە تەۋرىنىپ يىغلىماقتا ئىدى. بۇ سۆز "ھاپپا" شەكلىدىمۇ كېلىدۇ.
ھاپ ئۇرماق ئا. لاپ ئۇرماق، پو ئاتماق، يالغان ئېيتماق.
ھاتتار خ. دورا پۇرۇش.
ھاردۇققا چىقماق قۇ. پىنسىيىگە چىقماق. م: دادام ھاردۇققا چىقتى.
ھاش قاپاق خ. ياپما قاپاق.
ھاكىۋاتو خ. ئىش قىلىپ، قانداق بولمىسۇن.
ھاگۇل ئا. ھويلا، قورۇ ("ھوگۇل"مۇ دېيىلىدۇ).
ھاگنا قۇ. كېيىكنىڭ ئەركىكى.
ھاڭغۇق غ. بويۇنتۇرۇق، ئۆكۈزنى قوشقا قاتقاندا بويىنىغا سېلىنىدىغان قوۋۇق.
ھاڭغىرقاي ئوچۇق، ئېچىلىپ قالغان. م: ئېغىللار بوشاپ، ھاڭغىرقايلا بولۇپ قالدى؛ ھاڭغىرقاي بولۇپ قالغان ھويلىلار؛ ئىشىك ـ دەرىزىلەر ھاڭغىرقاي ئوچۇق تۇرۇپتۇ.

هاڭگا تېرەك قە. تېرەكنىڭ بىر تۈرى.
هاڭگىز خ. ئېگىز.
هاڭ قالماق ت. هاڭ قېتىپ قالماق، هاڭتاڭ بولۇپ قالماق، داڭ قېتىپ قالماق.
هالپۇ خ. كىچىك ئىشنى يوغان قىلىپ كۆرسىتىدىغان لاپچىر.
هالگىۋدىت قۇ. شىزى (مۆە).
هاللازلىماق خ. هاڭگا ئىشەكنىڭ هاڭراپ يۈگرىشى ("هاللاز ئاتماق"مۇ دېيىلىدۇ).
هاللاڭ خ. "هاڭغىرقاي"غا ئوخشاش.
هاللەسە قۇ. بار نەرسىنى تەڭ كۆرۈپ پايدىلانماق.
هالۇ خ. هويلا.
هاپاش قىلماق ت. يۇدۇمەك (ئادەمنى يۇدۇشكە قارىتىلىدۇ).
هامنام قۇ. هاممام (مونچا)؛ تىنچىق، دىمىق.
هامى ھىمايە قىلغۇچى، قوغدىغۇچى، ئاقلىغۇچى، يان باسقۇچى.
هاملە قۇرساقتىكى بالا؛ تۆرەلمە.
هاما قە. هاماچا، دادىسىنىڭ ياكى ئانىسىنىڭ ھەمشىرىلىرى (ئاچا-سىڭىللىرى).
هايلى ت. مىجەز، ساقلىق. م: بۈگۈن هايلىم يوق.
هەپەش ت. قوناق ئۇنىدىن قىلىنغان پېتىر خېمىرنى قازاننىڭ چۆرىسىگە يېقىپ هوردا پىشۇرۇلىدىغان نان.
هەپتىرەك قۇ. ئالا-جوقا، تۇتۇرۇقسىز.
هەپ دورا قە. كۇمۇلاچ دورا.
هەپسە قاماق، سولاق، تۇرمە.

هەپسەر ت. تويماس، قارنى يامان.
هەپسلا ئادەم خ. كۆڭلىنىڭ شىرىسى بار ئادەم.
هەپشەمەك ت. ئەسنىمەك.
هەتتەم قۇ. هاكاۋۇر، تەكەببۇر؛ پوچى، داۋراڭچى.
هەتتەمشا قۇ. "هەتتەم"گە ئوخشاش.
هەجەڭگە قۇ. گۇلەڭگۇچ.
هەجەڭگۇچ قۇ. "هەجەڭگە"گە ئوخشاش.
هەدە غ. ئاچا، ئېگىچە.
هەررەڭ-سەررەڭ قاملاشمىغان، كەلسە-كەلمەس، ئىسگىز-پەس، تېتىقسىز، ئالىجوقان م: هەررەك-سەررەڭ گەپ قىلماق، هەررەڭ-سەررەڭ نەرسىلەرنى يېمەك، هەررەڭ-سەررەڭ كىيىنمەك.
هەس-هەس هەيران، هاڭتاڭ. م: هەس-هەس بولماق—هەيران بولماق، هاڭتاڭ قالماق، ئەجەپلەنمەك.
هەسەلى قە. بوز، قوڭۇر (قوينىڭ رەڭگى).
هەش سەت، پاسكىنا. م: ئەل جېنى بىلەن، هەش قىز ئېرى بىلەن (ماقال).
هەقۇۋ خ. ۋەج، بىسات، دۇنيا.
هەمەك قە. نېپىز نان.
هەمسات غ. بىردەم، دەرهال، شۇئان. م: هەمساتتا—بىردەمدە، دەرهال؛ هەمساتنىڭ ئىچىدە بېرىپ كېلىمەن.
هەمسال ت. تەڭتۇش، ياشداش؛ كۆيۈمچان، مېھرىۋان.م: ئۇلار بىر بىرىگە بەك هەمسال.
هەمكام خ. ئىتتىپاق، ئىناق.

هوپقوۋۇز ئىششىپ قالغاندەك. م: ئۇ هوپقۇۋۇز چىرايىنى سەت تۇرۇپ، هومايغان هالدا ھۆكۈردى.

هوت ئەتىياز پەسلى كىرگەن ۋاقىت. م: ياراشسا هوت، ياراشمىسا جۇت (ماقال).

هوجرا كىيى غ. توي كۈنىنىڭ ئەتىسى قىز ۋە يىگىتنىڭ دوستلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ ئۆتكۈزىدىغان مەرىكە.

هودەق خ. كۆكەرمە. م: تازا هودەق ئىمىكەن بۇ!

هور[1] قۇ. ياغاچ هاۋانچا.

هور[2] قە. بۇغداي ياكى گۈرۈچ ئاقلايدىغان سوقا.

هورلۇق نان ت. جىگموما.

هورنى چىقارماسلىق چاندۇرماسلىق، تۇيغۇزماسلىق.

هوگا قە. چوقان، سۈرەن. م: پۈتۈن شەهەرنى قاپلىغان تېخىمۇ كۈچلۈك هوگا كۆتىرىلدى.

هوگا-جاهان قۇ. هاۋا، كىلىمات، ئىقلىم. م: هوگا-جاهان ئىسسىپ قالدى — هاۋا ئىسسىپ قالدى.

هوگازا قۇ. ئويۇق، ئويۇقچە، تەكچە ("هوگاز"مۇ دېيىلىدۇ).

هوگا-سۈرەن كۇ. ۋاراڭ-چۇرۇڭ، سۈرەن-چوقان. م: هەپتىدە بىر بولىدىغان هوگا-سۈرەنلىك بازار.

هوڭ قۇ. تاش ياكى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان ئىگىزلىك.

هولا قە. يالقۇن، گۈلخان. م: تونۇرنىڭ ئوتى هولا بولۇپ كېتىپتۇ؛ هولا سالماق — گۈلخان ياقماق. ("هولۇ"مۇ دېيىلىدۇ).

هولۇلوپ ئالدىراڭغۇ، تەۋەككۈلچى. م: هولۇلوپ ئادەم — ئالدىراڭغۇ ئادەم.

Altunoq

هونان قه. "هورلۇق نان"غا ئوخشاش.
هونناق قه. گالغا چىقىدىغان بىر خىل زەھەرلىك يارا؛ قۇۋ، ھىلىگەر، كۆيدۈرگۈ، ئىچى تار.
هونۇس قۇ. خۇددى، دىگەندەك. م: بۇ ئىش ھونۇس مىنىڭ دىگىنىمدەك بولۇپ چىقتى.
ھوۋۇقماق غ. ئىششىپ قالماق. م: ئۇنىڭ كۆز-قاپاقلىرى ھوۋۇقۇپ، بۇرنى ئىششىپ كەتكەن ئىدى.
ھۇررەك غ. ئۇششۇق، كوكەرمە، مۇتەھەم. م: جىدەلنى پۇلغا سېتىۋالىدىغان ھۇررەكلەر.
ھۇقۇيتماق خ. ۋاقىرىماق، توۋلىماق، چاقىرماق.
ھۆپىگەر ھۈنەرۋەن، كاسىپ؛ ئۇششاق ئېلىپ ساتار.
ھۆپىگەن خ. چاشقان جىنسىغا كىرىدىغان بىر خىل جانىۋار.
ھۆپىلەك تاش غ. باللار ئويۇنى "بەش تاش"نىڭ چوڭى.
ھۆدەيچى قه. خەۋەرچى.
ھۆددەس خ. پەقەت، ئەسلا، زادىلا.
ھۆسۇت قه. ھەسەت، قىزغىنىش.
ھۆسلە-سۇلكەت قىزغىنىلىق، خۇشخۇيلۇق. م: ئۇ بىزنى ئىسسىق چىراي، ھۆسلە-سۇلكەت، شىرىن سۆزلەر بىلەن قارشى ئالدى.
ھۆكۈنەك خ. ھەرىنىڭ ئۇۋىسى، ھەرە كۆنىكى.
ھۆلتەن ل. تىرىك جان.
ھۆمىدىمەك ھاسىرىماق. م: ئۇ ھاسىراپ-ھۆمىدەپ يېتىپ كەلدى؛ نىمە ئالداق ھۆمىدەپ كەتتىڭ؟
ھۆپلىمەك ت. ئىسسىق ئۇرۇپ كەتمەك. م: بۇ يىل ئىسسىق

قاتتىق بولغانلىقتىن، بۇغدايلار ھۆپلەپ يېتىپ كەتتى.

ھېرىقماق قە. ھارماق، چارچىماق.

ھېزى بولماق قە. دىققەت قىلماق، سەگەك بولماق، پەخەس بولماق.

ھېزىم بوزەك خ. بوزەك، يۇۋاش.

ھېشىق غ. قېلىن، گەپ ئۆتمەيدىغان.

ھېكماچ خ. تاق كالا تارتىدىغان قوش، ساپان.

ھېلىلىق خ. پاسكىنا، كىر.

ھېيتماق ئەيىبى بار، ئەيىپناك.

ھېيجىن خ. ۋىيەي. م: ھېيجىن، شۇنىڭغىمۇ يىغلامتىكەن!

ھىرلىگۇدۇك قۇ. گومۇش، كالۋا، دەلدۈش، ھاڭۋاقتى، پاڭقۇش.

ھىرلىڭ قۇ. "ھىرلىگۇدۇك"غا ئوخشاش.

ھىجاق ھىجىيىپ يۈرىدىغان ئادەم.

ھىم خ. ئىم، ئىچ گەپ. م: ھىمى بىر—گېپى بىر.

ھىمات خ. ئارقا تىرەك، يۆلەنچۈك، باشپانا.

ھىمرىق ئاش قۇ. قولداما.

ھىمدۇك قۇ. يەپ قاچا بىكار قىلىدىغان، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەم.

ھىمىرلاش قە. ھەپىلەشمەك، شۇغۇللانماق. م: كەچكىچە مۇشۇ ئىش بىلەن ھىمىرلاش بولدۇم.

ھىمىرمەك تۈرمەك. م: قاپىغىنى ھىمىرىپ، كالپۇكىنى ھىمىرىپ.

ئو

ئوئەش غ. ئوش، سەتلەش ياكى نارازىلىق سۆزى. م:
ئوئەش، ئوغامنى قايناتمىغىنا!
ئوپقان تويماس. م: باي تولا يېسە خوردان دەر، نامرات تولا يېسە ئوپقان دەر (ماقال).
ئوپۇر ت. ئازگال؛ ئالدام، دام، قاپقان. م: كالا ئوپۇرغا چۈشۈپ كېتىپتۇ—كالا ئازگالغا چۈشۈپ كېتىپتۇ؛ ئوپۇرغا چۈشۈپ كەتمەك، ئالدام خالتىغا چۈشۈپ كەتمەك.
ئوپۇرماق قە. تېگىگە يەتكۈزمەك. م: ئوقەت قىلساڭ ئوپۇرۇپ قىل، تومۇرىنى قومۇرۇپ قىل (ماقال).
ئوتاق كىگىز ئۆي، چېدىر، ئاق ئۆي.
ئوتالغۇ ل. ئوتاق. م: قوناق ئوتالغۇسى، كېۋەز ئوتالغۇسى.
ئوتلۇق ت. تونۇرنىڭ كۈلىنى چىقىرىدىغان تۆشۈكى، داپخۇن.
ئوتۇقماق[1] غ. سۈتتىن ئايرىلىپ ئوت يەيدىغان بولۇپ قالماق (قوزا-ئوغلاقلارغا قارىتىلىدۇ) م: قوزا ئوتۇقتى—قوزا ئوت يەيدىغان بولدى.
ئوتۇقماق[2] ئىششىپ قالماق. م: ئۇنىڭ يۈزى ئوتۇقۇپ قېپتۇ.

ئوتۇنئۆي ل. ئوتۇنخانا.
ئوت ئېغىز قۇ. ئاغزى ئىتتىك.
ئوتمغات قۇ. ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ باش كىيىمىگە تاقىلىدىغان ئەمەل تاجىسى.
ئوخشۇالماق قۇ. قېتىشۇالماق، گىدىيىشۇالماق؛ مازلىشۇالماق. م؛ بۇ تازا ئوخشۇاپتۇ.
ئودىكام قە. باللار ئويۇنىنىڭ بىر تۈرى (يەرگە قاتار-قاتار قىلىپ ئورەك كولاپ، پومزەكنى دومىلىتىپ ئورەككە چۈشۈرۈپ ئوينايدۇ).
ئورا قۇ. تەسكەي.
ئوراقچە قۇ. كىچىك ئورغاق، قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئوغلۇمغا بەردىم ئوراقچە،
قىزىمغا بەردىم قىڭغىراقچە.

ئوراي قۇ. باشتىكى چاچنىڭ چۆگۈلىسى، (لوپنۇردا "ئورۇغۇي" دېيىلىدۇ).
ئوردۇ چاشقان ۋە كۇسۆتكىگە ئوخشاش يەر ئاستىدا ياشايدىغان هايۋانلارنىڭ ئۇۋىسى.
ئورلاڭ غ. بېقىندى، باغلاندى، قورچاق، چوڭ پادىشالارغا قارايدىغان كىچىك شاهلار، بەگلەر. م؛ ئورلاڭ بېگى — بېقىندى بەگ.
ئوروجەك ل. روجەك.
ئورۇغۇي ل. "ئوراي"غا قاراڭ.
ئورۇنجى خ. پايتىما.
ئوزماق ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمەك، ئېشىپ كەتمەك.

ئوش-كە قوش ھەيدىگەندە كالىنى تاپقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىيتىلىدىغان ئىملىق سۆز.

ئوشۇقچىلىق قىلماق قە. ھەددىدىن ئاشماق، زورلۇق قىلماق.

م: ھەددىدىن ئېشىپ ساقچىلارغىمۇ ئوشۇقچىلىق قىلدى.

ئوشۇقماق قۇ. ئالدىرىماق، تەمتىرىمەك، ھولۇقماق، ئاسىقـماق، چۆچۈمەك، جىددىيلەشمەك. م: ئوشۇقماي گەپ قىل.

ئوغچا خ. باسماق، توزاق.

ئوغۇ غ. تېرىق سوقىدىغان ياغاچ سايمان.

ئوغۇش قۇ. قەي قىلماق، ھۆ بولماق.

ئوغۇلجىماق تەزىم-تەكرىم قىلماق، ھۆرمەت قىلماق.

ئوغىيامان قۇ. ئاچچىغى يامان، زەھەر خالتىسى.

ئوق قۇ. ھەسسە، ئۈلۈش.

ئوقرەك قە. بويۇننىڭ ئاستىدىكى سۆڭەك ئوقرەك سۆڭـگى دىيىـلىـدۇ، سول ئوقـرەك، ئوڭ ئوقـرەك دەپ ئىككـىـگە بۆلۈنىدۇ.

ئوققا ئۇچۇرماق ئوق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرمەك.

ئوقۇرۇق[1] غ. ئات تۇتـىـدىـغان سالـما. قوشاقـتا مۇنـداق كەلگەن:

كەسلەنچۈككە ئوقۇرۇق سالدىم،
سۇرۇلدى، قاچتى.
يېنى، يوق قوڭغۇزنى مىنىپ قوغلىۋىدىم،
بەش داۋان ئاشتى.

ئوقۇرۇق[2] قۇ. مىۋە قاقىدىغان تاياق.

ئوقۇرى ئىگىز نەزىرى ئىگىز. م: ئۇ ئىگىز ئوقۇردا بوغۇز يەپ

كۆنۈپ قالـغان ئۈدەم، ئانداق ـ مۇنـداق يەرلەرنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

ئوك پۈت خ. مورا ئوچاقنىڭ ئوك تەرىپى.

ئوگچە مۇستەقىل، ئۆز ئالدىغا، يالغۇز، ئەركىن، ئىختىيارىي.
م: ئوگچە ئولتۇرۇپ سۆزلىشۋالايلى.

ئوگدا ـ دۈمدە ئوگغا ـ تەتۈرسىگە. م: كېسەل ئارام ئالسۇن، ئوگدا ـ دۈمدە قىلماڭلار.

ئوگدا قويماق ئالدامچىلىق بىلەن بىراۋنى قاتـتىق زىـيان تارتقۇزماق.

ئوگدۇرماسلىق غ. ئىلگىرى كەلتۈرمەسلىك، ئوگغا تارتقۇزـ ماسلىق، ئالغا باستۇرماسلىق (بىراۋنىڭ ئىشـىغا توسـقۇنلۇق قىلىش).

ئوگغايماق غ. ئاغرىق ۋە باشقا سەۋەپـلەردىن ئورۇقـلاپ، ماغـدۇرسىزلـىنىـپ، رەڭـگى ئۆچۈپ كەتـمەك (بۇ سـۆز "ئىڭگەيـمەك"مۇ دىيىلـىدۇ. م: ××× ئاغرىـپ ئىڭگـىيىپلا كېتىپتۇ).

ئوگلۇق تۈزۈك، توغرا، تەرسا ئەمەس. م: ئوگلۇق ئادەم — تۈزۈك ئادەم.

ئوگماس قە. ئىلگىرى كەلمەس، ئىشى ئوگـغا تارتـماس، تەلەيسىز، پالاكەت بېسىش. م: ئەتتىگەن ئوگمىغان كەچكىچە ئوگماس (ماقال).

ئوگماق مۇۋەپپەقىيەت قازانماق، ۋۇجۇتـقا چىقـماق، ئـىشى ئوگۇشلۇق بولماق؛ تەلىيى كەلمەك.

ئولاك كۇ. چىغـىنىڭ تۈپ تەرـىپىدىـكى ئاقـلىۋېـتىلىدىغان

يوپۇرماقلىرى.

ئۇلان[1] قۇ. يالغۇز، يەككە، غېرىپ، بىچارە؛ ئەركىن، ئىختىيارىي.

ئۇلان[2] قۇ. ئۇلار، تاغ توخۇسى.

ئۇلپاق قۇلاقچا، تۇماق.

ئۇلپاك ت. ئاغزى كىچىك تېگى يوغان ھەم چوڭقۇر ئازگال.

ئۇلپان قە. كالك توپىسى، كونا توپا.

ئۇلغام باغلانغان (تېڭىلغان ياكى تارتىلغان) ئاغامچا ياكى سىمنى چىڭىتىش ئۈچۈن ئارىسىغا قىستۇرۇپ تولغايدىغان كالتەك.

ئۇلغۇر سالماق غ. تەتۈر باغلاش. م: چاپىنىنىڭ ئوق ياغىچىغا ئۇلغۇر سالدى.

ئۇلغماچ قە. "ئۇلغام"غا ئوخشاش.

ئۇلماق تولغىماق، ھىمىرمەك، بارماق بىلەن چىمدىماق. م: مۇشۇ گەپنى ئىككىنچى ئاغزىڭغا ئالدىغان بولساڭ، تىلىڭنى ئۇلۇۋېتىمەن.

ئوناق پەرەز، مۆلچەر، قىياس. م: ئوناق ئوناقتا كەلمىدى، ئارقىدىكى يەر قوناقتا كەلمىدى (ماقال)

ئونماق ل. ئويلىماق، خىيال قىلماق، ئەسلىمەك. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئاقىپ كەلدى باش مەللەنى تارىمى،
ئاگلاپ تۇردۇم كۆڭلۈگۈزۈ يارىمى.
ئوناپ ياتسام چۈشۈمگىما كىرمەيسىز،
بىر مەللەدە يالغۇز ئۆينۇ غارىۋى.

ئوۋلىماق مەزلىمەك، خوش قىلماق (كۆڭۈلنى). قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

نە قىلاي نېمىنە قىلاي،
يىتىم كۆڭۈلنى ئوۋلىماي،
ئەر بولسام كەتمەسمىدىم،
باش ـ كۆزۈمنى ئورىماي.

ئوۋۇش قە. ئوھوي، ۋاي ۋوي (مەنىستىمەسلىكنى بىلدۈردىغان ئىملىق). م: ئوۋۇش، نېمە دەۋاتىسەن؟

ئويچى خىيالپەرەس، مۇتەپەككۇر. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئوي ئويلايسەن، ئوي ئويلايسەن،
ئويچىمىدىڭ سەن.
يان ـ باغىردا يېتىۋاپسەن،
قويچىمىدىڭ سەن.

ئويلاپ كەتمەك قۇ. پەس تەرەپكە قېچىپ كەتمەك. م: ئات تۆۋەينىگە ئويلاپ كەتتى ـــ ئات جەنۇپ تەرەپكە قېچىپ كەتتى.

ئويلاتماق قۇ. قوغلىماق، سۈرمەك، قاچۇرماق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

تۆمۈر خەلپە تەۋرەپتۇ،
ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك.
چاك دارىنى ئويلاتتى،
جاڭگالدىكى توڭگۇزدەك.

ئويلۇق سۆڭەك بىلەك سۆڭىكىنىڭ يوغان يېرى.

ئويمات ئوي، ئويمان، ئويمانلىق. م: ئويماتتا سىلىنغان

كىچىككىنە ئۆي.

ئوينىغۇچ ت. چىلگە. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئوينۇغۇچ ئوبدان نىمە،
يازلىغى بار، كۈزلۈگى يوق.
يىگى يار ئوبدان نىمە،
ئاغزىدا بار كۆڭلىدە يوق.

ئويۇق قۇ. كەشتە نۇسخىسى، ئەندىزە؛ تەكچە.

ئويۇنچى قۇ. ئويۇن كۆرسەتكۈچى، سەھنىدە ياكى كوچىدا تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئويناپ چىققۇچى.

ئۈ

ئۈجۈز قۇ. ئاجىز، خار، پەس؛ ئەرزان.
ئۈجۈزلىماق قۇ. خارلىماق، پەس كۆرمەك.
ئۈجۈل ل. يېكەننىڭ گۈلى. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

قىزىل گۈلۈم نەدە توزۇپ يۈرۈيسەن،
كۆزدە ئۈجۈل قاشرىغىنى ئاچقاندەك.

ئۈچقات غ. پاكار قارا قارىغاي.
ئۈچقۇرۇل قۇ. سىرتتىن باستۇرۇپ كەلگەن ياۋنى يىراقتىن كۆرۈپ، ئوت يېقىپ خەۋەر بېرىش ئۈچۈن شەھەرنىڭ ئەڭ چېتىگە سېلىنغان قوغدىنىش تۈرىسى (پوتەي).
ئۈچقاق توزۇپ كېتىدىغان، ئۈچۈپ كېتىدىغان.
ئۈچلايماق گەۋدىلەنمەك، كۆتىرىلىپ چىقماق، چوقچىيىپ چىقماق.
ئۈچلىماق[1] قۇ. ئۈننى تاسقىماق.
ئۈچلىماق[2] ئۈزارتماق، ئۈچ چىقارماق، ئۈلىماق (چاپاننىڭ يېڭىنى).
ئۈچما غ. تىك: ئۈچما چوققا.
ئۈچماق قۇ. جەننەت، بېيىش.
ئۈچۈرما ئۈچار قاناتلار بالىلىرىنىڭ ئۈچۈش دەرىجىسىگە

AltunOq

يېتىشى. كۆچمە: قىز بالىنىڭ ياتلىق بولۇش يېشىغا يېتىشى. م: قالغاچنىڭ بالىلىرى ئۇچۇرما بوپتۇ؛ بۇ قىز ئۇچۇرما بوپتۇ.

ئۇچۇرما نان قە. تونۇرنىڭ هارارىتىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن تۇنجى قېتىم ياققان نان.

ئۇچۇرما هالڭ چوڭقۇر، تېگى يوق هاڭ.

ئۇچئۇن قۇ. بىرىنچى دەرىجىلىك ئاق ئۈن.

ئۇچۇنما ئاغرىق، كېسەل. م: ئۇچۇنۇپ قالدىم، ئۇچۇنمام قوزغىلىپ قالدى.

ئۇچۇنماق شامال تەگمەك، شامال دارىماق. ئۇچۇنۇپ قالدىم — شامال تېگىپ ئاغرىپ قالدىم.

ئۇچىسى قىچىشماق ئىش "سىغىنىپ" قالغانلىقنى (ئىشتىن قېچىپ ئىشقا تۇتۇلۇپ قالغانلىقنى) بىلدۈرىدىغان بىرىكمە. م: ئۇچىسى قىچىشقان ئېشەك تۇگمەنگە بېرىپتۇ (ماقال).

ئۇختا غ. ئىشنىڭ دەل جايىدىن چىقىشى، كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ چىقىشى. م: ئىشنىڭ ئۇختىسىغا كەلگىنىنى دېمەمدىغان!

ئۇدۇسقىماق قۇ. بوۋاقلارنىڭ ئۇخلاۋېتىپ كۈلۈشى ياكى يىغلىشى.

ئۇدۇم ئادەت، رەسىم، ئەنئەنە؛ ئىرسىيەت؛ مەخپى رېتسېپ. م: بۇ ئىش ماڭا ئۇدۇم بولۇپ قالدى؛ بۇ ماڭا ئاتا-بوۋامدىن قالغان ئۇدۇم.

ئۇران قۇ. شۇئار؛ چاقىرىق؛ سۈرەن، چوقان.

ئۇران-جۇرات ئۇرۇق-جەمەت.

ئۇرتوقاي "ئۇركالتەك"كە ئوخشاش. م: ئۇرتوقاي قىلماق، ئۇرۇپ ۋەتۋەرىگىنى چىقارماق.
ئۇرۇقچا ئۇچكە (ئۇرۇكنىڭ ئۇچكىسى).
ئۇرۇڭقاي غ. ياسانچۇق، مىشچان.
ئۇرۋال قۇ. دەم ئالدۇرۇپ ياكى نۆۋەتلەشتۇرۇپ تېرىلىدىغان يەر ئۇرۋال يەر دېيىلىدۇ.
ئۇز خ. چىرايلىق، گۈزەل؛ ماھىر (قول ئىشى، ئۆي كارىغا ماھىر). ئاز قىل، ئۇز قىل (ماقال).
ئۇزۇن بۆك كىيدۇرمەك ماختاپ ئۇچۇرۇشنى بىلدۈرىدىغان بىرىكمە.
ئۇزۇن تۇرا بويى ئېگىز ئادەم، شادىپاچاق.
ئۇسقاق ل. چۆمۈچ، ساپلىق.
ئۇش قۇ. ئاتاقلىق، داڭلىق.
ئۇششاق-چىپە خ. ئۇششاق-چۈششەك.
ئۇششاق سۆز قۇ. غەيۋەت، شىكايەت؛ سۆز-چۆچەك.
ئۇشلىماق قە. تۇتماق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئۇشلىماق بىلەكمنى،
كۆيدۇرمەك يۈرەكمنى.

ئۇغۇنۇتتە قۇ. ئۇ يەردە.
ئۇقاسىز قۇ. ئەھمىيەتسىز، مەزىسىز، تايىنى يوق.
ئۇقاق تارتماق غ. غەم يېمەك، كۆيۈنمەك. م: ئىككىيلەننىڭ بىر بىرىمىزگە قانداق ئۇقاق تارتىپ يۈرىدىغانلىقىمىزغا ئىشىنەمسىز؟
ئۇقلىماق غ. ئۇگىلىماق، بەدەننى مۇجۇپ قويماق، تۇتۇپ

قويماق.
ئۈگىلانماق ت. ئىچ ئاغرىتماق، ئىچى سىرىلماق. م: ئۇ پۇلنى كانتوغا ئالدۇرۇپ قويۇپتۇ، ناھايىتى ئۈگىلىنىپ كەتتىم.
ئۈل نەرسىنىڭ تېگى، ئارقىسى. م: نانىنىڭ ئۈلى — نانىنىڭ ئارقىسى.
ئۈلاق ماللارغا ئوت، يەم بېرىدىغان ۋە ئۈلارنى سۇغۇرىدىغان ياغاچ ئور.
ئۈلاق-قۇراق قۇ. ئۈلاپ قۇراشتۇرۇلغان. م: ئۈلاق-قۇراق لاتىلار.
ئۈلاق كېمە پۈتۈن ياغاچنى ئويۇپ ياسالغان كېمە ياكى قېيىق.
ئۈلاي ل. پار، ھور، بۇس.
ئۈلدىماق قۇ. تاقىسىز ئاتنىڭ تۇيىغىنىڭ يالىنىپ كېتىشى.
ئۈللىماق چىڭدىماق (تامنىڭ ئۈلىنى)؛ ئوغۇتلىماق، قوناقنى ئۈللىماق — قوناقنى ئوغۇتلىماق.
ئۈلۈغ بەھەك خ. پىلە قۇرۇتىنىڭ تۆتىنچى قېتىم ئۇخلاش ۋاقتى.
ئۈماي قۇ. ئوغۇل بالىنىڭ ئۇرۇقدىنى؛ ئەش، ھەمرا.
ئۈمتاق ت. چايغا چىلاپ يۇمشىتىلىپ ئۈماچ ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن نان.
ئۈمۈنماق قۇ. ئۈمىتسىز قالماق، ئۈمىدى يوقىتا چىقماق، ئۈمۈنۈپ قالماق.
ئۈنتۈق قۇ. ئۇۋاق، تالقان، پاراشوك. م: ئۈنتۈق سوپۇن —

سوپۇن پاراشوگى.

ئۇھسىنماق ئۇھ دىمەك. م: ئۇ، ئۇھسىنىپ ئېغىر دەم ئالدى.

ئۇۋۇەت خ. ئۇيات، نومۇس. ھابدالدا ئۇۋۇەت يوق، كېپەكتە قوۋۇەت (ماقال).

ئۇيا قۇ. قېرىنداش، تۇققان.

ئۇيخاسى يوق قۇ. تايىنى يوق، مەنىسىز. م: بۈگۈن بازار-نىڭ ئۇيخاسى يوق — بۈگۈن بازاردا مالنىڭ تايىنى يوق.

ئۇيقا-تۇيقا ۋەيران، خاراپ. م: بوران كۆكتاتلارنى ئۇيقا-تۇيقا قىلىۋەتتى.

ئۇيقاش قۇ. ماسلىشىش، قاملىشىش، قاپىيە كېلىش. م: ئۇيقاشمىغان گەپلەر — بىر بىرىگە باغلاشمىغان گەپلەر.

ئۇيقىلماق خ. "ئۇقىلماق"قا ئوخشاش.

ئۇيۇتقا قۇ. ئۇيۇتقان نەرسە؛ ھۈجەيرە، كىلىتكا.

ئۇيۇق-تۇيۇق قۇ. "ئۇيقا-تۇيقا"غا ئوخشاش.

ئۇيۇل قۇ. مۇنەك، لەختە. م: قان قېتىپ ئۇيۇل بولۇپ قېتىۇ — قان ئۇيۇپ قېتىۇ.

ئۆ

ئۆپكە ـ باغرىنى قاقماق كۆيۈنمەك، مېھرىۋانلىق قىلماق.
ئۆپكىدىمەك ئۆكسۈمەك، ئۆپكىدەپ يىغلىماق، ئۆكسۈپ يىغلىماق.
ئۆپكىسنى ئېچىدىن قاقماق بىلىندۇرمەي ئەدىپىنى بەرمەك.
ئۆپكىسى ئۆرۈلمەك غ. كۆڭلى بۇزۇلماق، يىغا تۇتماق.
ئۆپلەن خ. چاشقان تىپىغا كىرىدىغان بىر خىل كىچىك جانىۋار.
ئۆپۈپ ـ تېتىپ قە. تاماقتا كۆڭۈلشمەيلا ئېغىز تېگىپ قويماق.
ئۆپۈم قۇ. يۇتۇم. مىقدار سۆز. م: بىر ئۆپۈم چاي.
ئۆتەگ خ. ئېچ ئۆتۈشنىڭ ئىسىم تۈرى.
ئۆتكۈن جىن ـ ئالۋاستى.
ئۆتۈك كېچىك (دەريانىڭ كېچىكى ـــ ئۆتىدىغان يېرى).
ئۆدەكلىك قۇ. ۋاپادار، مېھرىۋان.
ئۆدىمەك قۇ. چارۋا ماللارنىڭ بېشى تۆۋەن، تۆت پۇتى ئاسمانغا بولۇپ قېلىشى (بۇ سۆز غۇلجىدا "ئۆرەدىمەك" دېيىلىدۇ).
ئۆرە قۇ. خۇددى، بەئەينى. م: بۇ بالا ئۆرە دادىسىغا

ئوخشايدىكەن.

ئۆرە-تۆپە قە. ئۆرە-دۆرە، مالىماتاڭ. م: ئۆيىنىڭ ئىچى بىر پەس ئۆرە-تۆپە بولۇپ كەتتى.

ئۆرەسكەل قۇ. ئاجايىپ، غەلىتە، قاملاشمىغان، ئەپلەشمىگەن.

ئۆرەنلىمەك ئات-ئېشەكلەرنىڭ ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتىرىپ ئۆرە بولۇشى.

ئۆرەنلىمەك[1] ت. ئات-ئېشەكلەرنىڭ ئالدى پۇتلىرىنى كۆتىرىپ ئۆرە بولۇپ چالۋاقىشى. كۆچمە: ئۆرەنلەپ كەتمەك — خاپا بولۇپ سەكرەپ كەتمەك، چالۋاقىماق.

ئۆرەنلىمەك[2] ت. دۆۋىلىمەك، ئېگىزلەتمەك. م: خاماندىكى چەشلەنگەن بۇغداينى ئۆرەنلەپ ئېگىز دۆۋە قىلماق.

ئۆركىمەك قۇ. كۆكرەكنى كۆكرەككە ياكى باشقا نەرسىگە ياقىماق، سۈركىمەك.

ئۆرلەك قۇ "ئۆلەك"كە ئوخشاش.

ئۆرمەك قۇ. قىلتاغار (تاغلىقلار سۆزى).

ئۆرمەك چىۋىن قۇ. ئۆمۈچۈك.

ئۆرۈش توقۇلمىلارنىڭ ئۆرۈش يىپى.

ئۆرۈمە قۇ. مەشرەپلەردە ئۇسۇل ئوينىغانلارنىڭ بېشىدىن ئۆرۈيدىغان پۇل ياكى نەرسە. (بەزى جايلاردا "ئۆرۈم"مۇ دېيىلىدۇ).

ئۆرىدىمەك "ئۆرەنلىمەك"كە ئوخشاش.

ئۆرىلەشمەك ھەپىلەشمەك.

ئۆزەك يادرو، مېغىز، يۈرەك. ئۆزەكتىن چىققان ئوت يامان،

ئۆزدىن چىققان يات يامان (ماقال).
ئۆزەن غ. دەريا، غول.
ئۆزسىماق ئۆز ئەدىمى دەپ بىلمەك. م: بۇ سوزلەرنى ساڭا ئۆزسىنىپ ئېيتىۋاتىمەن.
ئۆزگەن قۇ. ئاق ئۇۋاق كۆتىگى: ئۆزەك، تومۇر.
ئۆزلە قۇ. سىلى، ئۆزلىرى (2 ــ شەخس كىشىلىك ئالمىشىنىڭ سىپايە تۈرى).
ئۆزلىرى قۇ. سىلىرى ("سىلى"نىڭ تېخىمۇ سىپايە ئېيتىلىشى).
ئۆزنگە كەلمەك غ. هۇشىغا كەلمەك. م: ئۇ بىر هازادىن كېيىن ئۆزنگە كېلىپ، ئاران كۆزىنى ئاچتى.
ئۆزىنىڭ پاشىسىنى قورۇماق ئۆزىنىڭلا غېمىنى يىمەك.
ئۆزىنىڭ سايىسىغا مۇش ئاتماق ئۆزىدىن ئۆزى هۈركىمەك.
ئۆسكۈلەڭ غ. ئىگىز، ئۆسكەن. م: ئۆسكۈلەڭ بويلۇق ــ ئىگىز بويلۇق.
ئۆسۈمتە دەرەخلەردە پۇقاقتەك چىقىپ قالىدىغان مۇدۇرچەك (كېسەللىك).
ئۆكسۈز يېتىم، تەمتىرەپ قالغان ئادەم.
ئۆكسىمەك "ئۆپكىدىمەك"كە ئوخشاش.
ئۆگەن ــ سۆگەن قۇ. ئەيىپ، نۇقسان، كەمچىلىك (جۈپ سۆز).
ئۆڭ نەرسىنىڭ ئادەتتە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تەرىپى، تۈس، چىراي، رەڭ. م: بۇغداي ئۆڭلۈك؛ تېرىسىنىڭ ئۆڭى ــ تېرىنىڭ تۈكسىز تەرىپى. م: ئۆڭ جۇۋا ــ تاشلانمىغان

جۇۋا.

ئۆگەر[1] قۇ. چاپانىنىڭ ئىچ ـ تاش پەشلىرى (ئىچ ئۆگەر، تاش ئۆگەر. بۇ سۆز "ئۆگۈر"مۇ دېيىلىدۇ).

ئۆگسۈل چىراي، رەڭگى ـ روي. م: ئۆگسۈلى يوق ــ چىرايى تاتىرىپ كېتىپتۇ، چىرايىدا قان يوق.

ئۆگكەر قۇ. كۆكرەكنىڭ ئىچكى قىسمى.

ئۆگگە ئاغىنا، دوست، بۇرادەر مەنىسىدە بولۇپ تولاراق "ئاغىنە ـ ئۆگگە" دېگەن جۈپ سۆز شەكلىدە كېلىدۇ. مېلىڭ مىڭغا يەتكۈچە، ئۆگگەڭ مىڭغا يەتسۇن (ماقال).

ئۆگگەرچەك قە. "ئۆگكەر"گە ئوخشاش.

ئۆلەن[1] قۇ. توي باشلانغاندا ئېيتىلىدىغان ناخشا. م: هاي ـ هاي ئۆلەن، هاي ئۆلەن، قىز كېلىدۇ يار سەنەم.

ئۆلەن[2] خۇشپۇراق بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى، يېگىلى بولىدۇ.

ئۆلچەك ئۆلچەم. ئۆينىڭ ئۆلچىگى بار، ئوتتۇرىسىدا كۆلچىگى (ماقال).

ئۆمە ـ دۆمە قە. ئاددىلا، غەيرىي رەسمىي. م: ئۆمە ـ دۆمە ئارام ئېلىۋالساقلا بولىدۇ.

ئۆمەللىمەك ئېغىزنى گەپ قىلىشقا راستىلىماق؛ خېمىرغا سۇنى ئېلەشتۇرۇپ رەسمىي چەيلەشكە راستىلىماق، تەمشەلمەك. م: ئۇ ئاغزىنى گەپكە ئۆمەللەپ كېلىپ، توختاپ قالدى.

ئۆمسە غەلىتە، ئاجايىپ، بۆلەكچىلا.

ئۆمسۈرۈن ت. پاراكەندە، هۇشىدىن كەتكەن، بىهۇش بولۇپ قالغان، چىراي تاتارغان. م: ئۇ هازىرغىچە ئۆمسۈرۈن

ياتىدۇ؛ ئۇنىڭ چىرايى ئۆمسۈرۈن كۆرۈنىدۇ.
ئۆمكەن قۇ. چوڭ ماللارنىڭ كۆكرىگى.
ئۆمگەك لوققا (بالىنىڭ بېشىدىكى قاتمىغان يېرى).
ئۆمگەن گۆرەن تومۇر.
ئۆملۈك ئىتتىپاقلىق، بىرلىك. ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە (ماقال).
ئۆمسلاقمان ئالدىراشلىق، تېنەشلىك. م: ئۆمسلاقمان ئادەم — ئالدىراقسان ئادەم، ئۆمسلاقمانلا كېلىپ قالدىم — ئالدىراشلا كېلىپ قالدىم.
ئۆنجمەس قۇ. سىجىل، كۆن ئاتلىماي، ئۇدا. م: ئۆنجمەس توخۇي — كۆن ئاتلىماي تۇغىدىغان توخۇي.
ئۆندە خ. يامان، قالتىس، كارامەت. م: ئۆندە گادای — يامان نىمە، قالتىس ئادەم.
ئۆندەرىمەك ئالدىرىماق، تەمتىرىمەك، ھولۇقماق؛ جۇۋۇماق، ئاۋارە بولماق؛ چۆچىمەك. م: بالا ئۆندەرەپ ئوخۇنۇپ كەتتى؛ ئۆندەرىمەي سۆزلەڭ؛ ئۆندەرىمەي ئولتۇرۇڭ، بىر ئاز گەپلىشەيلى.
ئۆندۈلۈك خاتالىق، سەۋەنلىك.
ئۆۋەر قۇ. كۆنگەي.
ئۆۋەك غ. يۆلەنچۈك. م: ئۇ نەچچە كۈندىن بۇيان بىھوش بولۇپ، ھەچنىمنى ئۇقماي ئۆۋەكتە ياتىدۇ.
ئۆيە ل. مەڭگەن، بۇغداي پاخلى.
ئۆي تۆشۈكى قە. ئۆي ئىشلىرى، قازان ئىشلىرى. م: توققۇز يېشىدا ھاياتىنىڭ ساڭا قىلغان سوۋغىسى ئۆي

تۆشۈكى بولدىمۇ؟

ئۆيسەن ئۆي سايان، ئۆيسەن كىرىلى — ئۆيگە كىرەيلى.

ئۆيلدك كۇ. ئۆي ئورنى، ئۆي ئورنىغا تاللانغان يەر.

ئۆيلەك قۇ. ساسلىق، چىملىق، چىمەن؛ ئوتلاق. ("ئۆرلەك"مۇ دېيىلىدۇ).

ئۆيلەك چېچىكى قۇ. چىملىقتا ئۆسىدىغان سېرىق گۈل.

ئۆي ئىچلىك ت. ئۆي ئىشلىرى. م: بۇ خوتۇننىڭ ئۆي ئىچلىكى يوق — بۇ خوتۇن ئۆي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى بىلمەيدۇ؛ ئۆي ئىچىدە كىيىدىغان كىيىم — ئۆي ئىچلىك كىيىم.

ئۆيمەك قە. بىئارام بولماق، باشقىچە بولماق، ئەنسىرىمەك، تۇيماق. م: ئۇلار كۆڭلى ئۆيگەن ھالدا بىر بىرىگە قاراشتى؛ بۇ ئاۋازنى ھەرقانداق كىشى ئاڭلىسا، يۈرىكى ئۆيمەي قالمايتتى؛ قىزىم، شۇ چاققىچە نەگە كەتتىڭ، سەندىن كۆڭلۈم ئۆيەپ ئولتۇرالماي كەتتىم.

ئۆينى ئوچاق قىلىۋەتمەك جېدەل چىقىرىپ، ئۆينى بىر ئالماق، قالايمىقان قىلىۋەتمەك.

Altun0q

ئۆ

ئۆجۈرە قۇ. جۆرە، جۈپ، تەڭداش. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئالا غوللۇق غاڭزىنىڭ،
سىرىق ئىكەن جۈيزىسى.
قۇمۇل شەھىرىدە يوق ئىكەن،
بىزنىڭ يارنىڭ ئۆجۈرىسى.

ئۆجۈك كىچىك ئوغۇل باللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز (قۇمۇلدا "چولدۇر" دېيىلىدۇ).

ئۆكلىمەك قە. قوينىڭ بېشى ۋە پاقالچاقلىرىنى ئوتقا تۇتۇپ، تۈكلىرىنى كۆيدۈرمەك (قۇمۇل-تۇرپاندا "قۇيقىلاش" دېيىلىدۇ).

ئۆدۈسكىلىمەك غ. تەمترىمەك، تىمىسقىلىماق. م: كۆزى كۆرمەي ئۆدۈسكىلەپ يۈرىدۇ.

ئۆدۈگەن ل. ئاغمىخان.

ئۆرە بولماق غ. كۆنمەك، ئىجىل بولماق. م: بۇ ئىت ئادەمگە ئۆرە بولمىغۇدەك.

ئۆرەن ئۇرۇق، دانلارنىڭ بىخلىنىدىغان ئورنى. م: ئۇرەنلىك بۇغداي — ئۇرۇق قىلىنىدىغان بۇغداي.

ئۇز قۇ. ياغ، ماي. م: بۇ ئاش ئۇزلۇك ئاش بوپتۇ.
ئۇزۇتلۇك قۇ. بېخىللىق، پىخسىقلىق.
ئۇسكەن خ. ئۇزۇنچاق سىۋەت؛ تۇگمەنىنىڭ ئۇكۇت قۇيىدىغان ساندۇغى.
ئۇشكۇرمەك قۇ. ئىسقىرتماق.
ئۇكۇچەكلىك قە. ساندۇق ياساش ئۈچۈن تەييارلانغان ياغاچ.
ئۇلگۇجە غ. توپ، پىۈتۈن، پارچىلىماي. م: ئۇلگۇجە ساتماق — توپ ساتماق.
ئۇلگۇدىمەك غ. يىرىكدىمەك، نەرسىنىڭ يىرىكىنى ئايرىۋەتمەك. م: ساماننى ئۇلگۇدىمەك — ساماننىڭ يىرىكىنى ئايرىپ، يۇمشاقلىرىنى قالدۇرماق (تۇرپاندا شاللاش مەنىسىدە "ئۇلگۇمەك" دېيىلىدۇ).
ئۇنلىمەك ئاۋاز چىقارماق، سايرىماق، ۋاقىرىماق. م: پويىزنى سۆرىگەن بوقىسى، ناغرىنى ئۇنلەتكەن چوكىسى (ماقال). قوشاقتا مۇنداق كەلگەن: دۇتار دىگەن بىر ياغاچ، ئۇنلەيدىغان تارىسى؛ يۇرىگىمنى كۆيدۇرگەن، قېشىگىزنىڭ قارىسى.
ئۇيۇر غ. يىلقا، پادا، توپ. ئاتىسى باشقىنى خۇدا قوشىدۇ، ئۇيۇرى باشقىنى نوختا (ماقال).

ۋ

ۋاخان خ. پاكار، پەتەك.
ۋادەك قە. شادا، سالاسۇن، رىشاتكا. م: گۈللۈكنىڭ ۋادىگى.
ۋاسا قە. ئۆينىڭ تورۇسىغا تىزىلىدىغان كالتا-كالتا ياغاچ.
ۋاسالغۇ خ. قورۇتۇلغان ئۈجمە، ئۈجمە قورۇغى.
ۋاسۋاسچىلىق قە. بىئاراملىق، خاتىرجەمسىزلىك.
ۋاسدەميان خ. ئارىلىق قويۇپ تىزىلغان ۋاسا.
ۋاشاڭ قە. غازاڭ، پاساڭ. م: قوغۇن ۋاشىڭى — قوغۇن غازىڭى (پاسىڭى).
ۋاغجىر قە. بۇجغۇر، بۇدرە. م: ۋاغجىر قوي — بۇجغۇر قوي.
ۋاقاقلىماق قە. قاقاقلىماق. م: توخۇلار ۋاقاقلىشاتتى.
ۋالەك تۇلۇقچە.
ۋاللەي قە. گاگار ئويۇنى.
ۋايجان چىت قە. نېپىز چىت.
ۋاي-ۋايلىماق قاخشىماق، زارلانماق، ۋايسىماق.
ۋەتۋەرەك خ. لەگلەك.
ۋەدىش ئا. ئادەتلىنىش، كۆنۈش.
ۋەلەك غ. ھارۋىغا قوشۇلغان يان ئاتنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئاغامچىنى ھارۋىنىڭ ئوقى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان،

ئىككى بېشى بەلدەكلىك ياغاچ.
ۋىتۋىت غ. كىشىنىڭ ئارقىسىدىن گەپ قىلىش، غەيۋەت قىلىش. م: ۋىت-ۋىت ئادەم — غەيۋەتخور ئادەم.

ئېي

ئېپى ـ مەلە ئەلىمەلە، خۇلۇم ـ خۇشنا.
ئېپى ـ يەڭگە ئاكا ـ ئىنىنىڭ خوتۇنـلىرى. م: ئېـپى ـ يەڭگە-لىرىڭنى ئالغاچ كەلمىدىڭمۇ؟
ئېتەك ياپماق غەمخورلۇق قىلماق، قانات ئاستىغا ئالماق.
ئېتەك سالدى قىلماق قە. يىغىش قىلماق، پۇل ياكى نەرسە چىقىرىشماق. م: ئاغىنىلىرىم تويۇڭنى تېزراق قىلىۋەت دەپ ئېتەك سالدى قىلىپ، مىڭ كوي پۇلنى ئالدىمغا تاشلاشتى.
ئېتىز قە. مىقـدار سـۆز. م: بىر ئېـتىز ئۆي ــ بىر ئېـغىز ئۆي؛ بەش ئېتىز يەر ــ بەش قىر يەر.
ئېتىش قۇ. سوقۇش، ئۇرۇش، جەڭ. م: ئېـتىش بولماق ــ ئۇرۇش بولماق.
ئېتىگى ئۇتلۇق ئاسانلا قارا چاپلىنىپ قالىدىغان ئادەملەرگە بولۇپمۇ ئاياللارغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.
ئېجە ل. ئاچا، ھەدە (تۇرپانـدا ”ئىگىچە“ دېيىلىدۇ).
ئېجىل يار، ئاشنا، ئامـراق، ھەمـرا. لوپـنۇر قوشاقـلىرىـدا مۇنداق كەلگەن:

قوشامەتتى ئۇچۇردۇق ئاغىز يەلدە،
دەردىڭىز زەكەيگەن ئېجىلىم جەندە.

Altun0q

بېرى كەلگەن ئېجىلىم مۇگداشالى،
چىقالمادىم دۈشمەنگە بولدۇم بەندە.

ئېجىل بولماق غ. ئېچكىپ قالماق، ئامراق بولماق.

ئېجىلغا چۈشمەك غ. كالىنىڭ كۆيلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئېچىتمىخورلۇق قە. كىشىنىڭ ئىچىنى ئېچىتىپ سۆزلەش ياكى كۈلۈش، زاڭلىق قىلىش، تەنە قىلىش. م: ئۇ ئېچىتمىخورلۇق بىلەن ھىجايدى.

ئېچىق ئېتىزدىن ئېتىزغا سۇ ئۆتىدىغان ئېغىز؛ ئېچىق بېشى — سۇنىڭ بېشى.

ئېچىقسىز قۇ. كىيىمنىڭ كونا-يېڭىسىنى ئايرىپ-ئاۋايلاپ كىيىشنى بىلمەيدىغان خوتۇنلارغا قارىتىلىدۇ. م: ئېچىقسىز خوتۇن.

ئېرىغ خ. پاكىز، ساپ، تازا.

ئېرىغدىماق قۇ. تازىلىماق، پاكىزلىماق.

ئېرىقشماق قۇ. قېرىشماق، تاكاللاشماق.

ئېرىڭاي ئالتە بارماقلىق ئادەم.

ئېسەلىنىش ئا. جىن چېپىلىش.

ئېسىركىمەك ئاسىرىماق، ئاۋايلىماق.

ئېسىلماق سۇدا كۆپۈپ كەتمەك. م: ئۇ گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك ئېسىلىپ بىر پەس جىم بولۇپ قالدى.

ئېيىق تاپان ئۆستەڭ بويلىرى، تاغ جىلغىلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك.

ئېشەك تىكەن يول بويلىرى ۋە ئېتىز-داللاردا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت.

ئېشەك قومىچى تاغ باغرىلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك.
ئېشكى تۆت چىشلىق بولماق بەك خوشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى، كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.
ئېغى بىلەن بېغى يوق قىلچە تەييارلىغى يوق، تايىنى يوق.
ئېغىر كارۋان ئېغىر مىجەزلىك، گەپ-سۆزدە، ئىش-ھەرىكەتتە ئاستا كىشىلەرنى سۈپەتلەشتە قوللىنىلىدىغان ئوخشاتما سۆز.
ئېغىر ئۈستىخان قە. ھامىلدار، ئىككى قات.
ئېغىزدا تۇغۇۋالغان ئەركە چوڭ قىلغان بالىلارغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.
ئېغىز ئۆي تاشقارقى ئۆي، ئارىلىق ئۆي.
ئېقى كېلىشمەسلىك مىجەزى كېلىشمەسلىك.
ئېكى قۇ. ئاندىن، كېيىن.
ئېكىن غ. زىرائەت.
ئېكىنچى غ. دىخان، تېرىقچى.
ئېكىنچىلىك غ. دىخانچىلىق، تېرىقچىلىق.
ئېگىلچان قۇ. ئېگىلگەك، ئېگىلىپ تۇرىدىغان. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئىگىز-ئىگىز دەرەخلەر،
ئېگىلچان بولسا.
قىزىل-يېشىل يوپۇرماغى،
تۆكۈلچان بولسا.

ئېگىن-كېچەك ل. كىيىم-كېچەك. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئېگىن ـ كېچەك تال بويۇڭغا ياراشىپ،
پۈلى بارلار ئالىپ كەتتى تالاشىپ.
قىزىل گۈلۈم سەن ئاڭغا سەپەر قىلدىڭ،
بىز ئامالسىز يىلغاپ قالدۇق قارلاشىپ.

ئېلىش[1] قۇ. توغان، توما.
ئېلىش[2] قۇ. ھارۋىنىڭ شوتىسى.
ئېلىشماق قۇ. تېگىشمەك، ئالماشماق؛ تۇتۇشماق، چېلىشماق، ئۇرۇشماق.
ئېلىق باج، ئالۋان. م: ئېلىقىدىن سېلىقى ياخشى (ماقال).
ئېنە ل. ئانا، ئاپا (ئۆزىنىڭ تۇققان ئانىسى).
ئېنىمەك ل. ئەن سالماق، ئاتىماق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن.

يارىم مىنىڭەن ئاتىڭگى،
قىزىڭغا بەرگىن ئېنەپ.

ئى

ئىتاچى خ. ئىتئۋاز ("ئىتائۋاز"مۇ دېيىلىدۇ).
ئىجىك قۇ. ئامراقلىق، مەسلىك. م: ئىسجىگى كەلـمەك ـــ مەسلىگى كەلمەك، ئامراقلىغى كەلمەك.
ئىچ پۇشماق خ. خاپا بولماق، ئاچچىغى كەلمەك.
ئىچ تۇرقىماق قۇ. ئىچ پۇشماق، پەرىشان بولـماق، ئىچى تىت ـ تىت بولماق، زېرىكمەك.
ئىچكىنەم قۇ. "ئىچ" سۆزىنىڭ ئەركىلىتىپ ئېيتىلىشى، يۈرىگىم، قەلبىم. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

قارلىق تاغدا قار يېغىپتۇ،
بوز تاغدا تۇمان،
ئىچكىنەمدە ئوت كۆيەدۇر،
كۆڭلۈمدە گۇمان.

ئىچمەك[1] غ. تەرلىك (توقۇم ئاستىغا سېلىنىدىغان نېپىز كىگىز).
ئىچمەك[2] خ. تېرە جىلىتكە.
ئىچكمەك قۇ. ئامراق بولۇپ كەتمەك، ئىجىل بولۇپ كەتمەك (بەزى جايلاردا "ئىچەكەشمەك" دېيىلىدۇ).
ئىدەر[1] قە. خوتۇنلار بوشىنىپ 40 كۈنگىچە بولغان ۋاقىت.

م: ئىدەر تۇتماق.

ئىدەر[2] قۇ. بۆشۈك تويى ئۆتكۈزۈلگىچە بولغان ئارىلىق.

م: ئىدەرلىك ئۆي — تۇغۇتلۇق ئۆي.

ئىدەلىك قە. قاۋۇل، بولۇق. م: ئىدەلىك ئۆسكەن بۇغداي مايسىسى.

ئىدرەم قۇ. پەردە ياكى كۆكلەك قاتارلىق نەرسىلەر ئۈستىگە چىقىرىلغان گۈلگە ئوخشاش سىزىقلار؛ ياغاچ ئۈستىدىكى گۈلگە ئوخشاش سىزىقلار. م: ئىدرەملىك ياغاچ.

ئىدىق قۇ. ياغاچنىڭ پورى (پور ياغاچ).

ئىدى-گۇپاسى قۇ. قارىسى، ئۇچۇرى، دەرەك. م: ئۇنىڭ ئىدى-گۇپاسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ.

ئىدىماق قۇ. پورلاشماق، كۆكۈرۈپ قالماق، ئېچىپ قالماق.

ئىراقى رەڭدار يىپەك بىلەن تىكىلگەن گۈل ۋە شۇنداق گۈل تىكىلگەن نەرسە. م: ئىراقى چاپان، ئىراقى جىيەك، ئىراقى دوپپا.

ئىرەكتە ئەركەك. م: قېرى ئىرەكتى مايمۇنلار (خوتەندە "ئەر" مەنىسىدە "ئىيەكتە" دېيىلىدۇ).

ئىرجارىماق قۇ. ھىجايماق. (تۇرپاندا "ئىرجايماق" دېيىلىدۇ).

ئىركاشا قۇ. لۆم-لۆم، گومۇش.

ئىزلىمەك سانىماق. م: قويىنى بىر ئىزلىۋالسام — قويىنى بىر سانىۋالسام.

ئىردىڭ-سىرىڭ ھورۇن، ئېزىلەڭگۈ.

ئىزچى ئىز قوغلاشقۇچى. م: پادىشا پۈتۈن مەملىكەتتىكى

ئىزچى، سىنچى، رەمچىلەرنى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشكە بۇيرۇپتۇ.
ئىزمۇق تاغ باغرى، چاتقاللىق جايلاردا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت.
ئىستارە[1] خ. كۆكەرمە، ئۇششۇق، مۇتەھەم. م: قەلەم بىچارە، موللا ئىستارە (ماقال).
ئىستارە[2] قۇ. پۇتىلىكاشاڭ، توسالغۇ، نەسلىك، پالاكەتلىك.
ئىسمىدىماق خ. كېسەل سەۋەبىدىن قىزىپ كەتمەك.
ئىسنا قۇ. ئۇسۇل. م: ئىسنىچى — ئۇسۇلچى.
ئىششەك تۆت جىڭغا تەڭ كېلىدىغان ئېغىرلىق ئۆلچىمى.
ئىشقار شۇلتا.
ئىشلىق قولى ئۇز، قولى ئەپچىل، قولىدىن ئىش كېلىدىغان.
ئىش يۇگۇرۇش خ. گېلەم توقۇشنى باشلاش.
ئىكتى كۇ. قۇۋ، ھىلىگەر.
ئىكرلىك قۇ. دەرت، مۇڭ، رەنج، ئەلەم.
ئىكىندى دىگەر ۋاقتى.
ئىگە بولماق قۇ. مەسئۇل بولماق، ھۆددىگە ئالماق، كېپىل بولماق. م: بۇ ئىشقا مەن ئىگە.
ئىگەك چۇشمەك كۇتۇپ تەقەززا بولماق، تېڭىرقىماق.
ئىڭغىرچاق قۇ. لىڭغىرچاق.
ئىڭگىلىك ل. زىرە، ھالقا.
ئىلەك ل. دەريانىڭ تارمىقى، تارماق ئېقىن. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

كىچە ـ كۈندۈز قىلارمەن،
يارىمنى تىلەگىنى.
ئۈچ كۈن ياقالاپ ماڭسىپ،
ئۆگەتنى ئىلەگىنى.
ئاڭىز يالاپ كەتكەندۇر،
گۈلۈمنۇ بىلەگىنى.

ئىلەڭچى جارچى. م: ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، ئىلەڭچىگە ــ كۆرۈم (ماقال).

ئىلەڭ ـ چىلەڭ قۇ. يىمەك ـ ئىچمەكلەر مول بولۇش، ئىشسىپ ـ تىشىپ تۇرۇش.

ئىلەڭگۈتمەك قە. تەۋەتمەك، ئىغاڭلاتماق.

ئىلەڭگۈچ قە. گۆلەڭگۈچ (بەزى جايلاردا "ئىلاڭگا"مۇ دىيىلىدۇ).

ئىلەنمەك ل. چاپلانماق، قوشۇلماق، باغلانماق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

سىزگە ئاتىم ئىلەنسىپ،
مەن قىنىمغا پاتالماي.
غارىپ جان ئۇتۇڭ يامان،
كىچە ئورنۇمدا ياتالماي،
ئىچىمدىكى دەردىمنى
خالى تاپىپ ئايتالماي.

ئىلتىش غ. باشلاش، ئەگەشتۈرۈش. م: ئۇ مىنى ئىلتىپ باردى.

ئىلدىرلاتماق قۇ. تەۋرەتمەك، سىلكىمەك، ئىغاڭلاتماق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئالمىنى ئۈلدۈرلىتاي،
شاپتۇلنى شىلدىرلىتاي.
ئۇتى يوق بىھۇش جوگانغا،
ئوتنى سىلىپ يالدىرلىتاي.

ئۈلغا غ. پەرق. م: ئۈلغا قىلماق — پەرق ئەتمەك، ئاڭقار-ماق.

ئۈلغۇر ئۆلمەك، ئىشكنى ئۈلدىغان ئۆلمەك. ئېرىگغا ئىشەن-گۈچە ئىشىگىنىڭ ئۈلغۇرىغا ئىشەن (ماقال).

ئۈلكەشمەك قۇ. چېتىلماق، ئارىلاشماق، ئېرىشمەك.

ئۈللسۇن قۇ. بىر خىل پۇراقلىق ئوت. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئۈللسۇنمۇ ئۈللسۇن،
ئۈللسۇننى تېرىسۇن.
مەن يارىمغا خالتا بەرسەم،
ئۈللاپ - ئۈللاپ يىغلىسۇن.

ئۈللماق قۇ. پۇرىماق، ئىسكىمەك. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ياخشىنىڭ يادىگارىنى،
كۆز ئۈچىدا ساقلىغىن.
غولى بولسا باشقا سانچىپ،
غۇنچىسىنى ئۈللىغىن.

ئۈلىپ قامەت قە. چىرايلىق، كېلىشكەن، زىلۋا.

ئۈلكتەللە ھەققى تالىق، قىزنىڭ ئۆز ئانىسى تەرەپتىن يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرى.

ئۈلكتمەك قۇ. كۆزگە ئىلماق، ئېتىۋارغا ئالماق، ھىساپقا

ئالماق.

ئىلكى شور قە. تەلەيسىز، جاپاكەش.

ئىلكى قۇرىماق قە. مال-دۇنيادىن ئايرىلماق، ماغدىرىدىن كەتمەك.

ئىلىنچۈك قۇ. ئاساس، بانا، باغلىنىش، يۆلەنچۈك.

ئىلىنچىق غ. ئىلىك-سىلىك. م: ئىلىنچىق ئاغرىق بولۇپ يۈرگىلى ھىرنەچچە كۈن بولغان ئىدى.

ئىن قۇ. خاماندا يانچىلىپ، سورۇلماي قالغان بۇغداي؛ مالنىڭ ئىنى.

ئىنەنمەك قۇ. ئىشەنمەك.

ئىن-تاڭ قە. ھاڭ-تاڭ.

ئىنجا قۇ. ئاۋاق، ئورۇق، زەئىپ (بۇ سۆز "ئىنجار" شەكلىدىمۇ قوللىنىلىدۇ).

ئىنجىتماق رەنجىتمەك.

ئىنجىمارۇق ئورۇق، ئاۋاق، ئاجىز، زەئىپ.

ئىندىمەسلىك قە. پىسەنت قىلماسلىق، كارى بولماسلىق، قۇلاق سالماسلىق، جاۋاپ بەرمەسلىك.

ئىندىمەك قۇ. چاتىرماق، جەلب قىلماق، قاراتماق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئايدىن ئۆنەر يۈزىڭىز،
چولپانغا ئوخشار كۆزىڭىز.
مەن سىزگە كۆيگەن ئەمەس،
ئىندىۋالغان ئۆزىڭىز.

ئىندەك "ئىندىمەك"نىڭ ئىسىم شەكلى (قولغا كۆندۈرۈلگەن

بۇركۈت ـ قارچۇغىلارنى چاقىرغانلىقنى بىلدۈرىدۇ). قوشاقتا مۇنداق كەلگەن: سەن قۇشۇڭنىڭ بارىدا ئۆدەككە سال، غازغا سال، تاڭلا بەش كۈندىن كېيىن مەيلى ئىندەككە كەلسۇن ـ كەلمىسۇن.

ئىنىسقتى قۇ. ئىنجىق، ئىزلەڭگۇ.

ئىنمەك قە. چۇشمەك؛ چۆكمەك. م: سوغا ئىندى ـ سۇغا چۇشتى.

ئىمە قۇ. پارول، كۇلىڭ.

ئىملەمەك قە. ئىشارەت قىلماق. م: ئۇ تۇڭلۇكتىن بېشىنى چىقىرىپ، رىزۋاننى ئىملەپ چاقىردى.

ئىيلەك ت. ئاشلاق. م:ئىيلەك تېرە ــ ئاشلانغان تېرە.

ئىيلىمەك قۇ. ئاشلىماق.

Altunoq

ي

ياپا خ. پۈتۈنلەي، ھەممىسى.
ياپەن خ. ھارۋىنىڭ ھارۋىكەش ئولتۇرىدىغان تاختىيى.
ياپچان تاغ باغرى، دالا، ئېتىز، يول ياقىلىرىدىكى تاشلىق يەرلەردە ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت.
ياپسا قە. ئۇدۇل، توغرا، دەل، ماس، مۇۋاپىق، جىپسا.
م: بۇ ئىش تازا ياپسا كەلدى؛ بۇ ئىككى ياغاچ تازا ياپسا كەلدى — بۇ ئىككى ياغاچ بىر بىرىگە تازا دەل ياكى جىپسا كەلدى.
ياپسال قە. قىيپاش، قىيپاش يەر.
ياپسالىماق قە. ئۇدۇل كەلتۈرمەك، ماس كەلتۈرمەك، جىپسىلاشتۇرماق.
ياپما قۇ. قورداقنىڭ ئۈستىگە پېتىر خېمىرنى يېيىپ دۈملەپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل تاماق.
ياپما نان ت. قورۇلغان سەينىڭ ئۈستىگە بولدۇرۇلغان خېمىرنى يېيىپ، دۈملەپ پىشۇرۇلىدىغان تاماق (قۇمۇلنىڭ "ياپما" دېگەن تامىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ).
ياپما ئۆي ت. ئۈستى ياغاچ ۋە بورا بىلەن يېپىلغان ئۆي ياپما ئۆي دېيىلىدۇ (بۇ كېمىر ئۆي — ئەگمە ئۆيگە قارىتىپ

ئېيتىلغان).

ياتا تۇڭ قە. ياچۇەك، بـۆشۈك تەۋرەتكە.

ياتاڭ قۇ. ئاتقۇچىنىڭ مۇشتىكى.

يات-يوپۇر قۇ. يات، تونۇشمايدىغان.

ياچاق قە. كىچىك يا.

ياداق خ. خار.

يادايچا قۇ. تەخمىنەن، قارىسىغىلا، كـۆڭـۈلگە يـۆلەپ. م: يادايچا گەپ قىلماق — كۆڭلىگە يۆلەپلا بىر نەرسە دىمەك.

يادايـ-چۇداي قۇ. ئاددىـلا، غورىگىل، چۆپچۆل، قاتتىق-قۇرۇق، ئىلاجىسىز، تەسەلـلايـى. م: داسـقىنىمىز يادايـ-چۇداي بولۇپ قالـدى، رازى بولۇشىلا. قوشاقتا مۇنـداق كەلگەن:

مەن سىنى يارىم دىدىم،
قاچان سىنى دائىم دىدىم.
يارغىنامنىڭ يوغىدا
يادايـ-چۇداي يارىم دىدىم.

يادىتاش سېھرىگەرلىك، ئەپسۇن ئوقۇشـتا ئىشلىـتىـلىدىغان تاش. م: ئىچىدە يادىتىـشى بار بالا.

يارا-شىرىق بەدەنگە چىقىدىغان تۈرلۈك ئۇچۇق، چاقا، يارا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىسەللىكلەر.

ياراق يارامـلىق، ياراق ئاتلار — يارامـلىق ئاتلار، يارامىلىق كىيىن.

يارانماق ل. ياخشى كۆرۈنمەك، يارىماق. قوشاقـتا مۇنداق كەلگەن:

قارىپ قالسام يۇرۇيمەن،
تىرەك ئاسا تايانىپ.
ئۇنلۇقتىن بالىق توشۇپ،
ئاداشمىغا يارانىپ.

يارتا ت. يېرىم، م: يارتىلماق — قاق يېرىمىدىن ئىككىگە بۆلمەك.

يارداڭ قۇ. يار، قىيا.

يارما شاپتۇل خ. شاپتۇلنىڭ بىر تۈرى.

يارمىدىماق چالا-بۇلا بىلمەك، يېرىم-ياتا بىر نەرسە قىلماق. م: مەن خەنزۇچىنى پىششىق بىلمەيمەن، ئانچە-مۇنچە يارمىدايمەن — يېرىم-ياتا سۆزلەيمەن.

ياسداق خ. بېزەك، پەرداز، بېزەلگەن.

ياش قۇ. چامغۇر. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

مۇزلاپ ئېرىگەن ياشنى،
توغراپ سالامدۇ ئاشقا.
بىرلا كەلگەن دۆلىتىم،
يېنىپ كېلەمدۇ باشقا.

ياشلىماق قە. قايتىدىن ئىسسىتىپ بەرمەك. م: سىلى ۋاقتىدا كەلمەي، ئاشلىرى سوۋۇپ قالدى، ياشلاپ بېرەي.

ياشمان ت. چۈچۈتۈلگەن ياققا ئۇۋۇتۇلغان ناننى ئارىلاشتۇرۇپ قىلىنغان تاماق (بەزى جايلاردا "يەژمەن"مۇ دېيىلىدۇ).

ياغاچ قولاق قە. گەپ ئۆتمەس، گەپ ئاڭلىماس.

ياغ دادا ل. بوۋا. ئاتىسىنىڭ ئاتىسى.

ياغلاش قه. ياغ سۇرۇپ قويغانـدەك پارقىراپ تۇرىدىغان، ياغلىق. م: ياغـلاش تەرلـرى تامـچىپ تۇرغان؛ دىقـماق بويىندىن ياغلاش تەر تەپچىدى.

ياقا قۇ. ئىجارە (يەر ئىجارىسى).

ياقاگلىماق قۇ. ئېغاگلىماق. چايقالماق.

ياقا-ياۋان ل. چەت-ياقا، م: بىز يۇرتـچۇلۇق ئىـشـىغا ئارالاشـماي، ياقا-ياۋانـدا يۈرۈپ چارـپـاي باقىپ كۈن كۆچۈرۈپ كەلگەن ئادەم.

ياقىماق قۇ. چايقىماق، يۇماق. م: چىنە-قاچىلارنى ياقىۋەت؛ ئاغزىڭنى ياقىۋەت.

ياگپايلى يانتۇلۇق، يانتۇ يەر.

ياگسۇك ل. نامەرد (بۇ سـۆز خوتەنـدىمۇ مۇشۇ مەنـىدە قوللىنىلىدۇ). قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ياخشى گەپپى باھاسى،
ھەركىم ئالسا ملك تىللا.
ئۇينا خىل گاڭگۇك بىلەن،
جان قىينالار ياگسۇگدا.

ياگشىماق ل. سايراپ كەتمەك؛ كۆپ سۆزلـىمەك. مەمدا-نىلىق قىلـماق.

يالا تۆھـمەت، قارا، بـۆھـتان. م: ئەمەت يالىغا كېتىپتۇ — ئەمەت بۆھتانـغا قېپـتۇ؛ يامانـغا يولۇقـساڭ يالـىسى يۇقار، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى (ماقال).

يالاندا سوپۇنىڭ قالـدۇقى (ئىشـلىتىـلىپ نېپىزلەپ قالغان سوپۇن).

يالاق ت. ئىت قاچىسى. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: ئىتمۇ ئۆز يالىقىنى قورۇيدۇ (بۇ سۆز خوتەندە "ئەبرەز، يۇندا تۆكىدىغان ئورۇن" مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ).

يالاڭ ئوچۇق؛ م: يالاڭئاياق، يالاڭ باش؛ ئەستەرسىز؛ م: يالاڭ كىيىم؛ قاتسىز؛ م: يالاڭ قاپاق؛ تاق.م: يالاڭ نومۇر — تاق نومۇر.

يالاياپماق قە. بۆھتان چاپلىماق، قارا چاپلىماق.

يالجا غ. نەتىجە، ئاقىۋەت.

يالجىماق[1] غ. ئىلگىرى كەلمەك، روناق تاپماق. يالغانچى يالجىماس، ئوغرى بېيىماس (ماقال).

يالجىماق[2] غ. زېرىكمەك.

يالداما قە. خاتىرە، يادىكار.

يالدىماق قۇ. ئاتنىڭ يايلىتى قىرقىماق.

يالغۇزەك خ. نەي.

يالماش چاينىماي يۇتۇش. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

كۆزۈڭ بىلەن يالمايسەن،
زۇلپۇڭ بىلەن باغلايسەن.
مەن ساڭا نىمە قىلغان،
دەرت قىلماقنى چاغلايسەن.

يالمان قۇلاق ئېتىز-داللاردا، يول بويلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت.

يالىخور قە. تۆھمەتخور، تۆھمەتچى.

يام قە. يوغان تاشتەك. م: بېشىغا يامدەك سەللە ئورىغان داموللام.

Altun0q

ياماپ-تۆشەپ خ. ياماپ-تۆمەپ.
يامان يارا ت. چاشقان يارىسى؛ بويۇن لىمغا سىلى (بويۇنغا چىقىدىغان ساقايماس يارا).
يامچاق قە. تەشتەك، گۈلدان، گۈل قاچىسى.
يامداق[1] قۇ. سۈپۈرگە.
يامداق[2] ت. چوك سۈپۈرگە.
يامداقلىق قۇ. سۈپۈرگە قىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك.
يامدىماق سۈپۈرمەك.
يامزال تاغ باغرى، يانتۇلۇق. م: تاغنىڭ يامزىلىغا چىقىپلا يېنىپ چۈشتۈم.
يانپۇچاق خ. ياغاچ تېشىدىغان سايمان.
يانداق غ. هارۋىغا يانداپ قوشۇلىدىغان ئات. م: ئىچ ئات تارتسا، يانداق ئات تارتماپتۇ (ماقال).
يانىغاچ قۇ. ئىشىكنىڭ يان ياغىچى.
ياۋا كۆكنار چىمەنلىكلەردە ئۆسىدىغان بىر خىل ياۋا چېچەك، تاغلاردىمۇ بولىدۇ.
ياۋا ماش سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، تاغلىق جايلاردىكى ئۆسۈملۈكلەر ئارىسىدا، ئورمان چەتلىرىدىكى نەملىك جايلاردا ئۆسىدۇ.
ياياق ل. پىيادە. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

تىكەنلىككە تىكەن دەسسەپ ياياق كەلدىم،
هەمرايىم يوق غارىپ يالغۇز يىلغاپ كەلدىم.
بىر ئىل بولدى سەن بۇ ياقتا ياتقالى،
غارىپ كۆكلۈم بىلەن سېنى يوقتاپ كەلدىم.

ياپتاق قە. ئىگەرسىز، ئىگەر توقۇلمىغان. م: ياپتاق ئاتقا مىندىم. (بۇ سۆز خوتەندە "يۇپتاق"، تۇرپاندا "ياۋداق" دېيىلىدۇ).

يەر پورى ت. يەر تۇزغىقى.

يەر تۇزغاق ل. موگو، قوزىقارنى.

يەر غاجىماق قە. دۈم چۈشمەك. م: يەر غاجاپ ئۆلمەك.

يەر ياڭىقى خاسىڭ.

يەر يالغۇر قە. يەر يۇتقۇر (قاغاش سۆزى). قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

بارمىغۇرەي، بارمىغۇر،
بارغان يېرىدىن كەلمىگۇر.
بىزنى يوللارغا قاراتتى،
ئاشىق دېگەن يەر يالغۇر.

يەريېغى كىرسىن.

يەكسان قە. يالاڭ، ساپلا، پۈتۈنلەي، يەكسان شۇنداق — ساپلا شۇنداق.

يەلەڭ ل. گۆلەڭگۈچ.

يەل-بوران قۇ. شامال-بوران. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

يەل-بوراندەك يەل بولۇپ،
يەتسەم يارىمنىڭ قېشىغا.
مىرزا گۈلدەك ئاچىلىپ،
سانچۇالسام بېشىغا.

يەل يارا ل. سىپلىس.

يەنسۇنۇق قۇ. بۇلاقلاردا بولىدىغان قۇرۇتقا ئوخشاش

جانىۋار، دورا ئورنىدا سۇ بىلەن تىرىكلا ئىچىلىدۇ.
يوبدان خ. قوناق ئۇنىدىن قىلىنغان تاماق.
يوپۇتماق يوشۇرماق، ياپماق.
يوپۇرا قە. ئۇدۇل، دۇچ. م: بىر ماشىنا ئۆينىڭ يوپۇرىسىغا كېلىپ شىپپىدە توختىدى؛ بالام ھىلىقى ئادەمگە يوپۇرا كېلىپ قالمىغىن جۇما!
يوپۇرغا قۇ. سۆرەم.
يوتۇق قۇ. يانتۇ، قىيپاش، يانباغرى. م: يوتۇق يەر — يانتۇ يەر.
يوتۇقماق قە. كۆز قاپىقى ياكى يۈز-كۆزى ئىششىپ قالماق، ئۇۋۇقماق.
يودا قە. ئەبگا، سوكال؛ نامرات، گاداي؛ ئورۇق، قوتۇر.
يودو قۇ. "يودا"غا قاراڭ.
يودىماق قورسىقى ئاغرىغان ئادەملەرنى تۇز، نان قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ئاشلىماق (خۇراپى ئۇسۇل بىلەن داۋالاش).
يورتماق ئۇششاق قەدەم بىلەن تېز ھەم سىلىق ماڭماق (بۇ سۆز ئاساسەن ئاتقا قارىتىلىدۇ). م: ئاتنى يورتماق — ئاتنى يورتۇپ ماڭماق.
يوسۇل قو. پۇقرانى ئالۋاڭ-ياساقتا ھەيدىگۈچى ئوردا دوغىسى، ياساۋۇل.
يوغا ئا. تەكچە، ئويۇق.
يوغا تام قە. ئۆي بىلەن ئۆي ئوتتۇرىسىدىكى پاكار تام.
يوغا تامغا مىنمەڭ قە. مەسخىرە قىلىش سۆزى. م: ۋەلىدىنتكە مىنمەن دىگۈچە، يوغا تامغا مىنىپ كەلگىنە!

يوغانچى چوكچى، تەكەببۇر، پوچى.
يوقساز خ. كەمبەغەل، نامرات.
يوقسز خ. "يوقساز"غا ئوخشاش. م: بالا يوقسزغا، كېيەك ئوقسزغا (ماقال).
يوقلا قۇ. يوق.
يول ئاغزى تۆت كوچا دوقمۇشى.
يولەك قە. ئارىلىق، كارىدور (قورانىڭ دەرۋازىسى ئاستىدىن قورانىڭ ئىچىگە كىرگۈچىلىك بېسىپ ئۆتىدىغان ئارىلىق).
يوناق خ. دەل، توغرا.
يونۇپ-يۇمۇرۇپ قۇ. يونۇپ-قومۇرۇپ.
يۇپۇلۇ ت. يېلىنك، يۇپقا.
يۇتقۇنچاق غ. يۇتقۇلۇق.
يۇتما خ. كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىن ئۆتىدىغان ئېرىق.
يۇدى-يۇقى غ. شىرەم، يىراغراق. م: يۇدى-يۇقى تۇققان.
يۇقما قۇ. يۇقۇملۇق. م: يۇقما ئاغرىق — يۇقۇملۇق كېسەل.
يۇلقۇنماق ئۆزىنى ئۆزى يۇلماق، باغلاقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۈچىنىپ ھەركەت قىلماق. م: قاماقتا چۈشكەن بېلىقتەك يۇلقۇنماقتا ئىدى.
يۇمشىماق يۇمشاپ قالماق، ئاچچىقى يانماق، رايىدىن قايتماق؛ ماقۇل بولماق.
يۇمۇرماق قۇ. قومۇرماق، يونۇماق، ئاغدۇرماق.
يۇمۇرىغا يۇقماسلىق ھېچنەرسە چاغ كەلمەسلىك، قىلچە تەسىر قىلماسلىق.

يۆتۆك قۇ. تولۇقلىما، قوشۇمچە. م: ئاشلىغىمىز تۆگەپ قالاي دىدى. بىرئاز يۆتۆكلىۋالايلى.

يۆگۆمەچ ل. يۆگۆمەچ قىلىپ قاسقاندا پىشۇرۇلىدىغان هورنان، خۇاجۇەر.

يۇدۇمچى ل. هامبال، مال توشۇغۇچى.

يۇرۇش[1] ت. قاتنايدىغان ۋاستە ياكى بىر ياققا بارىدىغان ئادەم. م: يۇرۇش چىقىپ قالسىلا بارىمەن؛ بىرەر يۇرۇش چىقىپ قالسىلا ئەۋەتىپ بىرىمەن.

يۇرۇش[2] قۇ. قائىدە، نىزام، پەدە، چە. م: قۇمۇل يۇرۇ-شىدە — قۇمۇلچە، قۇمۇل پەدىسىدە، قۇمۇل قائىدىسىدە؛ ئۇ ناخشىنى قۇمۇل يۇرۇشىدە ئېيتىدىكەن.

يۇرىگىنى سۇ ياقىلاپ تۇرماق ئەنسىرەپ تۇرماق، قورقۇپ تۇرماق، يۇرەك ئالدى بولماق.

يۇز كۆرسەتمەك ت. ئۆلۈم-يىتىم ئىشلىرىدا ۋە تاسادىپى هادىسىلەر يۇز بەرگەندە پەتەگە بارماق.

يىپىشىق غ. بىزەك، قىلىن.

يىتىنچان قۇ. مىھرىۋان، غەمگۇزار، كۆڭۈلچەك؛ چىچەن، هۇشيار.

يىزەك ل. دەككە.

يىسىر يىتىم (بۇ سۆز كۆپىنچە "يىتىم-يىسىر" دىگەن جۈپ سۆز شەكلىدە كىلىدۇ). قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

ئاتام مىنى ئانام مىنى،
جاپا-ئەمگەك بىلەن باققان.

AltunOq

ئېزىز بېشىمنى يېسىر ئەيلەپ،
مازارلارغا چىراق ياققان.

يېسىۋېلەك ت. بەسەي.
يېشىقماق غ. يەرگە سۇ تولا كىرىپ كەتكەنلىكتىن كۆكىرىپ كۆچىدىن كەتمەك. م: يەرگە سۇ تولا كىرىپ يېشىقىپ كەتتى.
يېغا ئۇرۇش، جەڭ؛ ياۋ، دۈشمەن. يېغا ياندىن قوپار، بالا كەلسە قېرىنداشتىن (ماقال).
يېغىلاشماق قە. ئۇرۇشماق، سوقۇشماق، جېدەللەشمەك.
يېقىن-يورۇق تونۇش-بىلىش. م: ئۇ يېقىن-يورۇقلىرىنىڭ ئەيىپلىشىدىن قەتئىسىرىندى.
يېگۈلۈك تاماق، يېمەكلىك. م: يېرى يەنە يېرىگە يېگۈلۈك تۇتۇپتۇ.
يېلىقماق قۇ. زېرىكمەك. م: بۇ يەردە بىرمۇ تونۇشۇم يوقكەن، بەك يېلىقىپ كەتتىم.
يېمىش قۇ. مېۋە، مېۋە قۇرۇغى.
يېنىنى ئالماق بولۇشماق، يان باسماق، تەرەپدار بولماق. م: ئۇ ئاغىنىسىنىڭ يېنىنى ئېلىپ، ئۇنى بوزەك قىلغانلارغا قارشىلىق بىلدۈردى.
يېنى-ۋېلى قۇ. ئەتراپى، ئۆپ-چۆرىسى.
يېۋىداق قۇ. يايداق. م: ئېشەكنى يېۋىداق مىنىپ كەلدىم.
يىت قۇيماق، چەلپەك، پوشكال.
يىتىم ئوچاق خ. ئوچاقنىڭ ئوت قالايدىغان يېرى.
يىخا-يۆگەم قارا-قويۇق، بىراقلا.

يىدىغ خ. بۇزۇق، بۇزۇلغان. م: يىدىغ تۇخۇم — بۇزۇلغان تۇخۇم.

يىغاچ قەلەم قۇ. قېرىنداش قەلەم.

يىگويەن چاپان قۇ. ياقا ۋە پەشلىرىگە كەشتە بېسىلغان قەدىمقى چاپان (ئايالچە).

يىگىتلەنمەك قە. ئوغۇل باللىق قىلماق، باتۇرلۇغى تۇتماق، جۇرئەتلەنمەك.

يىگنە قۇ. هالقا، زىرە، قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

يارىمنىڭ قۇلاقىغا يىگنە بولاي دەيمەن.
ئوڭ يانىغا چاچ قويۇپ، دىۋانە بولاي دەيمەن.

يىلغاماق ل. يىغلىماق.

يىمەن ل. باياۋان، چۆل، دەشت. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

نەگە يۈرسەڭ سېنى بىلەن بارۇرمەن،
كۆز ياشىمغا كېمە سالىپ ئۆتتۇرمەن.
خۇدايتالا جۇپتۇنۇ ئايرىماسۇن،
غارىپ بولسام شۇ يىمەندە ياتۇرمەن.

تەھرىر: مىرسۇلتان
مەسئۇل تەھرىر: رەقىپ ۋاھاپ
مەسئۇل كوررېكتور: مەريەم ئىسمائىل

ئۇيغۇر شىۋىلىرى سۆزلۈكى

تۈزگۈچى: غۇلام غوپۇرى
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
1986 ـ يىل 1 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
1986 ـ يىل 1 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 1.50 يۈەن